

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# گۈلنىڭ ئېچىلمىقى قىيىن

بىرىنچى قىسىم

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# گۈلنىڭ ئېچىلمىقى قىيىن

( رومان )

## بىرىنچى قىسىم

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىت

# گۈلنىڭ ئېچىلمىقى قىيىن

(رومان)

(1 ـ قىسىم)

ئاپتورى: **ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.875
2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5371 - 9857 - 8
سانى: 3000 - 1
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ئارزۇ ۋە ئاشىق ........ 1
ئىككىنچى باب لېيىغان سۇ ........ 52
ئۈچىنچى باب كۆيۈك ئوتى ........ 69
تۆتىنچى باب يۈرەك ساداسى ........ 96
بەشىنچى باب كۆڭۈل سىرى ........ 149
ئالتىنچى باب ئىمتىھان ۋە سۆيگۈ ........ 180
يەتتىنچى باب سۆيگۈ ھىيلىسى ........ 237
سەككىزىنچى باب ئەجەللىك ۋىسال ........ 282
توققۇزىنچى باب بېغىنى تاپالمىغان گۈل ........ 319
ئونىنچى باب قىرووۋ باسقان غۇنچە ........ 345

# بىرىنچى باب

## ئارزۇ ۋە ئاشىق

ئەسلىي ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ سەنئەت كەسپىدە ئوقۇپ، كەلگۈسىدە رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدىكى ھەشەمەتلىك سەھنىدە كۆزگە «ۋاللىدە» چېلىقىدىغان رەڭدار كېپىنەكتەك، تىنىمسىز پىرقىراپ يۈرىدىغان بال ھەرىسىدەك ئۇسسۇل ئويناشنى، مىكروفوننى چىرايلىق بارماقلىرى ئارىسىغا ئەپچىللىك بىلەن قىسىپ بۇلبۇلدەك مۇڭلۇق، كاككۇكتەك چاڭ كەلتۈرۈپ، قارا قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ ناخشا ئېيتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانچە بارغانچە چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ قىزنىڭ ئۇ گۈزەل ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي ئۇنى داغدا قويدى. ئۇنىڭ دەرس ئاساسى ئەسلىي ئاجىزمۇ ياكى ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەب بولدىمۇ، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە قايتا ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى.

رەھىمسىز يۈرەك كېسەللىكى ئاتىسىدىن ئايرىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسىبەت قايغۇسى — ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ قەدىردان، بالىنىڭ يۈرىكىگە يۆلەكداش بولغان

ئىنساندىن ئايرىلىش ئازابى ئۇنى چىرايىدىن ئايرىمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ چىرايى بارغانچە ئېچىلىشقا، بارغانچە سۇزۇلۇشقا ۋە شۇ قەدەر ۋايىغا يېتىشكە باشلىدى.

لېكىن، ئۇ ھەر قېتىم ئاتىسىنىڭ رەسىمىگە قارىغىنىدا، بۇرۇن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئانچە ئەھمىيەتلىك بىلىنمىگەن ئەسلىمىلەر بىردىنلا قىممەتلىشىپ، ئۇنتۇلغۇسىز بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىق سېزىمىلىرىگە، ئاتىسىغا بولغان سېغىنىشقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلايتتى. ناھايىتى يىراقتا قالغان ئەسلىمىلەر خىرەلىكتىن بارغانچە روشەنلىشىپ ئۇنىڭ ياشلانغان كۆزىدە، ئازراقلا غېرىبسىنسا پۇچىلىنىدىغان يۈرىكىدە ئايان بولۇشقا باشلايتتى. ھەربىر پەرزەنت ئۈچۈن شۇنداق، شۇنداقلا ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈنمۇ شۇنداق. نەپسى توختىدىمۇ بولدى، ئۇ سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىن يىراقلا يوقايدۇ. قالىدىغىنى ئادەمنىڭ نازۇك سەزگۈلىرىدە قېتىپ قالغان سىمايى، رەسمى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، قەبرە... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ھەسرەتكە، يىغىغا باشلايدۇ. تۇنۇگۇنلا ئاتىلىق مېھرىگە تويۇنغان ئاۋاز ئەمدى يوق، تۇنۇگۇنلا ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇق ئەمدى بوش، تاماق ئۈستىدە بىر جۈپ چوكا، بىر چىنە كەم. پەقەت كۆپىيىدىغىنى شۇنداق باسقان مۇڭلۇق قەبرە — ئىنساننىڭ ئاداققى بارارگاھى، يەنى ئادەمنىڭ نۇرغۇن — نۇرغۇن ئارزۇلىرىنى، قېنىشمىغان مېھىر — مۇھەببىتىنى، بېغىشلانغان — بېغىشلانمىغان

قەلبلەرنى يۇتۇپ كەتكۈچى قەبرە. ئايرىلغۇچى ئۈچۈن قەبرىدىنمۇ ئارتۇق رەقىب، قورقۇنچلۇق نەرسە يوق.

ئۇ بەزىدە ئاستىرتىن ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ تولىمۇ ۋەھىمە ۋە قايغۇ بىلەن يۇمشاق توپىغا قول ئۇزاتقىنىدا ئۇزاقىچە شۈك بولۇپ كېتەتتى، ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈستىدە ئويلىناتتى، تەقدىرى خۇسۇسىدا باش قاتۇراتتى: «ئاتام بولغان بولسا كۈنۈم باشقىچە ئۆتكەن بولاتتى. ئارزۇلىرىممۇ ئەمەلگە ئاشاتتى... ئاتامدىن ئايرىلىپ ھەممە نەرسەمدىن قۇرۇق قالدىممۇ؟ ئاھ، ئاتا، ئەمەلىيەتتە سەن مېنىڭ ھەممە ئىشتىكى يۆلەنچۈكۈم ئىكەنسەن. سەن بولمىساڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىلا ئەمەس، مېنىڭ بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلىشىممۇ تەسكە چۈشىدىكەن. ئاتا، كىشىلەرنىڭ تەقدىر دېگىنى مۇشۇمۇ؟ ئەمدى مېنىڭ تەقدىرىم قانداق بولار؟...» بىراق، ئۇ بۇ ئويلىرىنىڭ ئايىغىنى چىقىرالمايتتى. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ياكى ياشىشى باشقىلار ئۈچۈن بىر تەقدىر بولىدىغىنى بىر قارىساڭ سىرلىق، بىر قارىساڭ ئاددىيلا بىر ئىش. ئەمما، ھېچكىم ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن خەۋەردار ئەمەس. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدىن بىر قورقۇنچنى سېزەتتى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ مۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن ئانا چىدىمايتتى. ئۇنىڭمۇ مۇسىبىتى، يىغىسى ئۆزگىچە. لېكىن، ئانا ئىككى قىزىنىڭ سولغۇن تۇرقىنى كۆرگىنىدە ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭمۇ

تۇرمۇشىدا مەرھۇم يولدىشى ۋە مۇشۇ ئىككى تاللا قىزىدىن باشقا نېمىسى بار؟ «يولدىشىمدىن ئايرىلدىم، خۇدا، مۇشۇ قىزلىرىمنىڭ بەختىنى، خۇشال كۈلكىسىنى كۆرۈشنى نېسىپ قىلغايسەن» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ئانا. لېكىن، ئۇمۇ كېچىلىرى ئۆزىنى باسالمايتتى. يولدىشى بېشىنى قويغان ياستۇقنىڭ گۈللىرىگە يۈزىنى يېقىپ ھىجران ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئۈنسىز يىغلاپ چىقاتتى. كۈندۈزى بولسا شۇ ئىككى قىزى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. دېمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى قانداق بولار؟ بىر ئائىلىدە ئەرنىڭ — ئاتىنىڭ رولى ئاجايىپ چوڭ بولىدىكەن. قولۇڭ ھەرقانچە قىسقا بولسىمۇ، ئەر — ئاتا بولىدىكەن، تۇرمۇشتىن ئانچە غېمىڭ يوق، كۆڭلۈڭ خاتىرجەم يۈرىدىكەنسەن. ئەكسىچە قولۇڭدا ھەرقانچە كۆپ بايلىق بولغان بىلەنمۇ ئەردىن — ئاتىدىن ئايرىلدىڭمۇ خۇددى ھەممە نەرسەڭ قولدىن كەتكەندەك، ياشاش يولۇڭ ئېتىلگەندەك تۇيغۇدا قالىدىكەنسەن، ئۈمىدسىزلىك تورىغا ئىلىنىدىكەنسەن. بۇرۇن ئېرى بار چاغدا پۇل - پۇچەكتىن، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن ئانچە غەم يەپ كەتمەيدىغان خەلچەم ئەمدى تۇرمۇش ئالدىدا بىردىنلا تەمتىرەپ قالدى. تۇرمۇش يولى ئۈزۈلگەندەك، ئەتىلا قاق سەنەم بولۇپ كوچىغا چىقىپ قالىدىغاندەك، قىزلىرىنىڭ ئوقۇشى ئەمدى مۇمكىن بولمايدىغاندەك قورقۇنچقا پاتتى، ھەتتا شۇ قورقۇنچتا شەھەرلىك باغ - ئورمان باشقارمىسىدىكى مۇقىم

خىزمىتىنى، شۇ خىزمەتتىن ئايدا قولىغا كېلىدىغان مائاشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالاتتى. بۇنداق چاغدا خەلچەم ئۆزىنى تۇتالماي:

— قىزىم گۈلپەرى، ئېچىلىپقىنە يۇرسىڭىزچۇ، — دەيتتى تىترەك ئاۋازى، نەملىك كۆزى بىلەن. لېكىن، بۇ قېتىم خەلچەم ئۇ گەپ بىلەن قىزىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى بەزلىدى. گۈلپەرى بولسا شۇ ھامان ئانىسىغا ئېسىلدى:

— ئاپا، نېمىشقا باشقىلار ئايرىلماي، دادىمىزدىن بىز ئايرىلىمىز؟

ئانا چۈشەندۈرەلەمدۇ؟ ئۇ قىزىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ باغرىغا چىڭ باستى:

— خۇشال يۈرۈشكە تىرىشىڭ، قىزىم. ئۈزۈلۈپ قالىسىز، جاھان مۇشۇنداق ئىكەن، قىزىم، بەندىنىڭ ئامالى يوق.

گۈلپەرى تېخىمۇ بۇقۇلدىدى:

— ئاپا ...

بىر ئازدىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان گۈلنۇر تولا تەكرارلايدىغان سوئالى بىلەن ئۇلارنىڭ يىغىسىغا قوشۇلدى:

— ئاپا، بىز نېمىشقا شۇنچە بالدۇر ئاتىسىز بولۇپ قالغاندىمىز؟

ئانىنىڭ زورمۇزور كۈلۈمسىرىگەن لەۋلىرى ئۈستىگە ياشلىرى سىرغىپ چۈشتى. ئانا گۈلنۇرنى يېنىغا تارتتى.

— ئاپا، ئاتامنى راستىنلا ئەزرائىل ئېلىپ كەتتىمۇ؟ — گۈلنۇر ئانىسىنىڭ كۆز يېشىغا، ئاچىسىنىڭ ئۆكسۈشىگە چىدىماي سورىدى.

— ھەئە... قىزىم ...

گۈلنۇر دومسىيىپ:

— ئەزرائىل دېگەن تازا ئەسكى نەرسىكەن، — دېدى. ئانا مۇجمەل بولسىمۇ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى:

— ياق، قىزىم، ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ...

— ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇمۇ ئەمىسە؟

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز، قىزىم؟

— جاھاندا شۇنچە كۆپ ئەسكى ئادەملەر تۇرسا ئەڭ ياخشى ئاتامنى نېمىشقا ئېلىپ كېتىدۇ ئەمىسە...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانىمۇ، گۈلنۇرمۇ ئۆزىنى باسالماي، يىغلاپ كېتىشتى. گۈلپەرىمۇ ئۇلارغا قاراپ بېقىپ يىغلاپ كەتتى.

ناشتا كۆڭۈلسىز قىلىندى.

— قىزىم، — دېدى ئانا گۈلپەرىنى مەكتەپكە مېڭىشقا ئالدىرىتىپ، — ياخشى ئوقۇڭ، چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇپ، دادىڭىزنىڭ روھىنى خۇش قىلىڭ.

گۈلپەرى بېشىنى ئۇنسىز لىڭشىتىپ مەكتەپكە ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قۇچاقلىدى:

— مۇنداق غەمكىن يۈرۈۋەرمەڭ. ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن خۇشال يۈرۈڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلۈڭ...

ئانا ئۆز گېپىگە ئەگىشىپ گۈلپەرىنىڭ كۆزىدە ياش پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى توختىتىۋالدى. گۈلپەرى ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى. ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ كۆزىنى سۈرتتى. «بەختىڭىز ئېچىلسۇن، قىزىم. كۆز تەگمىسۇن...»

※ ※ ※

شەھەر كوچىسى ئەتىگەنلىك ئالدىراشلىققا تولغان ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇياق - بۇياققا خىزمەتكە ئالدىرىشىدۇ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە، ئوقەتچىلەر ئەتىگەنلىك بازارغا... ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشىنى ئوڭۇشلۇق باشلىۋېلىشقا تىپىرلىشىدۇ. گۈلپەرىنىڭ تولغان ھۆسنىگە سايە تاشلىغان غەمكىنلىك ئۇنىڭغا يەنە بىر تۈرلۈك جۇلا بېغىشلىغان. ئۇ شۇنچە ئالدىرىشىۋاتقان كىشىلەرگە ئاستىرتىن قاراپ ئويلىناتتى: «ئۇلارنىڭ ھېچبىر دەردى يوقمىدۇ؟ ئۇلار ھېچبىر يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغاندىمۇ؟»... تۇرۇپ ئۇ ئاچچىقلىنىپمۇ قوياتتى: «شۇنچە چوڭ شەھەردە مەنلا بويۇن قىسىپ، ئاتىسى يوق قىز بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ نېمىشقا مۇشۇ كوچىدا تولا ئۇچرىشىپ ئۆتىدىغان كىشىلەر ماڭا ھېسداشلىق بىلەن قاراپ قويمايدۇ؟ يالغاندىن بولسىمۇ تەسەللى بەرمەيدۇ؟ خۇددى مۇشۇ كوچىدا، بىر كىشىلىك ئورۇندا مەن يوقتەك...»

ياق، ئۇنىڭغا قارايدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. بىر

قىسىم ياشلار ئۇنىڭ كۆزىگە، ياشلىق گۈزەللىكى جەۋلان قىلىپ تۇرغان بەستىگە تەلپۈنۈش نەزەرلىرى بىلەن قاراپ كېتەتتى. كەپسىزلىرى بولسا يۆتىلىشەتتى، ئىسقىرتىشاتتى. ئادەم كۆپ يەرگە كەلگەندە سۈركىلىپ ئۆتۈشكە تىرىشاتتى.

ئۇ بۇنى سېزەتتى، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى بولسا تېخىمۇ سېزەتتى. ئۆز گۈزەللىكىگە ئىشىنەتتى، ئەينەككە قاراپ ئۆزىگە مەپتۇن بولاتتى. گۈزەللەرگە خاس مەردانىلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن ئەتراپقا كەڭ - كۇشادە نەزەر سالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ گۈزەللىكى دادىسىنى قايتۇرۇپ كېلەلىگىنى يوق! شۇندا ئۇ ئۆز گۈزەللىكىنىڭ بەزىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى. ئەمما، كوچىدىكى شۇنچە كۆپ يات نەزەرلەر بۇنى چۈشىنىشكە قادىر بولۇپ باققاندىمۇ؟

ئۇ بۇنىڭدىن بەزىدە خورلۇق ھېس قىلاتتى. شۇنداقلاردىن بىرەرسىنى توختىتىپ: «ئاتامدىن ئايرىلىپ قالدىم. شۇنچە گەپلەشكىڭىز بولغاندىكىن، بىرەر سائەت ماڭا تەسەللى بولىدىغان، غەشلىك كۆڭلۈمنى ئىزدەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ بېقىڭ» دېگۈسى كېلەتتى. بۇنىڭدىن كۈلگۈسىمۇ كېلەتتى. چۈنكى ئېنىقكى، ئاشۇ غەيرىي نەزەرنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قايسىبىر ياشلىق جىلۋىگەرلىكىدىن بىر سېكۇنت بولسىمۇ ھوزۇر ھېس قىلىۋېلىشتىن باشقا غەرىزى يوق.

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن مەكتەپكە كەلدى. گۈلپەرى

خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ دەرۋازىدىن كىرگۈچە
بىراۋنى ئۇسۇۋالدى. ئۇ بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ
تەمتىرەپ:
— كەچۈرۈڭ، — دېدى.
— بىرنى كۆلۈپ بەرسىڭىز كەچۈرىمەن.
گۈلپەرى ئۇنىڭغا قاراپ قاپىقىنى تۈردى. ئۇ پارالىېل
سىنىپتىكى دوستى ئامىنە ئىدى. ئۇمۇ تەكرار ئوقۇپ
ئالىي مەكتەپكە قايتا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق
قىلىۋاتاتتى. ئامىنە دوستىنىڭ تۇرقىغا قاراپ بېقىپ
ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەندى ۋە گەپنى بۇراشقا
تىرىشتى:
— ئۆگىنىشىڭىز قانداقراق؟ مەنغۇ بارغانچە ھېچنېمە
بىلەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن.
— ئۆزىڭىز بىلىسىز، كۆڭلۇم پەرىشان، دەرسكە
زېھنىمنى قويغۇدەك ھالىم يوق.
ئامىنە گەپىنىڭ يەنە دوستىنى ئازابلايدىغان تەرەپتىن
چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ گەپنى بۇرىدى:
— ئىمتىھان بېسىمى سەۋەبىدىن تىتىلداپ
كېتىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا بىرەر ئاخشام
ناخشىڭىزنى پىغاندىن چىققۇچە ئاڭلاپ كۆڭلىمىزنى
خۇش قىلمايمىزمۇ؟
— دىلىم سۇنۇق تۇرسا ناخشىغا قانداقمۇ تىلىم
بارسۇن؟ — دېدى گۈلپەرى تېخىمۇ پەرىشان بولۇپ. بۇنى
ئاڭلىغان ئامىنە: «گۈلپەرى بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىرگە بولۇپ

تەسەللى بەرسەم بولغۇدەك. سىناق ئىمتىھان يېقىنلاپ قالدى. ئۇ بۇنداق ھالدا ئىمتىھان بەرسە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپ گەپنى كەستى:

— دەرسكە كىرەيلى، گۇلپەرى، — ئامىنە بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ قويۇپ توختىدى، — سىزگە ئالدىرىماي دەي دېگەن، بىراق ھازىر دەۋېتىشكە ئالدىراپ قالدىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي، زېھنىڭىزنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلىڭ. شۇنىڭدا ئاتىڭىزنىڭ روھى خۇش بولىدۇ.

ئۇلار خوشلاشتى. «يىغلاپ ئولتۇرغاندىن تىرىشىپ ئۆگىنىشنى ئويلىدىم. قانداق قىلىمەن، خىيالىم ماڭا بوي بەرمەيۋاتسا... — يەنە ئويغا پاتتى گۇلپەرى، — ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىمنى ئاتامدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئارتىپ قويسام بولمىغۇدەك. مانا، ئامىنەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بار، ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشى. ئۇمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىغۇ؟ گەپ ئۆزىمىزدىكەن، لېكىن ئاتامدىن ئايرىلغىلى خېلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ جۇدالىق ھەسرىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتسام، يۈرىكىم ئارامسىزلىقتىن نېرى بولمايۋاتسا... قانداقمۇ قىلىمەنكىن... تىرىشاي دېسەم ئاتام خىيالىمدىن چىقمايۋاتسا...»

ئۇ ئەمدى سىنىپ بىناسى تەرەپكە ماڭغانىدى، بىرەيلەن ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— گۇلپەرى...

ئۇ توختاپ مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكىدىكى ساۋاقدىشىنى كۆردى.

— گۇلپەرى، بۇگۈن كۇرۇژۇك ئەزالىرى دەرسكە قاتناشمايدىكەنمىز، يىغىن ئاچىدىكەن.

گۇلپەرى چۈشەندى. ئۇنىڭ ناخشىغا ئالامەت ئىشتىياقى بار ئىدى، ئىشتىياقىغا تۇشلۇق تالانتىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەزبىدار ھۆسنى، سۇزۇك ئاۋازى بىلەنمۇ خېلى تونۇلۇپ قالغانىدى. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى زىياپەتلىرىدە دوستلىرى ئۇنى ھارغۇچە ناخشا ئېيتقۇزاتتى. ئۇ بارلىق ياشلىق ھېسلىرىنى دىلىغا ۋە تىلىغا مۇجەسسەملەپ سۆيگۈ ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. بۇنداق چاغلاردا قىزلارنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىدا ھەسەت ئارىلاش ئۇھسىنىش پەيدا بولسا، ئوغۇللاردا قىزغىنىش ئارىلاش يېقىنچىلىق پەيدا بولاتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ دوستلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، ناتونۇشلار بار سورۇنلاردىمۇ گۈزەللىكى ۋە ناخشىسى بىلەن تەبىئىيلا ئەتىۋارلىق بولۇپ قالاتتى. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت كۆرەكلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت يىغىنلىرىغىمۇ ئۇ كۇرۇژۇكنىڭ دائىمىي ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتنىشاتتى.

ئۇ يىغىن زالىغا كىرگەندە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يىغىلىپ بولغانىدى. گۇلپەرى ئارقا رەتكە كېلىپ مەيۇسانە ئولتۇردى.

كۇرۇژۇكقا مەسئۇل سەنئەت يېتەكچىسى ئايگۈل

مۇئەللىم بۇگۇنكى يىغىن مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— ساۋاقداشلار، ئالدىمىزدا ۋىلايىتىمىز بويىچە ئۇچىنچى قېتىملىق ياشلار ناخشا مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ، قاتنىشىدىغان ئادەممۇ ناھايىتى كۆپ. يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇش سۈپىتى سەۋەبىدىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بۇ ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. دېمەككى، بۇ مۇسابىقە ھەركىم قابىلىيىتىنى جارى ھەم نامايان قىلىدىغان، تېگىشلىك شان - شەرەپكە ئېرىشتۈرىدىغان بەيگە مەيدانى. لېكىن، مۇسابىقىنىڭ سان چەكلىمىسى بار ئىكەن، شۇڭا مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن كۆپ ئويلىشىپ مەكتىپىمىزگە بېرىلگەن ئىككى ساندىن بىرىنى گۈلپەرىگە بەرسەك، دەپ قارار قىلدۇق...

سەنئەت يېتەكچىسى گۈلپەرى بىلەن يەنە بىرەيلەنگە بۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى بىر پۇرسەت ئىكەنلىكىنى، ئەگەر نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولسا سەنئەت مەكتەپلىرىگە تاللىنىشقا ئاساس بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گۈلپەرى بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدى. ئۇنىڭ ئۆزاقتىن بۇيانقى ئاساسلىق ئارزۇسىمۇ سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇش ئىدى. گەرچە بۇ يىراقتىكى ئىش، ئارزۇدىكى نىشان بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇ قاتتىق تىرىشىش نىيىتىگە كەلدى. ئوقۇتقۇچى دەسلەپتە بۇ قارارنى يەتكۈزگەندە، گۈلپەرى: «مۇشۇ قايغۇلۇق روھىي ھالىتىم بىلەن چوڭ سەھنىلەردە قانداقمۇ لايىقىدا ناخشا

ئورۇنلىيالايمەن؟ ئاتامنىڭ ۋاپاتىدىن بۇيان ئادەتتىكى سورۇنلاردىمۇ ناخشا ئېيتىشقا تۇزۇك رايىم بارمايدىغان بولۇپ قالغان تۇرسا... بولدىلا، سەل تۇرۇپ مۇئەللىمگە ئەھۋالنى دەپ ئورنۇمغا باشقا بىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتەي...» دەپ ئويلىغان ئىدى. مانا ئەمدى مۇئەللىمنىڭ بايىقى گۈزەل كەلگۈسىنى پۈرىتىپ ئۆتكەن ئىلھامبەخش سۆزىدىن كېيىن قەتئىيەتكە كەلدى.

مۇئەللىممۇ خۇددى ئۇنىڭ شۇ خىيالىنى بىلىۋالغاندەك گۈلپەرىدىن:

— قانداق، گۈلپەرى، ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن، مۇئەللىم، — دېدى گۈلپەرى ھاياجانلىنىپ.

— قايسى ناخشىنى تەييارلايسىز؟ — سورىدى سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى.

— قايسى ناخشىنى... — گۈلپەرىمۇ دەماللىققا قايسى ناخشىنى ئېيتىشنى بىلمەي قالدى، — مۇنداق قىلساق، مۇئەللىم، مەن بىرنەچچە ناخشا ئېيتاي، سىز تاللاپ بەرسىڭىز.

— بولىدۇ، بۇمۇ ياخشى بولدى، — دېدى سەنئەت يېتەكچىسى، ئاندىن بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ ئېيتتى، — ئۇنداق بولسا سىز قورۇنماڭ، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان، ياخشى ئېيتالايدىغانلىكى ناخشىلارنى ئېيتىۋېرىڭ... ھە... مۇھەببەت ناخشىلىرى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ...

گۈلپەرى نۇرغۇن سۆيگۈ ناخشىلىرىنى ئېيتقان بولسىمۇ سەل قورۇندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسى قازا قىلغاندىن بۇيان ئاشكارا سورۇنلاردا تۇزۇك ناخشا ئېيتىپ باقمىغاچقا سەل بىئەپ ھېس قىلدى.

— ھە، قېنى باشلا،— مۇئەللىم ئاككوردىيوننى قولىغا ئالدى.

— ئاتا مېھرى،— بۇ گەپ گۈلپەرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ ئۆزى ئىختىيارسىز باشقىچە بولۇپ قالدى.

مۇئەللىم ئاككوردىيوننى قولىغا ئالدى. ئاككوردىيوندىن مۇڭلۇق ئاۋاز ياڭراپ، گۈلپەرىنىڭ ناخشا سېزىملىرىنى تەۋرىتىشكە باشلىدى.

قىزىلگۈللەر ئېچىلغاندا،
مەن بىر غۇنچە ئىدىم.
لېكىن ئېچىلىش ئالدىدا،
سىزدىن ئايرىلدىم.

دادا، ئەگەر بولسىڭىز ...

گۈلپەرى ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن يىغلاپ تاشلىدى ۋە سىرتقا يۈگۈردى. مۇئەللىم ئارقىسىدىن ھېسداشلىق بىلەن قاراپ قالدى: «بىچارە قىز... ھەي!... كىمگە ئاتىسىدىن ئايرىلىش ئېغىر كەلمەيدۇ. ئاتىنى، ئاتىلىق مېھرىنى ئۇنتۇش ئاسانمۇ؟...»

گۈلپەرى ئادەمسىز كارىدوردىن ئىتتىك قەدەملەر

بىلەن چىقتى. سىنىپلاردىن دەرس ئوقۇۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلپەرى بۇ ئاۋازلاردىنمۇ قېچىپ مەكتەپنىڭ كەينىدىكى دەرەخلىككە كەلدى.

جىمجىت دەرەخلىكتە بىردىنلا ئۇنى غېرىبلىق باستى. بايىقى ناخشا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. راست، ئۇ ئەمدىلا ۋايىغا يېتىشكە پەرۋىشكار باغۋەنىدىن ئايرىلدى. ھەي، مۇسىبەت ھەسرىتى قاچانغىچە ئۇنىڭ دىلىنى ئېزىدىكىنتاڭ؟

ئۇ يۈزىنى تىزىغا قويغىنىچە پۇكۇلۇپ ئولتۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكتى، دادىسىنى ئەسلىدى، بالىلىق ھاياتىدىكى غەمسىز، خۇشال چاغلىرىنى ئويلاپ چىقتى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يادىغا شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى كەلدى (ئەدەبىيات مۇئەللىمى بۇ رۇبائىينى سىنىپتا تولا ئوقۇغاچقا كۆپىنچە ساۋاقداشلارغا تونۇشلۇق ئىدى):

غايىبتىن بىر قۇدرەت گەر پۈتۈلسە ماڭا،
ئالەمنى ئالما قىلىپ تۇتقۇزسام ساڭا.
تاڭ پەيتى بىر مەررە ئېمىزگىنىڭنىڭ،
بەدىلى تۆلىنىپ تۈگەرمۇ ئانا.

ئاتىچۇ؟ ئۇمۇ ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ ھەربىر ئەجرى ئۇچۇن پەرزەنت قانچىلا بەدەل تۆلىسە ئەرزىيدۇ! ئۇ خېلى ئويلاپمۇ ئاتا ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارنى يادىغا كەلتۈرەلمىدى. «ئاتىمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغقۇ؟ نېمىشقا ئانا

ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر شۇنچە كۆپ؟ ئانا ھەققىدىكى ناخشىلارمۇ كۆپ. لېكىن...» ئۇ شۇ كەيپىياتى بىلەن خېلى ئويلاپمۇ ئاتا ھەققىدە ئېيتىلغان ناخشىلاردىن بىرنەچچىنىلا يادىغا ئالالىدى.

ئۇنىڭ بارغانچە تىزگىنسىز قېلىۋاتقان ئويلىرىنى يېنىدا پەيدا بولغان شەپە ئۈزۈپ قويدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى يۇمىران ئوت ـ چۆپلەرنى ئېزىپ پارقىراپ تۇرغان ئېسىل خۇرۇم ئاياغ بولدى.

گۈلپەرى بېشىنى ئېتتىك كۆتۈرۈپ ئۆزىگە يېقىملىق تىكىلىپ تۇرغان بىرەيلەننى كۆردى. كېلىشكەن، ئەمما تېگىدىن مەغرۇرلۇق ئىپادىلىنىپ تۇرغان بۇ چىراي ئۇنىڭغا ھەرھالدا تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ ئالىم بولۇپ، گۈلپەرىلەر بىلەن پاراللېل سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى. گۈلپەرىنىڭ ئويىچە ئۇلار پەقەت شۇنچىلىكلا تونۇشلۇق ئىدى.

— يالغۇزلا مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — سورىدى ئالىم جايىدىن سەل قىمىرلاپ. يا ئولتۇرۇۋېرىشنى، يا تۇرۇپ كېتىشنى بىلمىگەن گۈلپەرى جاۋاب ئورنىغا بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئالىم بولسا بىر قەدەم چامداپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كېسىۋېتىلگەن ئۆرۈك كۆتىكىدە ئولتۇردى.

— مەن يېقىندىلا ئۇقتۇم، — دېدى ئۇ سىپايىلىك بىلەن، — ئاتىڭىز تۇگەپ كېتىپتۇ. ھەي، ئادەم دېگەننى يېقىن كىشىلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىمىسا...

بۇ گەپ بىلەن گۈلپەرىنىڭ قەلبىگە سۇسقىنە بىر تەسەللى يامرىدى. ئۇ ئالىمغا قىيا قاراپ قويدى.

— ئايرىلىش ئادەمگە ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ، — دېدى ئالىم سۆزىنى داۋام قىلىپ، — لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئايرىلماي ئامالى يوق. مۇنداق دېگەن بىلەنغۇ ئايرىلىش دەردىنى پەقەت بېشىغا كەلگەنلەرلا بىلىدۇ.

گۈلپەرى بۇ گەپتىن خېلىلا جانلىنىپ قالدى ۋە ئالىمغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىمۇ خېلى نۇرلانغاندەك بولدى. بۇ ۋاقىتتا گۈلپەرىنىڭ شۇ تۇرقىغا ئالىم زوقلىنىپ قاراپ قويدى.

— كۆپ قىسىم كىشىلەر تەسەللىلا بېرىدۇ، ئۇلار بۇنىڭ تەمىنى تېتىمىغان - دە، — دېدى گۈلپەرى. بۇ چاغدا ئۇ خېلىلا بېسىلىپ قالغانىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئالىم، — بەزىدە ئادەمگە تەسەللىمۇ كېرەك، شۇنداقلا بەزىدە كىشىگە تەسەللى بەرگۈدەك ئادەممۇ چىقماي قالىدۇ.

راستىقۇ، گۈلپەرىنىڭ تەسەللىگە شۇنچە ئىنتىزار بولغان چاغلىرىمۇ بولغانىغۇ ...

— لېكىن، ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسىمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئالىم كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — قارىسام بارغانچە خىيالچان بولۇپ كېتىۋاتىسىز، مۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ياخشى بولمايدۇ. خۇشال يۈرۈڭ، ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ. «كەتكەنلەرغۇ كېتىپ تۈگىدى، ئەمدى

تىرىكلەر ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك.» مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلىغىنىم، بۇنداق دېسەم خاتا چۈشەنمەڭ ...

ــ ياقەي،ــ دېدى گۈلپەرى بۇ خىل قىزغىنلىق ئالدىدا تەسىرلەنگەندەك بولۇپ،ــ مەنمۇ بەزىدە خىيالىمدىن نېرى قىلىشنى ئويلايمەن. لېكىن ... تۇرۇپلا يىغلىغۇم كېلىدۇ، بولمىسا، ئاتامنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغىمۇ خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن...

ــ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي يۇرۇشكە تىرىشىڭ،ــ دېدى ئالىم گۈلپەرىگە سەمىمىي تىكىلىپ،ــ قىزلارنىڭغۇ كۆڭلى نازۇك كېلىدۇ، قايغۇغىمۇ، خۇشاللىققىمۇ ئاسان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلمىسە...

ئۇلار خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى. ئالىمنىڭ سۆزلىرى گۈلپەرىگە خېلى ئاراملىق بېغىشلىدى، كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىشتىن كۆڭلى كۆتۈرۈلدى.

ــ رەھمەت، خېلى ئېچىلىپ قالدىم،ــ دېدى گۈلپەرى يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ،ــ لېكىن، سىزگە دېسەم، بۇ ئىش ماڭا خېلى ئېغىر كەلدى. خىيالىمغا كىرمىسىغۇ مەيلى ئىكەن، ئەمما يادىمدىن كەچسىلا ئۆزۈمنى باسالماي قالىدىكەنمەن.

ــ قەيسەر بولۇڭ...

قارىغاندا، ئالىمنىڭ داۋاملىق پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. بۇ پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا گۈلپەرىنىڭمۇ بىر

يېرى خالاپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇنى بىر ئاز بىئەپ ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇردى:

— سىزگە رەھمەت، خاپا بولمىسىڭىز، مەن بالدۇرراق قايتماقچى ئىدىم.

ئۇلار دەرەخلىكتىن چىققاندا ئالىم توختىدى:

— خوش، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، خۇشاللىق تاپماق قىيىن.

ئۇلار خوشلاشتى.

گۇلپەرى يېنىك تىنىپ سىنىپ بىناسىغا قاراپ ماڭدى. ئالىم بىرنەچچە مىنۇت ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمىدى. ئالىمنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ سىلىقلىقى، كېلىشكەن بوي - تۇرقى، يارىشىملىق كىيىملىرى گۇلپەرىگە خېلى يېقىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتتى.

※ ※ ※

گۇلپەرى ئەتراپقا ئەركىنرەك نەزەر سېلىپ، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ مېڭىشنى ئويلىۋىدى، يەنە يات نەزەرلەرگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭدىن گۇلپەرىنىڭ يەنە ئاچچىقى كەلدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بىرنەرسىنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە شەھۋانىيلىق بىلەن تىكىلگەنلەرنىڭ بەزىلىرىگە نەشتەردەك قادىلىپ، بەزىلىرىگە قەستەنگە يېقىملىق كۈلۈپ قويۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. نەشتەردەك تىكىلىشكە ئۇچرىغانلار ھودۇققىنىدىن كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئەپقېچىپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە قارىغان بولۇۋالاتتى.

كۆلۆمسىرەشكە «نائىل» بولغانلار بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قېلىشتى. تېخى بەزىلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئىختىيارسىز نەچچە قەدەم مېڭىۋەتسە، يەنە بەزىلىرى بايىلا ئۇنى - بۇنى تۇتۇپ قويغىنىنى ئۇنتۇپ ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ بولۇشىچە ئىسقىرتىشاتتى. ئۇ شۇ ھالدا تۆت كوچىدىكى سودا مەركىزىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇ ئىشىدىن قاقاھلاپ كۆلۈپ كەتتى ھەم بۇنداق قىلىشىنىڭ خەتىرى بارلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تېنى شۈركۈندى.

— نېمە، بىردەمدىلا گۈلقەغەلىرىڭىز ئېچىلىپ كېتىپتىغۇ؟

گۈلپەرى كۆلكىسىنى «چىپپىدە» توختىتىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئامىنە ئۇنىڭ يېنىدا ھاسىراپ تۇراتتى.

— مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىۋىدىڭىزلا كەينىڭىزدىن ماڭغان... نېمانچە ئىتتىك ماڭىسىز؟ — دېدى ئامىنە تەرىنى سۈرتۈپ. گۈلپەرى بايىقى ئىشىنى ئويلاپ يەنە كۆلۈپ كەتتى.

— نېمە بولدى سىزگە؟ — دېدى ئامىنە، — شۇنچە ئاماللارنى قىلىپ كۆڭلىڭىزنى ئاچايلى دېسەك ئۇنىمايسىز. ئەمدى بولغاندا تۆت كوچىغا كېلىۋېلىپ ساراڭدەك كۆلگىنىڭىز نېمىسى؟

— مەن ساراڭ بولۇپ قالمىدىم. مېنى ساراڭ قىلىمەن دېگەنلەرنى ساراڭ قىلىۋاتىمەن.

ئامىنە ئۇنىڭغا چۈشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىدى.

— سىزمۇ بىلەرسىز. خەقنىڭ بىزەڭلىكىدىن كۆچىدىمۇ ئارامخۇدا ماڭغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدىغۇ. ھېلى كۆزۈڭگە قاراۋاتقان، ھېلى بىر يېرىڭگە قاراۋاتقان...

— قارىسا قارىمامدۇ، خەقنىڭ ئۆزىنىڭ كۆزى.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن...

— ۋاي، قارىغانغا خۇش بولۇڭە. خەق خالىسا يول بويىدىكى تېزەككىمۇ قارايدۇ. خالىمىسا ئاۋۇ گۈللۈكتىكى ئەتىرگۈلگىمۇ قارىمايدۇ.

بۇ گەپتىن ئىككىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

— شۇنىڭغا خاپا بولۇپ قۇيۇندەك كېتىۋاتىمەن دەڭ.

— ياق، بۇ قېتىم خاپا بولمىدىم.

— نېمە؟ — ئامىنە گۈلپەرىنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران قالدى.

— ئىچىم دەردكە توشۇپ تۇرغاندا... مانا ئەمىسە دەپ قارىغانلارغا قارىدىم، بەزىلىرىگە كۈلۈمسىرىدىم، بەزى بېزەڭلەرگە كۆزۈمنى قىسىپمۇ قويماقچى ئىدىم... شۇ قىلىقىمغا كۈلۈۋاتىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ ئامىنەنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا... ئۇ بىرنېمىلەر شالتاق قولىرىنى ئاغزىغا تىقىپ ئارقىڭىزدىن تازا ئىسقىرتقاندۇ؟

— ئىسقىرتتى، بەزىلىرى تېخى ئارقامدىن ماڭغىلى تاس قالدى.

ئامىنە بېشىنى چايقىدى:

— بۇنداق چاقچاق قىلماڭ جۇمۇ! لۈكچەكلەرنى

قىزىقتۇرۇپ قويسىڭىز ئويلىمىغانلا بىر ۋاقىتتا يۈزىڭىزنى پوق قىلىدۇ.
— شۇ، مەنمۇ كېيىن قورقتۇم.
— كۆز تەگمىسۇن، ئاداش.
— يۈرۈڭە، مەيدانغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرايلى. سىزگە دەيدىغان گەپ بار.
ئۇلار شۇ پاراڭ بىلەن مەدەنىيەت - ساياھەت مەيدانىغا قاراپ مېڭىشتى. ئاپرېل ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا شەھەرنىڭ ھاۋاسى بەك يېقىشلىق بولۇپ كېتىدۇ. ھارارىتى كۆچىيىۋاتقان قۇياش نۇرى ھاۋادىكى ئاداققى سوغۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئادەمنىڭ ئىسسىققا تەشنا بەدىنىگە راھەتبەخش ئاتا قىلىدۇ، بۇ چاغدىكى قۇياش نۇرى ئاستىدا ياتساڭ قۇياش ئىللىق نۇرى بىلەن بەدىنىڭنى سىلاپ ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. قۇياش نۇرىغا يۈزلىنىپ كۆزۈڭنى يۇمۇپ، يېرىم مۈگدەك ھالەتتە كىرسەڭ تاتلىق تۇيغۇلار ئىچىدە مەستخۇش بولىسەن...
ئاشۇنداق ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ئىزدىگەن، تەمىنى تېتىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى مەيداندا ئاستا قەدەملەر بىلەن ئايلىنىپ يۈرسە، بەزىلىرى قۇياش نۇرى ئانچە - مۇنچە ئىسسىتىپ قويغان تاش ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتقىنىچە قۇياش نۇرىدىن بەھرىلىنىۋاتاتتى.
گۈلپەرى بىلەن ئامىنەمۇ ئايلىنىپ كېلىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورنىتىلىپ، «مەردانە قىزلار» دەپ نام قويۇلغان ھەيكەلنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ھەيكەل تولىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە

ئوبرازلىق ياسالغان بولۇپ، لىق ئۇزۇم قاچىلانغان سېۋەتنى مۇرىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ ئۇيغۇر قىزنىڭ مەغرۇر قىياپىتى گەۋدىلەندۇرۇلگەنىدى.

— ۋاھ، نېمىدېگەن راھەت،— دېدى ئامىنە غۇلچىنى كەڭ كېرىپ،— بەك خۇشياقتىغۇ.

— چۈشتە كېلىڭە، قولىڭىزنى قوۋۇشتۇرۇپ مۈگدەپ ئولتۇرسىڭىز يېنىكلا بولۇپ قالىسىز.

— نېمە گەپ، ئاداش؟— سورىدى ئامىنە،— بۇ يەرگە مەخسۇس كېلىپ پاراڭلىشىدىغان؟!

— ئانچە مۇھىم گەپمۇ ئەمەس،— دېدى گۈلپەرى،— ئالدىمىزدىكى ياشلار بايرىمىدا ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى بار ئىكەن. مەن بىلەن يەنە بىر ئوقۇغۇچىنى تاللاپتۇ. دەسلەپتە خۇش بولغانىدىم، كېيىن ئويلاپ باقسام، بۇ كەيپىياتىم بىلەن ناخشا ئېيتسام تازا ياخشى بولمايدىغاندەك ھېس قىلىپ...

ئامىنە دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— قاتنىشىڭ، قاتنىشىڭ! مۇشۇ باھانە بىلەن بۇرۇنقى خۇشال ۋاقىتلىرىڭىزغا قايتىۋېلىڭ.

— ئۆزۈمگە تازا ئىشەنچىم يوق.

— سىزدە ئىشەنچ بار، پەقەت پەرىشانلىقىڭىز تۈپەيلىدىن شۇنداق بولۇۋاتقانسىز، شۇڭا ئۇ ھالدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىڭ.

— مەن بۈگۈن ناخشا ئېيتىپ سىناپ باققانىدىم، لېكىن ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي بوغۇلۇپ قالدىم. كۆڭلۈممۇ بۇزۇلدى.

— نېمە ناخشا ئېيتقانىدىڭىز؟
— «ئاتا مېھرى»...
ناخشىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ئامىنە بىر ئاز مۆڭلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن دەرھال جانلىق قىياپەتكە قايتتى:
— مېنىڭچە، ناخشىنى ئالماشتۇرۇڭ، ياخشى ئېيتالايدىغان ناخشىلىرىڭىز كۆپقۇ.
— ئۇغۇ شۇ...
— شۇنداق بولسۇن، ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ باشقا ناخشا تەييارلايلى، مەن سىزگە ياردەملىشەي.
— قانداق بولار؟
— شۇنداق بولسۇن، ئەتە كەچ ئۆيگە كەلسىڭىز ئۆيدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئاڭلاپ ناخشا تاللايلى.
— مەن ئويلىنىپ باقاي.
— ئويلىنىشقا رۇخسەت يوق، شۇنداق بولسۇن.
ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.
— مۇنداق چوڭ رەسمىي پائالىيەتلەرگە قاتناشسىڭىز سىزگە پايدىسى چوڭ، كېيىنچە ئارزۇيىڭىز بويىچە سەنئەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقىمۇ ياردىمى تېگىپ قالار، شۇڭا بۇ ئىشقا سەل قارىماڭ، پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ،— دېدى ئامىنە.
«ئامىنەمۇ مۇئەللىمگە ئوخشاش ئورۇنلۇق گەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۆزۈمنىڭمۇ قاتناشقۇم بار، شۇنداق بولغاندىكىن، يەنە باھانە كۆرسىتىپ تارتىنىشىپ تۇرغىنىم نېمىسى؟» دەپ ئويلىدى گۈلپەرى.

— ماڭا مەدەت بەرمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ، — دېدى گۈلپەرى.

— سىز ئارقىلىق ئۆزۈمگىمۇ مەدەت بېرىمەن، — دېدى ئامىنە.

— مەزمۇنىمۇ، ئاھاڭىمۇ ياخشى ناخشىلارنى ئويلانغاچ تۇرايلى.

— مانا ئەمدى بولدى، ئەتە كەچ ساقلايمەن جۇمۇڭ.

كوچا ئالدىغا كەلگەندە ئامىنە شوخلۇق بىلەن گۈلپەرىنى قۇچاقلاپ قويۇپ خوشلاشتى.

※ ※ ※

ئالىم دەرەخلىكتە گۈلپەرىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. بېشىنى سىلىپ پەرىشان ھالدا كېتىۋاتقان گۈلپەرى ئالىمغا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئالىم: «توۋا، بۇ قىزغا نېمىشقا بۇرۇن دىققەت قىلمىغان بولغىيتتىم؟ ھۆسنىگە تولغان بۇ قىزغا بۇ مەۋسۇمدە دىققەت قىلىپ قالغىنىمنى دەيمەن. بۇرۇن سىڭلىم رابىيە: ‹ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتىدىغان بىر دوستۇم بار› دېسە، ئېرەنشىمەي يۈرگىنىمنى دەيمەن. چىرايلىق قىز دېگەن كۆلكىسى بىلەنلا ئەمەس، يىغىسى بىلەنمۇ شۇنداق چىرايلىقكىنا! ھەي، كۆڭۈل خۇشى ئويۇنىنىڭ تەمەسى بىلەن نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپتىمەن. ئەمدى بولسىمۇ خام خىيال بىلەن يۈرمەي جۇمۇ! ئىككى تايىن بولۇپ يۈرۈپ

ئەتە ـ ئۆگۈن بولغاندا گۈلپەرى بىرەر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كەتسە لېۋىمنى چىشلەپ قالماي. ئۆزۈمنىڭ ھالىنى ئوبدان بىلىمەن. دەرسنىڭ كاللامغا چۈشكىنى يوق. ئاتامنىڭ زورى بىلەنلا ئوقۇۋاتىمەن. شۇڭا ۋاقتىدا بىر ئامال قىلىپ گۈلپەرى بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋالاي...» دەپ ئويلاپ ئۆزاقىچە تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن «ھەي...» دەپ ئەپسۇسلۇق بىلەن تىنىپ دەرەخلىكتىن چىقتى.

ئالىم چېنىقىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان مەيداننى تازىلاۋاتقان باللارنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاندىن ئۆزىنىڭ سىنىپ تازىلىق نۆۋەتچىسى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى. «مەن يالغۇزلا نۆۋەتچى بولمىغاندىكىن، تازىلىقنى باشقىلار قىلىپ تۇرمامدۇ كۆڭلۈم بىسەرەمجان ۋاقىتتا...» شۇلارنى ئويلىغان ئالىم سىنىپقا كىرىپ سومكىسىنى ئېلىشقىمۇ ئېرىنىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى.

مەكتەپتىن چىققان ئالىم ئۆيىگە بالدۇر قايتىشنى خالىماي ئۇدۇل «ياشلار باغچىسى»غا قاراپ ماڭدى.

باغچىدىكى دەرەخلەر ئوبدانلا كۆكىرىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ يەردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ ئوقىتى باشلىنىپ كەتكەنىدى. باغچىنىڭ ئىچىگە كىرىشى بىلەنلا كاۋاپ، سېرىقئاش، لەڭپۇڭ، سامسا، سوغۇق ئىچىملىك ساتىدىغانلارنىڭ VCD ئاپپاراتىدىن ياڭراۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلدى:

قاتلاما ـ يۇ، قاتلاما،
كەڭ ئېرىقتىن ئاتلاما.

كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىساڭ،
قايتاشىڭنى ئويلىما.

كۆڭلى ئارامىدا بولمىغان ئالىم بۇ يۇقىرى ئاۋازدىن بىزار بولۇپ، ئۇ يەردىن تېز كەتتى. ئاندىن ئويلىنىپ تۇرمايلا باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان راۋاقلىق كارىدور بىلەن مېڭىپ قويۇق دەرەخلىك ئارىسىغا ئورنىتىلغان، تۇتقۇچلىرى سۇنۇپ كەتكەن ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

ئۇ يەنە گۈلپەرىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك، چاقناق كۆزى، سۇزۇك يۈزى، غەيرىي رەڭ بىلەن ئۇچراشمىغان قارا چاچلىرى، قارىغان ھامان ئادەمنىڭ سۆيگۈسىنى كەلتۈرىدىغان جەلپكار لەۋلىرى بىر گەۋدىلىشىپ ھاسىل قىلغان گۈزەل رۇخسارى ئالىمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت يېقىۋەتكەندەك بولدى. بۇ ئوتنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئالىم قولىدىكى يېرىملاشقان تاماكىنى يەرگە نىقتاپ ئوتىنى ئۆچۈردى. بىر ئازدىن كېيىنلا يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ گۈلپەرىنىڭ لېۋىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كالپۇكىنى يالىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئالدىنقى يىلى يۈرگەن قىزنىڭ لېۋى كۆز ئالدىغا كېلىپ باشقىچە بولدى. ئۇ قىزنىڭ ئىككى لېۋى تۈپتۈزلا بولۇپ، لەۋسۇرۇخ سۇرسە تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتەتتى. ئۇ قىز خۇددى بۇنى بىلمىگەندەك لەۋسۇرۇخنى بولۇشىغا سۇرۇپ

يۇرەتتى. گەرچە ئۇ قىزنىڭ تەق ـ تۇرقى گۈلپەرىدىن قېلىشمىسىمۇ، ئاخىرىدا ئالىم ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ ئايرىلىپ كەتتى. ئالىمنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ بىر ئارزۇ ئارقىغا قايرىلمىغان لېۋى سەۋەب بولدىمۇ ياكى ئۇ قىزنىڭ پۇل خەجلەشكە ئامراقلىقى سەۋەب بولدىمۇ، ئالىم بۇنى بىلەلمىدى. «لەۋ دېگەن گۈلپەرىنىڭ لېۋىدەك بولامدۇ؟ ئىككى لەۋ بىر ئاز ئارقىغا قايرىلسا، لەۋنىڭ گۆشلىرى سەل توقراق بولسا، سىلىق بولسا، لەۋسۇرۇخنىڭ قىزىل رېڭى لەۋنىڭ گۆشىدە تىرىم ـ تىرىم يول پەيدا قىلماي تەكشى تۇرسا...» شۇلارنى ئويلىغان ئالىمنىڭ يۈرىكى پۇچۇلانغاندەك بولدى، ئاندىن گۈلپەرىنىڭ لېۋىگە سۆيگەن ھالىنى خىيال قىلىپ تېنى ياىراپ كەتتى. ئارقىدىنلا ھېلىقى قىزنى يادىغا ئېلىپ: «ئۇنىڭ شۇ كۆرۈمسىز لېۋىگە قانداقمۇ سۆيگەنىدىمەن؟» دەپ ئويلاپ بىئاراملىق ھېس قىلدى.

ئالىم يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى. تاماكا ئىسىنى ئاغزىدىن دۈگىلەك شەكىلدە چىقىرىپ پۈۋلەپ بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ ئارقا گىرۋىكىگە تىرەپ، دەرەخلەرنىڭ شاخ ئۇچلىرىغا قاراپ گۈلپەرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى: «گۈلپەرىدە گۈزەللىكمۇ، ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان مۇلايىملىقمۇ، تارتىنچاقلىقمۇ بار ئىكەن. قارىغاندا مال ـ دۇنيا بىلەن قىزىقتۇرغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ؟ زادى قانداق قىلسام ئۇنى ئۆزۈمگە مايىل قىلالايمەن؟ ئويۇن ـ

تاماشاغا ياكى راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلگەن قىز بولغان بولسىغۇ... ناخشا ئېيتىپ يۈرگىنى بىلەن ئارتۇقچە ئويۇنلارغا بېرىلمەيدىغان قىزكە ئەمەسمۇ؟ ھەي، مۇنداق ئاستا سۆرەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشسام، ئەتە ـ ئۆگۈنلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىممۇ سۇغا چىلىشىدۇ. ئەمىسە قانداق قىلاي؟»

— ماۋۇنىڭ قىلىپ ئولتۇرغىنىنى!

تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈگەن ئالىم قولىدىكى تاماكىنى تاشلىماقچى بولدى ـ يۇ، بەدىنىنى رۇسلاپ ئۆزىگە دومسىيىپ قاراۋاتقان سىڭلىسى رابىيە بىلەن يېنىدىكى چىرايىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان قىزنى كۆرۈپ يىگىتلىك غورۇرى تۇتتى ۋە تاماكىسىنى بەھۇزۇر چەككىنىچە سىڭلىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— ئاكا، تاماكا چەككىنىڭنى ئاتامغا دەيمەن جۇمۇ، — دېدى رابىيە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ. سىڭلىسىنىڭ يېنىدىكى قىزغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويغان ئالىم بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— ماڭ! ھازىرلا بېرىپ دېگىن، ئاتام شۇ تاپتا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئالدىراش يىغىن ئېچىۋاتقاندۇ؟ ھازىر بارساڭ تازا ۋاقتى.

ئارىدىكى جىددىيچىلىكنى كۆرگەن رابىيەنىڭ دوستى ئۇلار بىلەن خوشلاشتى:

— خوش، رابىيە، قايتىشقا ئالدىراۋاتقىنىمنى بىلىسەن. ئەتە كۆرۈشەيلى.

— خوش...

ئۇ قىز كېتىشى بىلەنلا ئالىم سىڭلىسىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى:

— نېمىشقا مېنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا باشقۇرۇپ يۈرسەن ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ...

— ئەمىسە، ئوقۇغۇچى تۇرۇپ تاماكا چەككىنىڭ يۈزۈڭنى كۆتۈرىدىغان ئىشمىكەن؟

— سەنچۇ؟ سەنمۇ ئوقۇغۇچى تۇرۇپ چېچىڭنى ئالىچىپار بويىۋالامسەن؟

— بۇ دېگەن گۈزەللىكمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشىمىز.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم مەسخىرىلىك كۈلدى:

— ماڭاۋە، ئۆزىچە گۈزەللىك دەپ كەتكىنىنى. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نى ئوبدان ئوقۇماپسەن - ھە؟ ئۇنىڭدىكى جىن - ئالۋاستىلارلا چېچىنى ئالىچىپار بوياپ يۈرىدۇ. سىلەرنىڭ جىن - ئالۋاستى بولغىنىڭلار گۈزەل بولۇپ كەتكىنىڭلارمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا سىلەردەك گۈزەللەرگە ئون قېتىم ھۆ!

— بولدى، ساڭا گەپ قىلمىدىم. ئادەمنى ئىزاغا قويغىلى ئارانلا تۇرغان. چەكسەڭ چەك ئۆمرۈڭنى قىسقارتىپ.

— تېخى مۇئەللىم بولىدىغان ئوقۇغۇچى تۇرۇپ مۇشۇنداق ياسىنىۋالساڭلار سىلەر ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ ھەرەڭ - سەرەڭ يۈرىدىغان بولۇپ قالامدۇ!

رابىيە بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ «ئالىي

مەكتەپتە ئوقۇيسەن» دەپ مەجبۇرلاشلىرىغا بوي ئەگمەي، ئۆز ئارزۇسى بويىچە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئىمتىهان بېرىپ كىرگەن بولۇپ، هازىر شۇ مەكتەپنىڭ سەنئەت كەسپىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغان بولغاچقا، مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە پىراكتىكا قىلىۋاتقانىدى.

شۇ سەۋەبتىن ئاكىسىنىڭ گېپى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا رابىيە ئاچچىقلىنىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— خوش ! مەن ئۆيگە كەتتىم!

— توختا، مەنمۇ قايتىمەن.

رابىيە هەيران بولۇپ كەينىگە قارىدى ۋە: «بۇنىڭ بۈگۈن ئەجەب مەن بىلەن بىللە ئۆيگە قايتقۇسى كېلىپ قاپتىغۇ؟» دەپ ئويلاپ ئالىمنى ساقلاپ تۇردى.

ئۇلار باغچىدىن چىقىپ باغچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كوچىغا بۇرۇلدى. ئۇلار كوچىغا كىرىپ ئانچە ماڭمايلا سودىسى ئاۋات كىچىك دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئالىم توختىدى ۋە:

— رابىيە، كولا ئىچەمسەن ياكى ئالما ئىچىملىكىمۇ؟ — دېدى.

ئاكىسىغا تېخىمۇ هەيران قالغان رابىيە ئېهتىيات بىلەن:

— شاكىلاتلىق ماروژنى يەي. ئىككى كويلىقنى جۇمۇ، — دېدى. ئالىم كىرىپ كېتىپ رابىيەگە

شاكىلاتلىق ماروژنى، ئۆزىگە بىر قۇتا سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ چىقتى. ئۇلار نەرسىلىرىنى تېتىغاچ ئوڭغا بۇرۇلۇپ قورۇلۇش بانكىسىنىڭ يېنىدىكى تار يول بىلەن ياشلار يولىغا چىقتى. باراڭدىكى ئۈزۈم تالللىرى تازا كۆكەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈزۈملەر ئەمدىلا ئۈزىنى كۆرسەتكەن بولغاچقا، تازا دىڭگەندەك كۆركەم كۆرۈنمەيتتى.

رابىيە ئۆزىنىڭ يېڭىدىن ياساتقان چاچ پاسونى ھەققىدە ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئالىم بولسا ئىچى تىتىلداپ بولماي، تەلەپپۇزىنى تولىمۇ ئادەتتىكىچە چىقىرىشقا تىرىشىپ رابىيەدىن سورىدى:

— رابىيە، سېنىڭ ھېلىقى ناخشىچى دوستۇڭنىڭ ئاتىسى توگەپ كېتىپتۇ ـ ھە؟

رابىيە يادىغا ئالالماي ھەيران بولۇپ سورىدى:

— قايسى دوستۇم؟

— ھېلىقى... بىر چاغدا ئۆزۈڭ ماختاپ بەرگەن ناخشىچى دوستۇڭچۇ!

رابىيە يەنە ئويلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئالىم جىلە بولدى.

— ماۋۇ دۆتنى! سەندىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇغان، بىر كۇرۇژۇكتا تورۇپ يىقىن ئۆتۈپ قالغان... ئۆزىنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان قانداق نېمە سەن؟!

— ھە... ھە...— رابىيە ئەمدى ئېسىگە ئالدى،— گۈلپەرىنى دەمسەن؟

— ھە، شۇ...

رابىيە قولىدىكى ماروژنىنى ھۇزۇرلىنىپ يەپ ئېرەنسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— شۇ، ئاتىسى تۇگەپ كەتتى، لېكىن ئۇزاق بولدىغۇ بۇ ئىشقا.

— شۇنداقمۇ؟

دىققىتىنى قولىدىكى ماروژنىغا مەركەزلەشتۇرۇپ كېتىۋاتقان رابىيە بىردىنلا قەدىمىنى توختاتتى.

— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— مۇنداقلا يادىمغا كېلىپ قېلىپ...

— توختا، مۇنداق گەپ بار دېگىنە بۇ يەردە، — رابىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — «بىللە قايتىمىز» دېسەڭ، تېخى «ماروژنى ئېلىپ بېرەي» دېسەڭ، «ماڭا كۆيۈنۈۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ساڭا ئامراقلىقىم تۇتۇپ كېتىپتۇ. «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگىنە. ئەمدى گۇلپەرىگە كۆزۈڭ چۈشۈۋاتامدۇ؟

— سوراپ باقسام بولمامدۇ؟ مۇنداقلا سوراپ قويغانغا شۇنچىۋالا ئويلىنىش كېتەمدۇ؟ — دېدى ئالىم بوش ئاۋازدا.

— ئاكا، ئەمدى ئارتۇق گەپ قىلماي... ھېلىمۇ بىرىنچى قېتىم ئەمەس، ئىككىنچى قېتىم تەكرار ئوقۇۋاتىسەن. مانا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىمۇ كېلىپ قالدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بولۇپ قالمىسۇن جۇمۇ يەنە. بىز سىرتتا مەيدىمىزنى

كېرىپ «ئاتام باشلىق» دەپ پو ئېتىپ يۈرگىنىمىز بىلەن، ئۇلار بېشىنى كۆتۈرەلمەي يۈرىدۇ...
— بولدى، بولدى، — دەپ ئالىم بىردىنلا ئۆكتى، — «ماڭا ياردەم قىلالامدىكىن» دېسەم، يەنە تەنبىھ بەرگىلى تۇردۇڭغۇ. راست گېپىڭنى قىل، ماڭا ياردەم قىلامسەن، يوق؟
— ساڭا ياردەم قىلىدىغانغا ۋاقتىم يوق، رايىممۇ يوق. ئۆتكەندىمۇ ھېلىقى دوستۇمغا «ئۆلەي - ئۆچەي» دەپ يېپىشىۋالغاندا كېلىشتۈرۈپ قويسام بىر ئايغا بارماي يوق باھانە بىلەن ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىۋىدىك نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. سەن گۈلپەرىلەرنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيسەن، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا ئازار بەرمىگىنىڭ ياخشى.
— قۇلاق - مېڭەمنى يەپ كەتتىڭغۇ... بولدى، گېپىڭنى ئاڭلايمەن. ئەمدىغۇ ياردەم قىلارسەن.
— بولدى قىل، ئاكا، تولا بۇ خىياللارنى قىلماي ئوقۇشۇڭنى ئوبدان ئوقۇ.
رابىيە شۇنداق دەپ تېز قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدى. ئالىم بولسا سىڭلىسىنىڭ شۇ قەدەر كەسكىنلىكىگە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن بېشىنى سالغىنىچە كىنوخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. «دېمىسىمۇ ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى سېمونت تاختايدا گازىر چېقىپ ئولتۇرۇپ، — لېكىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىم ئېنىق، ئالدىغان نومۇرۇممۇ

تايىنلىقلا. شۇڭا مەن ئىمتىھان بەرمىسەملا بولىدۇ، بىكارلا ئۆيدىكىلەرنىڭ يۈزىنى تۆكمىدىغان ئىش. بۇنىڭغا يا ئاتام بىلەن ئاپام ئۇنىمىغان. ھەي، بىر ئامال تېپىپ ئاپامنى قايىل قىلىپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەيدىغانلىقىنىڭ يولىنى قىلسام بولاتتى...»

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا ئۇ ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئېغىر خىيال بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر موتوسىكلىت كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئالىم ئاچچىقى كېلىپ بېشىنى كۆتۈردى. يېپيېڭى موتوسىكلىت ئۈستىدە سېلىم غادىيىپ ئولتۇراتتى.

سېلىم ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، بىرىنچى قېتىم ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندە ئائىلىسىدىكىلەرنى زار قاقشىتىپ تەكرار ئوقۇماي جەمئىيەتكە چىقىۋالغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ بىكار يۈرۈشكە چىدىمىغان ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاتىسى ئۇنى گۈلباغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلار مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەي كېلىۋاتقانىدى.

— ساۋاقداش ئالىم، ۋاقتىدا ئۆيۈڭگە قايتىپ تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە،— دەپ چاقچاق قىلدى سېلىم. پاراكەندە خىياللار بىلەن كېلىۋاتقان ئالىمغا ئۇنىڭ چاقچىقى خۇشياقمىدى.

— نەدىن كېلىشىڭ؟ — دەپ سوراپ قويدى ئالىم تىلىنىڭ ئۇچىدىلا.

— ئەمدى ئىشتىن چۈشتۈم، — دېدى سېلىم ۋە يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ئالىمغا بىر تال تۇتتى، — كېلە، ئولتۇرۇپ كەتكەن بەڭگىلەرنىڭ روھى ئۇچۇن بىر تالدىن چېكىشىۋالايلى.

— بولدى، بايا چەككەن، — دېدى ئالىم بوش ئاۋازدا ۋە سېلىمنىڭ چوڭ ئادەملەردەك گەپ قىلغىنىغا غىدىقى كېلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ھە، راست، سىلەر ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن چوڭ كوچىلاردا بىز دەك چېكەلمەيسىلەر، — سېلىمنىڭ تەلەپپۇزىدىن چوڭچىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بەك پوچى بولۇپ كېتىپسەن، سېلىم، چۈجىنى كۈزدە سانايمىز جۇمۇ، — دېدى ئالىم چاقچاق ئارىلاش زەردە بىلەن. سېلىم قاتارلىقلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپلا ئالىمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۆگىنىپ قالغان بولغاچقا، سېلىم دەرھال ئۆزىنى تۇزىۋالدى. ئۇلار ئالىمنىڭ كەينىگە كىرىپ تاماكا چېكىشنى، يېزىغا كېتىدىغان يول بويىدىكى ئۈزۈملۈكتە پىۋا ئىچىشكە باشلىغىنىنى، ئۆزلىرى ئۆچ بولۇپ قالغان تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئەينىكىنى چاققانلىقىنى، «قوشنا سىنىپتىكى رىسالەتنى ئالىم بىلەن سۆيۈشتۈرىمىز» دەپ ياشلار يولىنىڭ خىلۋەت يېرىدە ۋېلىسىپىتلىك كېلىۋاتقان ئالىمنىڭ ۋېلىسىپىتىنى رىسالەتنىڭ ۋېلىسىپىتىگە قەستەنگە

سوقتۇرغانلىقىنى، ئالىم تەلەپ قويسا رەت قىلغانلىقىنى ئۇستىگە تىلىلىغانلىقى ئۈچۈن شەھەرلىك كىنو - تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا رەيھاننىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ يېلىنى چىقىرىۋېتىپ، ئىچ كامېرىنىڭ يەل ئۆرىدىغان تۆشۈكىگە ياغاچ تىقىۋەتكەنلىكىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن! شۇ چاغدا ئۇ ئىشلار ئالىمنىڭ بىر ئېغىز گېپى، ھەتتا بىر ئىشارىتى بىلەنلا بولغانغۇ! شۇ باللار ھېلىھەم ئالىمنىڭ سۆزى ئۈچۈن جان پىدا دەپ تۇرىدۇ. ئەمدى كېلىپ بۇ سېلىم «خىزمەتكە چىقتىم» دەپلا ئۇنداق پوزىتسىيە بىلدۈرسە بولمايدۇ - دە. شۇڭا سېلىم دەررۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى:

— ئاداش، بۇ موتوسىكلىتنى يېڭىلا ئالغانىدىم. ۋاقتىدا يۇيۇۋەتسەك بولاتتى. قانداق؟ باشقا ئاغىنىلەرگە خەۋەر قىلىۋېتەيمۇ؟

ئالىم بېشىنى چايقىدى:

— ھازىر ئۆيگە قايتتىم، شەنبە كۈنى بولسۇن.

— مەيلى. ئۇنداق بولسا شەنبە كۈنى ماڭا خەۋەر قىل. ھە، راست، ئالاقىلىشىش ئۈچۈن بولسۇن ئۈچۈن چاقىرغۇ نومۇرۇمنى يېزىۋالارسەن.

سېلىم شۇنداق دېگىنىچە چاقىرغۇسىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك بېلىنى كۆتۈرۈپ قويدى. ئالىم شۇنىڭدىلا سېلىمنىڭ بەلبېغىغا ئېسىقلىق تۇرغان چاقىرغۇ ئاپپاراتىنى كۆردى. ئالىم سېلىمنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى سول قولىنىڭ ئالىقىنىغىلا يېزىۋالدى.

ئۇلار خوشلاشتى.

ئالىم دوختۇرخانا ئالدىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ بۇرۇلۇپ كاتاڭلىشىپ كەتكەن يولغا چۈشۈپ ئۆيىگە ماڭدى. «قارا، ئۇنىڭ نوچىلىق قىلىۋاتقىنىنى... ناھايىتى بىزدىن بالدۇرراق خىزمەتكە چۈشتىغۇ شۇ. تېخى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشتىن قېچىپلا شۇنداق بولدىغۇ. چاقىرغۇ دېگەن قانچىلىك نەرسىدى؟! ئوقۇغۇچى دەپلا ئاسمايۋاتىمەن شۇ. ماۋۇنىڭ قىلىپ كەتكىنىنى. نېمىلا ئېسىۋالغىنىڭ بىلەن بەربىر سېلىم 'كۈچۈك'، سەن!... قاراپ تۇر، شەنبە كۈنى سېنى قانداق يۇيۇمىزكىن. سەن هازىر ئارىمىزدىكى بىردىنبىر خىزمەتچى بولغاندىكىن يۇيۇشمىزغا چىدا!» ئالىمنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە يادىغا بىر ئىش كېلىپ جايىدا تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن يول بويىغا ئۆتۈپ بىر تۈپ قارىياغاچقا يۆلىنىپ تۇرۇپ خىيالغا پاتتى. ناھايىتى ئۇزاق ئويلاندى، ئاندىن بىر قارارغا كەلدى. «توغرا، شۇنداق قىلاي. ئادەتتە ئاپام ماڭا يان باسىدۇ. ئاپامغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالاي. شۇنداق قىلسام ئاپام چوقۇم تەلىپىمگە قوشۇلىدۇ. ناۋادا بۇ پىلانىم ئەمەلگە ئېشىپ قالسا...» شۇ هامان ئالىمنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلپەرىنىڭ گۈزەل رۇخسارى كەلدى. ئالىم لېۋىنى تامشىپ قويۇپ ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى.

※ ※ ※

گۈلپەرى ئامىنە بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىدى، چۈنكى ئۇ بالدۇرراق بېرىپ ئاپىسىدىن بۇرۇن

ئوچاق بېشىغا ئۆتمىسە بولمايدۇ. بولمىسا، ئاپىسى ئىشتىن كەلسە «ئازراق بولسىمۇ ئۆگىنىش قىلمۇپىلىڭ» دەپ ئۇنىڭغا ئوتتۇن چاغلىق نەرسىنى تۇتقۇزمايدۇ. گۈلپەرى شۇ خىيال بىلەن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

گۈلپەرى ئەمدىلا ماتېرىياللىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ كۆكتاتا ئادالاشقا تەييارلىنىۋىدى، خەلچەم كونا ۋېلىسىپىتىنى جالاقلىتىپ كىرىپ كەلدى. خەلچەم قىزىنىڭ قولىدىكى كۆكتاتنى كۆرۈپلا ئەھۋالنى چۈشەندى ۋە قىزىنىڭ ئالدىغا باردى:

— كەلدىڭىزمۇ، قىزىم؟— دېدى ئۇ گۈلپەرىنىڭ كۆزىدىكى خۇشاللىق ئۇچقۇننى كۆرۈپ ۋە بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغاندەك بولدى،— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئارام ئالغاچ ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇپ تۇرۇڭ. قىزىم، بەختىڭىز ئۈچۈن ئۆز قولۇم بىلەن ...

— بولدى، ئاپا، سىزمۇ ئىشلەپ هاردىڭىز. ئەمدى بۇنچىلىك ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆگىنىشكىمۇ يېتىشەلەيمەن،— دېدى گۈلپەرى ئاپىسىدىن سۆيۈنۈپ.

— ئىدارىنىڭ ئالدىراش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، هازىر بىكار بولۇپ قالدۇق، شۇڭا بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ كېلىشىم. تولا ئالدىرىماڭ، ئىمتىهان بېرىۋالسىڭىز قازان بېشىنى سىزگىلا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن،— دېدى خەلچەم ئۇنىماي.

شۇنىڭ بىلەن خەلچەم كۆكتاتنى، گۈلپەرى كىتابنى قولىغا ئالدى.

— مەن چۈشتىلا كەچلىكى سىزگە چۆچۈرە قىلىپ بېرىشنى ئويلىغان ئىدىم. چۆچۈرىنى سېغىنىپمۇ قالغانسىز، — خەلچەم بىر ياقتىن سۆزلەپ، يەنە بىر ياقتىن چاققانلىق بىلەن پىياز ئاقلاشقا باشلىدى.

گۈلپەرى كىتابنى ئېچىپ قويغان بىلەن ئاپىسى ۋە ئائىلىسى ھەققىدە خىيال قىلىپ كەتتى: «ئاپام ئەجەبمۇ بەرداشلىق ئىكەن، شۇنچە يوكنى ئۈستىگە ئېلىپمۇ قاقشىمايدۇ. ئۆزى جاپا تارتسىمۇ يەنىلا سىڭلىم ئىككىمىزنىڭ ئوقۇشىنى ئويلايدۇ، بىزنى قىينىلىپ قالمىسۇن دەيدۇ. ئۆزىنىڭ دىلى شۇنچە سۇنۇق تۇرۇپمۇ يەنە بىزنى خۇشال قىلىشنىڭ كويىدا... ھازىرغۇ ياخشى، ئەتە - ئۆگۈن مەن ئالىي مەكتەپكە مېڭىپ قالسام، شۇنچە كۆپ ئوقۇش خىراجىتىمنىڭ غېمىنى يەنىلا مۇشۇ ئاپام قىلمىسا بولمىغان. ئوقۇماي دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. ناۋادا، شۇنداق قارارغا كېلىدىغان بولسام ئاپامغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى ئىقتىسادىي بېسىم ئەمەس، ئوقۇماسلىقىم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ياقتا سىڭلىمنىڭمۇ ئوقۇشى تۇرۇپتۇ. ھەرقاچان ئۇنى ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتۇشقا ئاپام ئۇنىمايدۇ. ئۇنىمۇ بىرمۇنچە چىقىم بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتىدىغان ئىش، ئاندىن ئالىي مەكتەپ... شۇنداق تۇرسا ئاپام باشقىلارغا ئوخشاش بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى خىيالمۇ قىلالماس. بولمىسا ھازىر ھەممە كىشى بىنا ئۆيدە ئولتۇرۇشنىڭ غېمىدە...»

گۈلپەرى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۆيگە سەپسالدى.

يەنە شۇ ئۆي، ئۇلار كىچىكىدىنلا كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئاددىيلا ئۆي: يېپىتىلغان خىشلىرى خېلىلا ئۇپرىغان كىچىك هويلا، ئۈچ تال ئۈزۈم شوخى ئارتىپ قويۇلغان باراڭ، سىرلىرى ئۆڭۈشكە باشلىغان ياغاچ ئىشىكلەر، تۇتۇلغىلى ئۇزاق بولغان ئۆي جابدۇقلىرى، كونىرىغىنىدىن غوڭۇلدايدىغان ئاۋاز چىقىرىپ توك خورىتىدىغان بولۇپ قالغان توڭلاتقۇ، تىزگىنىكى بۇزۇلۇپ قالغان «مۇشۇكئېيىق» ماركىلىق تېلېۋىزور... بۇلار گۈلپەرىنىڭ دىلىغا غەشلىك سېلىپ قويدى: «بىنا ئۆي ئېلىش تۇرۇپ تۇرسۇن، مۇشۇلارنى يېڭىلاش يەنىلا ئاپامنىڭ زىممىسىدە. ئاپامنىڭ مائاشى بىزگە ئايان، ئاپام نېمىگە تايىنىپ شۇنچىلا ئىشلارغا يېتىشىپ كېتەلەيدۇ؟»

ئەمما، بۇ ئائىلىدە كونىرىماي يېپيېڭى پېتى تۇرغان بىرلا نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ مېھرىبانلىق! مۇشۇلا ئۇلارغا زور تەسەللى ۋە خۇشاللىق بېغىشلايتتى!

شۇ چاغدا گۈلنۇرنىڭ «خەپ، ئەتە مۇئەللىمگە دېمەيدىغان بولسام... ئايغىم تۇگمىشىپلا كەتتىغۇ» دەپ بىرەيلەن ئۇستىدىن قاقشاپ كىرىشى بىلەن گۈلپەرىنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى.

گۈلپەرى بېشىنى كۆتۈردى. گۈلنۇر ئىشىك تۈۋىدە تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ باتناپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ يېڭى ئالغىنىغا ھەپتىمۇ بولمىغان ئايىغى لاي ۋە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىغىچە خەلچەم ئەپچىل سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئاشخانا ئۆيدىن چىقتى.

— نېمە بولدى، قىزىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزىنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ.

— زۆھرە بىلەن سائادەت گۇرۇپپىمىزدىكى تازىلىق نۆۋەتچىسى تۇرۇپ جىممىدىلا كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىنىپنى تازىلاش زىلالە بىلەن ئىككىمىزگە قاپتۇ. كەچ قالمايلى دەپ ئالدىراپ... قاراپ بېقىڭە ئايىغىمغا...

— ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، قىزىم، — دېدى خەلچەم. ئۇ گۈلنۇرنىڭ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغان ئەپتىگە قاراپ كۆڭلىنى ياسىدى، — بەلكىم ئۇلارنىڭ جىددىي ئىشى چىقىپ قالغاندۇ؟ ئايىغىڭىزنى سەل تۇرۇپ پاكىز يۇيۇپ بېرەي.

— بولدى، ئۆزۈم يۇيىمەن، — گۈلنۇر شۇنداق دەپ سومكىسىنى گۈلپەرى ئولتۇرغان كارىۋاتقا تاشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

خەلچەم گۈلپەرىگە قاراپ قويۇپ يەنە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈلپەرى: «گۈلنۇرمۇ ئۆينىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچكە، يېڭى ئايىغىغا ئىچى تارتىشىپ شۇنداق بولغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

گۈلپەرى زېھنىنى يىغىشقا تىرىشىپ، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى بىلەن باش جۈملىسىنى پەرقلەندۇرۇش ھەققىدىكى قائىدىلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بۇ ھەقتىكى بىلىملەرگە چولتا ئىدى. گۈلپەرىنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. بولۇپمۇ، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بىلەن خەۋەر بېقىندى جۈملىنى ھە

دېسىلا ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى. مانا، مەسىلىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەمدى ئىككىسىنىڭ پەرقىنى بىلگەندەك قىلىۋىدى، مەشىقتە ئادىشىپ كەتتى. گۈلپەرى جىلە بولۇپ يەنە باشتىن كېلەي دەپ تۇرۇشىغا سىڭلىسى جاۋۇرنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى ۋە جاۋۇرنى قەستەنگە تاراڭلىتىپ ئايغىنى يۇيۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە گۈلپەرىنىڭ دىققىتى چېچىلدى. ئۇ دىققىتىنى چاچقان سىڭلىسىغىمۇ، شۇنچە قىلىپمۇ ئۇ قائىدىلەرنى بىلەلمەيۋاتقان ئۆزىگىمۇ ئاچچىقى كېلىپ كىتابنى تاشلاپ قويدى.

شۇ چاغدا خەلچەم ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ گۈلنۇرنىڭ كۆتىنى چېقىپ ئاياغ يۇيۇشىغا قاراپ بىردەم تۇردى ۋە گۈلپەرىگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ ئىشارەت قىلىپ قويۇپ يەنە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

گۈلپەرىگە ئەمدى كىتابقا قاراش خۇشياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتى. نېرۋىسىدىكى جىددىيلىك ئەمدىلا بېسىلغان گۈلپەرىنىڭ يادىغا ناخشا مۇسابىقىسى كېلىۋىدى، خىيالى شۇنىڭغا كېتىپ قالدى: «نېمىلا بولسا ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلىقىمنى ئاپامغا ئېيتاي. كىچىكىمدىنلا قىزىقىشىمنىڭ ناخشا ئېيتىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولغاندىكىن، ئاپامۇ ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام بىلەن ئاتام دەم ئالغان ۋاقىتلىرىدا مېنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كۆڭلىنى ئاچاتتى. ئېيتقان ناخشىلىرىمنى ماختايتتى، مېنىڭدىن سۆيۈنەتتى، تونۇش - بىلىشلىرىگە مېنى

ماختاپ بېرەتتى. شۈنداق تۇرسا، ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىمەن دېسەم، ئاپام قوشۇلۇپمۇ قالار...» شۈنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشنى ئاپىسىغا ئېنىق ئېيتىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭغا كۆڭۈل توختاتقان گۈلپەرى دوستىنى ئانىسىنىڭ ئۆزىگە مەدەت بەرگىنىگە، ئۆزىنى قوللىغىنىغا، ئۆزىگە ياردەم بەرگىنىگە خۇش بولدى، ئۇنىڭدىن رازىمەنلىك ھېس قىلدى. ئەگەر ئۇ مەدەت بەرمىگەن بولسا ئاتا ـ ئانىسىنى خۇش قىلىدىغان بۇ كاتتا ئىشتىن قۇرۇق قالار ئىكەن.

گۈلنۇر يۇيۇپ بولغان ئايىغىنى ھويلىغا تارتىلغان سىمغا ئېسىۋىدى، خەلچەم ئاشخانا ئۆيدىن بوينىنى سوزدى:

— قىيمىسىنى قىلىپ بولدۇم، ئوماق قىزلىرىم، ماڭا جىلتا ئېچىشىپ بېرىڭلار.

گۈلنۇر بېشىنى بۇراپ سورىدى:

— نېمە تاماق؟

— چۆچۈرە.

— ۋاھ! — گۈلنۇر بايىقى خاپىلىقىنى ئۇنتۇغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئاشخانا ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ بىردىنلا خۇشال بولۇشى خەلچەم بىلەن گۈلپەرىنىڭمۇ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. گۈلپەرىمۇ كارىۋاتتىن چۈشتى:

— ھەي گۈلنۇر، قولۇڭنى يۇيغىن.

— دېمىسەڭمۇ بىلىمەن.

چۈچۈرە بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئامراق تاماقلىرىدىن بىرى ئىدى.

گۈلپەرى چېۋەر قوللىرى بىلەن جىلتا ئېچىشقا باشلىدى. خەلچەم بىلەن گۈلنۇر بولسا خۇددى بەسلەشكەندەك تېز - تېز تۈگۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇلار خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى.

چۈچۈرە پىشتى. ئۇلار شىرە ئەتراپىغا ئولتۇرۇشۇپ، دورا - دەرمەكلى تازا تەڭشەلگەن چۈچۈرە سۈيىدىن كېلىۋاتقان خۇش ھىدتىن ھۇزۇرلانغانچە بىرپەس ئولتۇرۇشتى.

— قېنى ئېلىڭلار، بۈگۈن قىيمىسىغا قارا گۆشنى كۆپ قوشتۇم.

چوكىلار ھەرىكەتكە كەلدى. قىزلىرىنىڭ ئىشتىها بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خەلچەمنىڭ مەستلىكى كېلىپ بىر تال چۈچۈرىنى چوكىسىغا قىسىپ ئېلىپ پۈۋلەپ بىرئاز سوۋۇتقاندىن كېيىن گۈلپەرىگە سۇندى:

— سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن بىر تال چۈچۈرە يېگۈزۈپ قوياي.

گۈلپەرى ئانىسى ئاغزىغا سېلىپ قويغان بىر تال چۈچۈرىنى تولىمۇ ئىشتىها بىلەن مەززە قىلدى. گۈلنۇرمۇ ئەتىگەنكى ئىشلارنى ئۇنتۇغاندەك چۈچۈرىنى قىزغىنلىش بىلەن تېز - تېز يەيتتى. ئەمما، شاد - خۇراملىق بىلەن تاماق يەۋاتقان بۇ ئۈچەيلەنگە يەنىلا بىر خىل غەمكىنلىك سايە تاشلاپ تۇرغاندەك ئىدى. خەلچەم

يەنە بىر تال چۆچۈرىنى قىسىپ ئېلىپ، چۆچۈرىنى قىزغانغاندەك يەۋاتقان گۈلنۇرغا تەڭلىدى:

— ئەقىللىك، ئەمما تاۋى نازۇك قىزىمغىمۇ بىر تال يىگۈزۈپ قوياي.

گۈلنۇر ئاپىسىنىڭ چوكىسىدىكى چۆچۈرىنى شەيتانلىق بىلەن چىشلەپ ئالدى، ئاندىن بىر گەپنى پوسۇققىدە دەپ سالدى:

— چۆچۈرىگە ئاتاممۇ ئەجەب ئامراق ئىدى.

ئاتىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن كوماندا بېرىلگەندەك ھەممىسى تەڭلا شوك بولۇپ قالدى. چېھرىلىرىگە مەيۈسلۈك تېپىپ چىقتى، بولۇپمۇ خەلچەم باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ئۇ بوغۇلغىنىدىن لېۋىنى چىشلەپ، ئاغزىدىكى قىيمىنى يۇتالماي قالدى. خۇددى قەدىردان ئېرى شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ چۆچۈرىگە تەلمۈرۈۋاتقاندەك ياكى ئۆزلىرىنى چۆچۈرىنى كۆپرەك يېيىشكە زورلاۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تاراپ، ئايرىلىش ئازابى يۈرىكىنى قامالاپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئارقىدىنلا ئېرىنىڭ «چۆچۈرە دېگەن ئىشتىھانىلا ئەمەس، كۆڭۈلنىمۇ ئاچىدۇ» دەپ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىگەن ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولۇپ كۆزلىرى نەملەشتى.

گۈلپەرى بولسا ئېغىر تىنىپ، قولىدىكى چوكىنى چىڭگىدە قامالىلىدى. ناخشىنى ياخشى ئېيتقاندا ئاتىسىنىڭ قولىدىن قاس چىقىرىپ ماختىغانلىقى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولدى.

گۈلنۇر بۇ گەپنى ئويلىماي دەپ قويۇپ، ئاپىسى بىلەن ئاچىسىنى قايغۇغا سېلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ ئەلەمدىن يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. يەنىلا خەلچەم ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئاغزىدىكى لوقمىنى تەستە يۇتۇۋېتىپ يەنە بىر تال چۆچۈرىنى ئالدى:

— ئاتاڭلار ئامراق تاماقنى كۆپرەك يەڭلار، ئاتاڭلارنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، — دېدى تولىمۇ تەستە. بۇ گەپ بىلەن چوكىلار يەنە ھەرىكەتكە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشتىھالاردا بايىقىدەك قىزغىنلىق، تاماقتا بولسا مەززىلىك تەم قالمىغانىدى.

بۇنىڭدىن گۈلپەرى بايىقى خىيالىدىن يېنىپ قالدى: «ھەممىمىزنىڭ روھىي ھالىتى بۇ تۇرسا ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشاي دېسەم تازا بىئەپ تۇرغۇدەك، بۇ گەپنىمۇ ئۇلارغا بىۋاستە دېيەلمىگۈدەكمەن. ئەڭ ياخشىسى جىممىدىلا قاتنىشىپ باقاي. ناۋادا نەتىجىگە ئېرىشەلمىسەم ياكى ناخشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېيتالماي قالسام ئۇلارغا يەنە زەربە بولمىسۇن. ئاھ، خۇدا! ئائىلىگە كۆڭۈلسىزلىك كەلسە، خۇشال بولغىلى بولمىسا، خۇشاللىق ئىزدىگىلىمۇ بولمىسا، كۆڭۈلدىكى ئىشنى قىلغىلى تېخى بولمىسا... نېمىدېگەن تەڭقىسلىق بۇ! كۆڭۈلسىزلىك بولسا، بولۇپمۇ مۇسىبەت كۆڭۈلسىزلىكى بولسا ھەممىلا ئىشتا بىر تەرەپتىن يېنىڭدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلۈڭنى ئىزدىمىسەڭ بولمايدىكەن. ئېغىر - يېنىك ئىشلاردا ئالدى بىلەن شۇنى ئۆلچەم قىلىدىغان

ئىش ئىكەن. ئەمما شۇنداق قىلماي نېمە ئامال! شۇڭا هازىرچە بۇ ئىشنى ئۆزۈملا بىلىپ تۇراي...»

تاماق ئاخىرى ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە يېيىلىپ، چىنە ـ تەخسىلەر يىغىشتۇرۇلدى.

ــ بالىلىرىم، «ئاتىمىزدىن ئايرىلدۇق» دەپ كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار. ئۇنداق ئايرىلىشقا بىز بەندىلەرنىڭ ئامالىمىز يوق. بۇنىڭ ياخشى يولى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى ياخشى قىلساق بولىدۇ. شۇنىڭدا هەممە يەردە يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ، شۇڭا بۇرۇنقىدەك خۇشال ـ خۇرام يۈرۈڭلار. هەرگىزمۇ بويۇن قىسىپ يۈرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار،ــ خەلچەم بۇ گەپلەرنى ناهايىتى سەمىمىيلىك بىلەن دېدى. بۇنى ئاڭلىغان گۈلپەرى بايىقى خىيالىدىن يەنە ياندى. «ئاپامنىڭ دېگىنى توغرا. بىز ئاتىمىزنى قەلبىمىزدە ساقلاپ، بۇ كۆنلەرنى خۇشال ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. شۇڭا ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئىشىنى ئۇلارغا دەپ باقسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ــ سىلەرنىڭ هازىر قىلىدىغان ئىشىڭلار ياخشى ئوقۇش،ــ دېدى خەلچەم سۆزىنى داۋام قىلىپ،ــ ئوقۇش نەتىجەڭلەر ياخشى بولسا هەممىمىز خۇش بولىمىز. قىزىم گۈلنۇر، ئوقۇشتا قىينىلىپ قالمايۋاتقانسىز؟ چېكىنىۋاتقان ئىش يوقتۇ؟

ــ چاتاق يوق، ئاپا. هازىر هەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشقا ئىشەنچىم بار. سىنىپىمىزدىكى ئايسىمەنىڭ ئاتىسى

ۋىلايەتلىك پارتكومدا تەرجىمان. ئايسىمەنىڭ ئاتىسىنىڭ دېيىشىچە، كېلەر يىلدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ داڭلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلەرگە ۋىلايەت ئون مىڭ يۈەن مۇكاپات بەرگۈدەك.

— ۋاي! نېمانچە جىق؟ — دېدى خەلچەم بۇ مۇكاپاتنىڭ قىزىغا بېرىلىشى مۇقىملاشقاندەك خۇشال بولۇپ.

— مەن چوقۇم شۇ مۇكاپاتنى ئالىمەن، — دېدى گۈلنۇر قەتئىي ئىشەنچ بىلەن. ئۇنىڭ سۆزىدىن خەلچەم خېلى خۇش بولۇپ قالدى.

— رەھمەت، قىزىم، تىرىشىڭ، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، — دېدى خەلچەم كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، — سىزچۇ گۈلپەرى؟ ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى. تەييارلىقىڭىز پۈتكەندۇ؟

گۈلپەرى باياتىندىن بېرى مۇشۇ سوئالنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغانىدى. مانا ئەمدى... بەربىر جاۋاب بەرمەي ئامال يوق. شۇڭا ئۇ قىسقىلا قىلىپ:

— ئوبدان ئوقۇۋاتىمەن، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر نەزەرىيەنى ئۆگىنىۋاتقان. گۈلنۇر، سىز ئاپامغا ياردەملىشىڭ.

گۈلپەرى شۇنداق دەپ كىتابىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان كارىز بويىغا چىقىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلدى. ۋەزنى نېمىدېگەن ئېغىر سوئال - ھە؟!

ئۆزىنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقى گۈلپەرىنىڭ ئۆزىگە ئايان تۇرسا... كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشتى، ئەدەبىيات دەرسى بىلەن خەنزۇ تىلى دەرسىدە خېلى ئىلگىرىلىدى. لېكىن قالغان دەرسلەردىچۇ؟ چېكىنىش باركى، قىلچە ئىلگىرىلەش يوق. ئاڭلاپ چۈشەنگەندەك قىلىدۇ ـ يۇ، مەسىلە تەھلىل قىلغاندا دەرس مەزمۇنىنى يادىغا ئالالمايدۇ. يېقىندا بىرقانچە قېتىم تەقلىدىي ئىمتىھان ئېلىنىۋىدى، نەتىجىسى تازا دېگەندەك ياخشى چىقمىدى. تارقىتىپ بېرىلگەن تەقلىدىي سوئاللارنى بولسا ئارانلا ئىشلەپ بولالىدى. لېكىن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭدا «ئوقۇشتىن توختاش» دېگەن ئىدىيە پەيدا بولۇپ باقمىدى. بەلكى ھامىنى بىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ چىشلەپ ئوقۇپ كەلدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ بايا سىڭلىسىغا ئوخشاش چاقىلداپ سۆزلىيەلمىدى، كۆز يېشىنى ئاپىسىغا كۆرسىتىشكە جۈرئەتمۇ قىلالمىدى. ئۇنىڭچە، ھازىر ئاپىسىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب يوق. شۇڭا «ھازىرقى ئوقۇش ئەھۋالىمنى ئاپام بىلمىسۇن، نېمىلا بولسا بىرەر ئالىي مەكتەپكە ئۆتسەملا بولدى» دېگەن ئوي گۈلپەرىنىڭ كاللىسىغا ھۆكۈمران ئىدى.

يۈرەكنى سىقىدىغان ئاشۇنداق ئېغىر خىياللار بىلەن خىلىغىچە ئولتۇرغان گۈلپەرى قاراڭغۇ چۈشكەندىلا كارىز بويىدىن قوپتى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ناخشا ھەققىدىكى گەپ يەنە ئۇنىڭ يادىغا كەلدى: «بولدىلا، ھازىرچە بۇ ئىشنى ئاپامغا دېمەي تۇراي. بولمىسا،

‹ئۆگىنىشىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ› دەپ بەك ئەنسىرەپ كېتىدۇ. خۇشالراق تۇرغان پەيتىڭگە كەلتۈرۈپ دەرمەن. مەنمۇ قىزىقكەنمەن. خەق ئىمتىھانغا جىددىيلىشىۋاتسا، مەن بۇ يەردە ناخشا غېمىدە... لېكىنىزە، مەن جىددىيلەشكۈدەك نېمە بار؟ ئەتىدىن ـ كەچكىچە يالغاندىن كىتابقا قاراپ ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرسەممۇ بولماس. ئۆگىنىش قىلىش قولۇمدىن كەلمىگەندىكىن، قولۇمدىن كېلىدىغاننى قىلىپ تۇراي. كىم بىلىدۇ، تەلىيىم ناخشا ئېيتقان يولۇمدىن كېلىپ قالامدۇ تېخى؟» ئاخىرقى خىيالى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئەتكەن گۈلپەرى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

## ئىككىنچى باب

### لىيىغان سۇ

قورۇنىڭ ئىشىكى ئىچىلىشى بىلەن ئالىمنىڭ بۇرنىغا شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى.

— ۋاھ، ئاپا، گۆش مەززىلىك پىشىپتۇ جۇمۇ! شۇ تاپتا شورپىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپلا ئاغزىمغا سېرىقسۇ كېلىپ يېگۈم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاپا، قولۇڭ شۇنداق تەملىك سېنىڭ.

ئالىم ئاپىسى سائادەتنى قىزغىنلىق بىلەن ماختىغىنىچە قازان بېشىغا كەلدى. ئوغلىنىڭ مىجەزىنى چۈشىنىدىغان سائادەت ئالىمغا بىر قاراپ قويىدى ۋە: «ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ كەتكىنىنى! يەنە پۇل لازىم بوپتۇ - دە بۇ بەتخەجكە» دەپ ئويلاپ شورپىنى سورۇشنى داۋام قىلىپ سورىدى:

— ھە، ئۇدۇللا دەۋەر، قانچە پۇل لازىم؟

ئالىم بايىقى قىزغىنلىقىنى قەستەنگە سەل بېسىپ:

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئاپا؟ تاماقنى ئۇستىلىقىڭنى ماختىسام بولمامدۇ؟ سەنچە مەن پۇل سوراش ئۈچۈن سېنى يالغاندىن ماختاپتىمەن - دە. دېمىسىمۇ،

ھەرقانداق تاماقنى شۇنداق ئوخشىتىسەنغۇ. سىنىڭ تامىقىڭنى دەپلا سىرتتا تاماق يېگۈمىز كەلمەيدۇ بىزنىڭ،— دېدى. ئالىم گېپىنى تۈگىتىپ كەينىگە يېنىۋىدى، سائادەت ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشلۇق بىلەن:

— شۇنىڭغىمۇ باتنامسەن؟ ماختىغىنىڭغا رەھمەت!... دەپ قويۇپتىمەن، ئەمدى ئالمىساڭ بولماس،— دېدى ۋە يېنىدىن ئەللىك يۈەننى چىقىرىپ ئالىمغا سۇندى.

— ئۇنىڭغا يەنە پۇل بېرىۋاتىسىزغۇ، ئاپا. ئۇنىڭ بىرەر مەقسىتى بولمىسا سىزنى مۇنچىلىك ماختامدۇ؟ بالىڭىزنى بىلمەيدىغاندەك ئىش قىلىسىزغۇ!— دېدى چىرايلىق ۋە مۇستەھكەم ياسالغان ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدىكى نەقىشلىك كارىۋاتتا يېتىپ كىتاب كۆرۈۋاتقان رابىيە ئالىمغا گۇمان بىلەن قاراپ. ئالىم سىڭلىسىغا ئالايدى ۋە ئاپىسىغا:

— بولدى، ئاپا، پۇلۇم بار. لازىم بولغاندا سورايمەن،— دېدى ۋە يانچۇقىدىن يىگىرمە يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقاردى. سائادەت خۇددى رابىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ئالىمدىن خۇش بولۇپ، قولىدىكى پۇلنى يەنە ئالىمغا تەڭلىدى:

— ئاله، بالام. يىغىپ قويۇپ ئالىي مەكتەپكە بارغاندا ئىشلىتەرسەن... ئەمدى ئالمىساڭ خاپا بولۇپ قالىمەن.

ئالىم تارتىنىپ بېرىپ پۇلنى ئالدى. ئۇ ئەسلىي پۇلنى ئاپىسىنىڭ چوقۇم بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ دەسلەپتە خۇش بولغانىدى، لېكىن ئاپىسىنىڭ «ئالىي مەكتەپكە بارغاندا ئىشلىتەرسەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ

سەل پەسكويغا چۈشتى. ئۇ نېمە خىيال بىلەن كەلدى؟ ئەمدى ئاپىسىنىڭ دەۋاتقان بۇ گېپىنى كۆرۈڭ. «ئاپامۇ ئۇ گېپىمگە كىرمەمدۇ نېمە؟ ئەستا، قانداق قىلسام بولار؟ نېمىلا بولسا دەپ باقايمۇ ـ يە؟ قاچان دەي؟ هازىرلا دەيمۇ؟ ئاتام كېلىپ قالماس ـ هە؟ مۇنۇ رابىيە بۈگۈن سىرتقا چىقىشقا ئەجەب ئالدىرىمايدىغۇ؟ ئەھۋالغا قاراپ بېقىپ، سەل تۇرۇپ ئاپامغا دەپ باقاي...»

ئالىم شۇ خىياللار بىلەن ئۆيىگە كىرىپ كىچىك ئۈنئالغۇسىنى قويۇپ ياتتى. ئۈنئالغۇدىن مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك ناخشا ياڭراشقا باشلىدى:

مۇھەببەت، كۆزلەرنى ياشلىمىغىن،
مۇھەببەت، ئوتلارغا تاشلىمىغىن،
مۇھەببەت، نادانغا كۆيدۈرمىگىن،
زارلاندى بۇ يۈرەك، قىينىمىغىن.
... ...

ناخشىنىڭ مۇڭىغا ئەگىشىپ ئالىمنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە گۈلپەرىنىڭ سىماسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولغان كۆزى ئالىمغا تىكىلمەكتە، ئالىمنىڭ يۈرىكىگە سانجىپ كىرىپ تاتلىق سېزىم پەيدا قىلماقتا. مۇڭلۇق ناخشا، هۇزۇرلۇق خىيال ئىلكىدە هۇزۇرلىنىۋاتقان ئالىم: «ئاپامغا چوقۇم دەيمەن، ئاپامنى ئۈندىمەن» دەپ شىۋىرلىدى. ناخشا ياڭرىماقتا، ئالىمنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىمەكتە...

— ئالىم، گۆش پىشتى!

ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئالىم قەتئىيەتكە كەلدى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ ھويلىغا چىقتى. تاماق شىرەسىگە گۆش ئېلىنغان تاۋاق قويۇلغان بولۇپ، ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— ئاتام كەلمىدىمۇ؟ — سورىدى ئالىم شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن مېھمانلار بىللە ئىكەن، كەچ قالىدىغىنى ئېنىق، — دېدى ئاپىسى گۆشنىڭ ئۈستىگە تۇز سۇيى سېپىۋېتىپ. بۇنى ئاڭلاپ ئالىمنىڭ كۆڭلى خۇش بولغاندەك بولدى.

ئۈستىگە ئۇششاق توغرالغان پىياز قويۇق سېپىلگەن گۆش ئالىمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولى كۆيۈپ تۇرسىمۇ گۆشنى قولىغا ئالدى ۋە پۈۋلەپ تۇرۇپ بىر چىشلەم چىشلىدى، ئەمما ئۇنىڭ كالپۇكى ۋە تىلى كۆيۈپ چىشلىگىنىنى ئۈزۈپ ئالالمىدى.

— بۇنچە ئاچ كۆزلۈك قىلمىساڭمۇ بۇ يەردە سەندىن گۆش تالىشىدىغان ئىككىيلەندىن باشقا ئادەم يوق، — دېدى رابىيە ئۇنىڭ قىلىقىدىن بىزار بولۇپ.

— ئاچ كۆزلۈك قىلمىدىم، قارىسام گۆش شۇنداق ئوخشاپتۇ. شۇڭا نەپسىم تاقىلداپ كېتىپ...

ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن كۆڭلى خۇش بولغان سائادەت ئاغزىنىڭ ئۇچىدا:

— ئۇنداق يېسەڭ ئاغزىڭ كۆيۈپ قالىدۇ،— دەپ قويدى. گۆش ھەقىقەتەن مەززىلىك پىشقان ئىدى. ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتى. ئالىم قارىماققا پۈتۈن زېھنى بىلەن گۆش يەۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە «بۇ رابىيە بۇگۈن سىرتقا چىقمامدۇ نېمە؟ بەخىرامان گۆش يەپ ئولتۇرغىنىنى بۇنىڭ. ئەستا، ئۇنىڭغا بىر ئامال قىلسام بولاتتى. يالغاندىن بىرنى ئېيتايمۇ - يە؟ نېمە دەپ يالغان ئېيتسام بولار؟...» دېگەنلەرنى ئويلاپ بېشى قېتىۋاتاتتى.

— پىيازنىمۇ يېگىن، گۆشنى سىڭدۈرىدۇ،— دېدى ئاپىسى. ئالىم شۇندىلا خىيال بىلەن بولۇپ توختىماي گۆش يەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، «ھە، مانا» دەپ چاندۇرماي بىر چوكا پىياز ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— بۇگۈن بۇ گۆش بەك تاتلىق پىشىپتۇ. نەدىكى قاسساپنىڭ گۆشى بۇ؟— سورىدى ئالىم.

— شۇنى دەيمەن، مېنىڭمۇ يالتايغۇم كەلمەيۋاتىدۇ،— دېدى رابىيەمۇ.

— ئايكۆلنىڭ ئوغلىقى،— دېدى سائادەت ماختىنىش تەلەپپۇزىدا،— يانتاق بىلەن بېقىلغان ئوغلاق. ئايكۆلنىڭ يانتاق يەپ چوڭ بولغان ئوغلىقىنىڭ گۆشىگە يېتىدىغان گۆش ھېچ يەردە يوق. ئەتىگەندە بىر قاسساپ «يانتاق يېگەن ئوغلاق» دەپ ۋارقىراپ مەھەللىدە يۈرگەنىكەن، بىر پۈتىنى سېتىۋالغانىدىم. سىلەرنى يېگى پېتى يېسۇن دەپ، بۇگۈنلا پىشۇرۇۋەتتىم.

ئالىمنىڭ قۇلىقى ئاپىسىنىڭ گېپىدە بولغان بىلەن

زېھنى قانداق قىلىپ رابىيەنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشتە ئىدى.

بىر چاغدا رابىيە قولىنى سوزۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— بولدىلا، يېسەم يېگۈم كېلىپلا تۇرۇۋاتىدۇ. سىرتتا ئازراق ئىشىم بار ئىدى. يەنە يەپ ئولتۇرسام ئىشىمغا كېچىكىپ قالغۇدەكمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىم خۇشال بولۇپ كەتتى.

— يەنە نەگە بارىسىز؟ كۆندە سىرتتا يۈرسىڭىز...

ئالىم ئاپىسىنىڭ رابىيەنى توسۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋىدى، رابىيە:

— ئاپا، مەن مەكتەپتە ناخشا - ئۇسسۇلنى مۇئەللىم بولۇش ئۈچۈنلا ئۆگەنمىگەن... — دېدى لەۋلىرى ئۈمچىيىپ.

سائادەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— نېمە ئەمدى مۇئەللىم بولۇشتىنمۇ زېرىكتىڭىزمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچ دېسەك، سەنئەت مۇئەللىمى بولاي دەپ يىغلىنىپ...

رابىيە بېرىپ سائادەتنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى:

— چېچىلماڭە، ئاپا. باشتا شۇنداق ئويلىغان. لېكىن كېيىن كەسىپتە يامان ئەمەس ئىلگىرىلىدىم. شۇڭا بۇ ئىقتىدارىم بىلەن مۇئەللىم بولسام زايە كەتكۇدەكمەن. ھازىر مەن سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەشنى ئويلىشىۋاتىمەن. شۇڭا مەشىق قىلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ. تەلىيىمگە «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ خوجايىنى بىرنەچچىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ رېستورانىدا سەنئەت نومۇرى ئورۇنلىشىمىزغا

قوشۇلدى. سىناق قىلىپ نومۇر ئورۇنلاۋاتقىنىمىزغا بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم بىلەن ئاپىسى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— سەن... سەن... شۇ يەردە ئويۇن قويامسەن؟ ئادەمنىڭ...

ئالىم شۇنداق دەپ توختاپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ «ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ» دېمەكچى ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ گۈلپەرىنىڭ ئىشىدا ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ توختاپ قالدى.

— قىزىم، بۇ ئىشىڭىزغا مەن بىرنېمە دېيەلمىگۈدەكمەن، — دېدى سائادەت ئويلىنىپ قېلىپ، — ئوبدان ئويلىشىپ بىرنېمە دېسەك بولارمىكىن؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، ئاپا؟ — دېدى رابىيە ھەيران بولۇپ، — ئۇزاق بولدىغۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ مۇشۇ ئىقتىدارىم بىلەن ماختىنىپ يۈرگىنىڭلارغا. ئەمدى كېلىپ بۇ ئىشنىڭ نەرى بولمايدۇ؟ يا بۇ بىر يامان ئىش بولمىسا!

— ئۇغۇ شۇ...

— بولدىلا، ئاپا. بىرمۇنچە جاپا تارتىپ شۇ كەسىپتە ئوقۇپتىمەن. ئەمدى بىر نەتىجىسىنى كۆرەي دېگەندە... ناخشا - ئۇسسۇلدىن ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ، «سەنئەتچى ئۇنداق، سەنئەتچى مۇنداق» دېگەنلەرنى كۆرسەم شۇنداق ئاچچىقىم كېلىدىغان... ئەمدى قوپۇپ سىلەرمۇ...

قىزنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ سائادەت بىر ئاز بوشىدى:

— بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويساق... سىزنى توسۇۋاتقىنىمىز يوق، قىزىم. پەقەت بامەسلىھەت بىر ئىش قىلايلى دېمەكچى ئىدىم شۇ....

ئاپىسىنىڭ خاپا بولۇپ قالغىلى تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئالىم بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدى. بايا رابىيە سىرتقا چىقىدىغانلىقىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، ئالىم خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئەگەر ئاپىسى خاپا بولۇپ قالىدىغان بولسىزە، ئالىمنىڭ بۈگۈن ئاخشامقى پىلانى سۇغا چىلىشىدۇ، كەينىگە سۈرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاپىسىنى جىملىدى:

— توغرا، ئاپا، رابىيە شۇنچە يىل جاپا تارتىپ ئۆگەندى. سەھنىدە ئۆزىنى سىناپ باقسۇن. ئەگەر ئۇ بۇ ساھەدە داڭ چىقارسا بىزگىمۇ ياخشىغۇ... سەنئەر تۇرسۇن ناخشا ئېيتسا بىزنى گازىر چاقىلىمۇ قويماي تىڭشاپ ئاغزىڭنى چىكىلدىتىپ كېتىسەن. ئەگەر سەنئەر سېنىڭ قىزىڭ بولغان بولسا قانچىلىك پەخىرلىنىپ كېتەر ئىدىڭ - ھە! مانا رابىيە سېنىڭ شۇ ئارزۇيۇڭغا يارىشا قىزىڭ بولاي دەۋاتسا...

ئاكىسىدىن بۇنداق گەپنى كۈتمىگەن رابىيە خۇشلۇقىدىن يوشۇرۇنچە بىگىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى چىقىرىپ «غەلىبە» دەپ ئىشارەت قىلدى. بۇنى ئالىم «ئىشىڭغا ياردەم قىلىمەن» دەپ چۈشەندى ۋە بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققىنىدىن سۆيۈندى. مانا، رابىيە قولغا چۈشتى، ئاپىسىنىڭمۇ چىرايى ئېچىلدى.

دەرۋەقە، سائادەت ئالىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خېلىلا بوشىدى. گەرچە ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش سەنئەتچىلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىدىن هۇزۇرلانسىمۇ، ئۇلارنى ئالقىشلىسىمۇ، ھەتتا بەزىدە مۇشۇ يېشى بىلەن ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ قالسىمۇ، لېكىن «بالام سەنئەتچى بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئىدىيەسىدىن دەماللىققا ئۆتكۈزەلمەيتتى. مانا ئالىم ئانچە - مۇنچە چۈشەندۈرۈۋىدى، بايا جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى بوشاپ پىكرى روشەنلەشتى.

— رېستورانغا بارسىڭىز بېرىڭ، لېكىن ئۆمەكتە ئىشلەيدىغان ئىشىڭىزغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئاتىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر نېمە دەرمىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ئاپا، — دېدى رابىيە گەپنىڭ ئوڭىغا كىرىپ، — مەنمۇ پەقەت سىزگە ئويۇمنى دەپ باقتىم شۇ. مەكتەپ پۈتكۈزىدىغىنىمغا بارغۇ تېخى. خوش، ئاپا، مەن كەتتىم...

— بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ.

— ئويۇن تۈگىسىلا قايتىمەن، — شۇ گەپ بىلەن ئىشىك يېپىلدى.

سائادەت داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئالىم «دەيمۇ، دېمەيمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ خېلىغىچە ئولتۇردى. ۋاقىت بارغانچە كەچكە يېقىنلاۋاتاتتى.

ئالىم ئاخىرى جۈرئەتلەندى.

— ئاپا...

— سەنمۇ سىرتقا چىقامسەن. ئوقۇشۇڭنىمۇ ئويلاپ قوي...

— ياق، سىرتقا چىقمايمەن، ساڭا دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

سائادەت ئوغلىنىڭ تەلەپپۇزىدىكى سىپايىلىككە ھەيران بولۇپ ئاشخانىدىن چىقتى.

— ئولتۇرە، ئاپا...

سائادەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئاپا، مەن ساڭا بىر ئويۇمنى دەيمەن. ئاچچىقلىمايسەن، گېپىمگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىسەن، گېپىمنى ئاڭلاپ مەقسىتىمنى باشقا ياققا تارتمايسەن.

سائادەت بۇنىڭدىن ھەيرانلا قالدى ۋە بېشىنى لىڭشىتتى:

— نېمىلا گەپ بولسا دەپ باقمامسەن. كۆچۈم يەتسە مانا مەن بار. بولمىسا بىر ئامالىنى قىلارمىز... بىرەر ئىش تېرىپ قويمىغانسەن...

سائادەت بىردىنلا ئەندىشىگە چۈشتى. چۈنكى ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالىمنىڭ بۇرۇن باشباشتاقلىق قىلىپ تېرىپ قويغان ئىشلىرىنى يادىغا ئالغانىدى.

— ۋاي، ئاپا، بىردەمدىلا نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟

— ئۇنداقتا دېگىنە، نېمە ئىش؟

— ئاپا، ئىككى قېتىم ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي ئۈچىنچى قېتىم تەييارلىنىۋاتىمەن. سىلەرگىمۇ مەلۇم، ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا نەتىجەم نومۇر سىزىقىغا

يېقىنىمۇ بارالمىدى. «تىرىشىپ باقسام بىر گەپ بولار» دەپ يەنە تەكرار ئوقۇسامۇ دەرسنى پەقەت چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. دەرس ۋاقتىدا ئىچىم سىقىلىپ ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام، ئاپا، باشقىلار ۋاقىت يېتىشمەيۋاتىدۇ دېسە، مەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزەلمەي ئاۋارە...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانچە ئاپىسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئالىم بولسا ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى ئاچچىقلىنىش ئالامەتلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ سۆزلەۋەردى:

— ئوقۇش ماڭا بەك بېسىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاخىرىغا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ...

سائادەت ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى:

— بۈگۈنكى كۈن بولغاندا نېمە دېگىنىڭ بۇ ئەمدى؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆگىنىش قىلماي نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ئاتاڭ بىلەن ئىككىمىز سېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇپ يۈرۈپتىمىز. ئىمتىھانغىمۇ ئازلا ۋاقىت قالدىغۇ. ئىش چىڭىغا چىققاندا دەپ ئولتۇرغان گېپىڭ بۇ بولسا...

— ئاپا، مەنمۇ باشتا قاتتىق ئىرادىگە كەلگەنىدىم. زېھنىمنى ھەرقانچە يىغىپ دەرس ئاڭلىسامۇ دەرسنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. ھېلى ئاڭلىغان مەزمۇن بىر دەمدىلا يادىمدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئىككى قۇرلۇق «دەپ ئاتىلىدۇ»لارنىمۇ يادلىۋالغاندەك قىلغىنىم بىلەن

بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالىمەن. خىممىيەدىكى مەسىلىلەرنىڭغۇ پەقەت ئىشلىيەلمەيۋاتىمەن.

— ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇپ باقمىن دېسەك، «ئۇنداق تىرىشىمەن، مۇنداق تىرىشىمەن» دەپ كېتىۋىدىڭ. ئەمدى... ئۈچ يىل تەكرار ئوقۇغان دەرسلەر بولغاندىكىن، بۇ چاغقىچە پەش - چېكىتلىرىگىچە كاللاڭغا قۇيۇۋېلىشىڭ كېرەكتىغۇ؟!

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئاپا، ئىككىنچى قېتىم تەكرار ئوقۇغاندا ئۆزۈمنى خېلى ئىلگىرىلىگەندەك ھېس قىلغان. شۇڭا ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇسام بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاسان چۈشەندىكىن دېسەم، نېمە بولدۇمكىن، ئەمدى پەقەتلا بىلەلمەيۋاتىمەن. ھازىر غەمدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. مەكتەپكە بارسام ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى يادىمغا كېلىۋېلىپ مېنى قورقۇنچ باسىدىغان بولۇپ قالدى. كىتابنى قولۇمغا ئالسامۇ شۇ. ئىچىم سىقىلىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم، ئاپا.

سائادەت ئوغلىنىڭ شۈمشىيىپ تۇرغان بىچارە تۇرقىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، ھەتتا ئوغلىدىن نومۇس قىلغۇسى كەلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئادەم ھەرقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، ھەرقانچە ئۈمىدسىزلىككە پاتسىمۇ بۇنچىلىك بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالسا بولمايتتى. ئەكسىچە تىنىقى ئۆزۈلگۈچە ئىزدىنىشى، تىرىشىپ بېقىشى كېرەك ئىدى. دوستىنىڭ شەھەرلىك پاختا شىركىتىدىكى ئېرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغان ۋاقتىدا شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا

دىرېكتورنىڭ ئالدىغا تىزلانغانلىقىنى ۋە ئاخىرى ئىش ئورنىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا نومۇستىن تىترەپ كەتكەنىدى. دوستىنىڭ ئېرىدىنمۇ، خەق تىزلانغانلىقى ئۈچۈنلا قارارىنى ئۆزگەرتكەن دىرېكتوردىنمۇ نەپرەتلەنگەنىدى. دوستى بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ شىركەت ئۇستىدىن قىلغان «غەلىبىسى» سۈپىتىدە مەغرۇرلىنىپ سۆزلىگەن تېخى! شۇ چاغدا ئۇ دوستىنىڭ سائادەتنىڭ قەلبىدىكى سىماسى قانچىلىك غۇۋالىشىپ كەتكەن ئىدى ـ ھە!

ئەمدى ئۇنىڭ نومۇس ئوتلىرىنى لاۋۇلدىتىپ ئۇنىڭ ئوغلى ــ كوچىلاردا غادىيىپ، قولىنى ئىشتان يانچۇقىدىن چىقارماي، ئىككى يانغا چىرتىلدىتىپ تۈكۈرۈپ، بىر توپ بالىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان يىگىتنىڭ ھالى شۇ بولسا... سائادەت ئېغىر تىندى.

ــ ئوقۇش ساڭا راستلا ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟

ــ بەكلا ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، ئاپا،ــ ئالىم ئىتتىككىلا جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ئاپىسىنىڭ بىرپەس جىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى «ئاپام مېنىڭ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىم ياكى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىم ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان ئالىمنىڭ كۆڭلى تىنىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ تاپتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سايىسىدا راھەت ـ پاراغەتتىن باشقىنى ئويلىماس بولۇپ قالغان بۇ بايقۇش ئاپىسىنىڭ ۋىجدان تارازىسىدىكى غەلىيانىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

— ئۇنداقتا قانداق قىلاي دەيسەن؟

— ئاپا، مەن ئوقۇغىنىمنى بىلەنمۇ نەتىجەمنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ياخشى بولۇشى ناتايىن. ئالغان ئازغىنە نومۇرۇم بىلەن ئۆزۈمنىلا ئەمەس، سىلەرنىمۇ نومۇسقا قويىدىغانلىقىم ماڭا ئايان. ھەرقانچە تىرىشتىم دېگىنىم بىلەنمۇ قالغان ئىككى ئايدا... مەن... ئالىي مەكتەپكە بەرىبىر ئۆتەلمىگۈدەكمەن.

— ئۇنداقتا قانداق قىلماقچى؟ مەقسىتىڭنى دە.

— ئەھۋالىم بەرىبىر شۇ بولغاندىكىن مەكتەپتىن يالتىيىپ قالايمىكىن، دەيمەن. ھەي، ئەسلىي سىلەرنىڭ گېپىڭلەرگە كىرىپ ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇسامىمۇ بوپتىكەن.

— ئەمدى بۇ گېپىڭنى قوي. ئوقۇشتىن توختاپ نېمە ئىش قىلماقچى؟ بىكار يۈرمەكچىمۇ؟ سودا قىلماقچىمۇ؟ سودا قىلساڭ، نېمە سودا قىلالايسەن؟ قانچىلىك تەجرىبەڭ بار؟

سائادەت ئاچچىقى بىلەن قايناپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئالىم بىر ئاز قورقتى.

— يا يېزىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلامسەن؟ ئۇنداق خىيالىڭ بولسا ياخشى. شەھەر ئەتراپىدىن ئاتاڭ بىرنەچچە مو ئۆزۈملۈكنى كۆتۈرە ئېلىپ بەرسە بولىدۇ. يا سەن كۆكلۈككە پۇكۇپ قويغان ئوقەت - پوقىتىڭ بارمۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم ئاپىسى ئۇنى راستلا يېزىغا يەر

تېرىش ئۈچۈن ئاپىرىۋېتىدىغاندەك جىددىيلىشىپ قالدى ۋە ئىچىدىكىنى ئېيتىۋەتتى:

— ئاپا، ئاتامغا دېسەڭ، مېنى بىرەر ئىدارىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسا...

سائادەت ئالىمغا ھەيرانلىقتىن تىكىلىپ قاراپلا قالدى:

— ھە، مۇنداق كاتتا پىلانىم بار دېگىن.

— ئاپا، مەن ھەرقانچە كاللىسى ئىشلىمەس ئادەم بولسامۇ بىكار يۈرۈشنى خالىمايمەن. دەرستە ناچار بولغىنىم بىلەن ماڭا ماس كېلىدىغان خىزمەت بولسا ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيمەن.

بۇنى ئاڭلىغان سائادەتنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى. ئوغلىنىڭ قەتئىيلىكى، ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزى، نېمىلا بولسۇن ئۆزى قىلالايدىغان ئىش بىلەن نىشانىنى ئېيتىپ بېرەلىشى ئۇنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق ئانىلارنىڭ ئورتاق ئارتۇقچىلىقى، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە ئاجىزلىقى بولۇپ قالىدىغان ئانىلىق مېھرى ئۇنى ئالداپ كەتتى، چۈنكى ئۇ شۇ دەقىقىدە ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ كېتىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا مەكتەپتە تەكرار ئوقۇيدىغان ۋاقتىدىمۇ ئالىمنىڭ ئاشۇنداق تەرزدە گەپ قىلغىنىنى، ھەتتا ۋەدە بەرگىنىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئانىلىق باغرى بالىسىنى ئەللەيلەشكە تەييارلانغان سائادەتنىڭ ئويىدىن «راست، ئوقۇشى ناچار بالىلارغا مەكتەپكە بېرىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب يوق. ئۇلار مۇئەللىملىرىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن، دەرس بىلەلمىسە، تاپشۇرۇقنى توغرا ئىشلەپ

كېلـەلمىسـە تىل ـ دەشنـام تەييار تـۇرغان. ئىمـتىھانـدا نەتىجـىسى تۆۋەن بـولۇپ قالسـىغۇ ئۇ بـالىنىـڭ ھالـىغا ۋاي... باشلانـغۇچ مـەكـتـەپ بالـىسـى بولسـىغۇ مـەيلـى. چوپچوكـلا بولۇپ قالغان بىر بالىغا بۇلار ئەلۋەتتە ئېغىـر كېلىـدۇ ـ دە. ئالىم راسـت ئېيتـىـدۇ، بۇنـىڭغا چىـداپ ئۆتمەك تەس» دېگەنلەر كېچىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزىگە بولسا مـۇنداق كۆرۈنـۈش كـۆرۈنگەنـدەك بـولدى: ئالـىم سىنىپتا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قـويۇلغان، مـۇئەللـىمى ئۇنىـڭ پېشانىسىگە قولىنى سانجىپ ۋارقىرىماقتا... بـۇنىڭدىـن سـائـادەت ئـەنـدىـكـتـى. گـەرچـە سـائـادەت ئـۇنـداق بولمايدىغانلىقىنى بىلـىمۇ، لـېكىن ئـالىمنىـڭ ئالـي مەكتەپ ئىمتىھانـىدىن ئۆتـەلمەيدىغانلـىقىغا ھـەقىقـي ئىشەندى، ھەتتا ئالىمنىڭ ئالـي مەكتـەپ ئىمتـىھانىـدا تـۆۋەن نومۇر ئېلىپ «يـۈتـۈن ئائىـلـىسـىـنى نومۇسـتـا قويىدىغانلىقى» ھەققىدىكى گېپىگىمۇ ئىشەندى.

— ئەمما، بالام، ئۇنداق ئاسان ئىش ھازىر نەدە بار؟ — بوشىشىپ سورىدى سائادەت.

— بار!

— كىم ئۇ؟

— ھېلىقى سېلىمىنى بىلمەسەنغۇ؟ ئالدىنقى يىلى قۇربـان ھېيتـتا كەلگـەندە ئېھـتىياتـسىزلـىقتىن سـەن ئامراق گـۈلۈڭنىڭ تـەشتـىكـىنى چېـقىۋەتكـەنچۇ؟ شـۇمـۇ تولۇق ئوتتۇرىنى يۈتكۈزۈپـلا ئاتىسىنىڭ كـۈچى بىلـەن ئورمانچىلىق پونكىتىغا ئورۇنلىشىۋالدى...

— بۇرۇنقى ئىش ئىكەنغۇ ئۇ...

— ئاپا، يول بولسىلا قىلغىلى بولىدىكەنغۇ.
— مەن بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.
— ئاپا، هە دېگىن، ئۆتۈنۈپ قالاي. ئوقۇشۇمۇ شۇ تۇرسا، مەن بىر ئىش قىلمىسام قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭ بىكار يۈرگۈم يوق. قولۇمدىن كېلىدىغان بىرەر خىزمەتنى ئىشلىگۈم بار. سەن ئاتامغا دەپ باقساڭ بولساڭ.
سائادەت ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.
— ئاپا، مەن ياخشى ئىشلەيمەن. سىلەرنى يەرگە قاراتمايمەن. ئاپا، ئاتامغا ۋاقتىدا دەپ باق، بۈگۈنلا دەپ باق...
زېهنى چېچىلىپ كېتىۋاتقان سائادەت چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ قالدى:
— ئاپا، مېنى يەنە ئوقۇ دەپ مەجبۇرلىمىساڭلار. هېلىمۇ سىنىپتا باللارنىڭ ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمەي يۈرىمەن. بۇنداق بولۇشۇمنى بىلگەن بولسام، باشتىلا ئوقۇمىغان بولاركەنمەن.
ئالىمنىڭ بۇ گەپنى دېگەندىكى سولغۇنلۇقى سائادەتنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. «بالامنىڭ بۇ هالىغا قاراپ تۇرسام ئەلۋەتتە بولمايدۇ. ئۇمۇ يامان ئىش قىلمەن، تەييار تاپ بولىمەن، دېمىدى. ئىشلەي، خىزمەت قىلاي دەۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئىش بولسا قىلسىلا تۇگىمەمدۇ؟ بۇنىڭ نەرى خاتا. ئامالىنى قىلىپ باققۇلۇق...» دەپ ئويلىغان سائادەت بېشىنى لىڭشىتتى:
— بولىدۇ، مەن ئاتاڭغا دەپ باقاي.

# ئۈچىنچى باب

## كۆيۈك ئوتى

شەھەرنىڭ قايناق، ئاۋات تۆت كوچىسىغا جايلاشقان «مىڭئۆي رېستورانى» ئازادلىقى، چوڭلۇقى، بېزەكلىرىنىڭ ئېسىللىقى، ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان رېستوران. ئۇنىڭ ئايرىمخانىلىرىغا «مۇقام»، «ئاستانە»، «ئاتەش» دەپ ئىسىم قويۇلۇشى، زال ئىچىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەھمۇد كاشغەري، ئامانىنساخان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق مەشھۇر زاتلىرىمىزنىڭ رەسىمى ۋە كاتتا ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەرنىڭ ئېسىپ قويۇلۇشى شەھەر خەلقى ئۈچۈن ئاجايىپ بىر يېڭىلىق تۇيۇلغان. شۇڭا، بۇ رېستوران ھەممە كىشىنىڭ تىلىدا. ھەتتا بۇ رېستورانغا كىرىپ تاماق يېيىشكەنلىرىنى، مېھمان بولۇشقانلىرىنى ھەۋەس بىلەن پاراڭ قىلىش ماختىنىشنىڭ بىر شەكلىگە ئايلانغان. يېنى توملار سىرتتىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلىرىنى مۇشۇ رېستوراندا مېھمان قىلمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالغان. قىسقىسى، «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ بۇ يىللاردا پەيدا بولۇشى بۇ يۇرت ئۈچۈن

يېڭى بىر ئىستېمال بازىرى ئاچقان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەنىدى.

شۇ تاپتا بۇ رېستوراننىڭ سەھنىسىدە تۆت قىز لەرزان ئۇسسۇلى بىلەن ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ زوقىنى قوزغاپ، ئۇلارغا سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلىغا مەپتۇن بولغان كىشىلەر ئاستا پىچىرلىشاتتى:

— قايسى ئۆمەكنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىدۇ بۇلار؟

— ئۇرۇمچىدىن تەكلىپ قىلىپتىمۇ نېمە؟

— بۇ ئۆمەر جىڭلى دېگىنى بەك يامان نېمىكەن جۇمۇ! ھېچكىم ئويلاپ يەتمىگەندە مۇشۇنداق رېستوراننى ئاچتى. بولمىسا نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مۇنداق رېستوراننى ئۇرۇمچىدە كۆرۈپ تۇردۇق بولمىسا. مانا ئەمدى بۇ قىزلارنى پەيدا قىلىپتۇ.

— كاتتا رېستوران، پەرىدەك ئۇسسۇلچىلىرى بىلەن پۇل دېگەننى غازاڭنى يىغقاندەك يىغىۋالىدىغان بولدى - دە.

— شۇنداق قىلمىسا رېستورانغا خەجلىگەن پۇلنى تىرىلدۇرەلمەيدۇ.

— بانكىدىكى بىرەيلەن ئۆمەر جىڭلىنى بەك يۆلەپتۇ دەيدىغۇ.

— ئۇنداق دەپ ئېچىكنى ئىسسىق قىلما. سېنى يۆلىگەن بىلەن سەن بۇنچىلىك ئىش قىلالمايسەن.

— ئۆمەر جىڭلىغىمۇ بىزدەك پۇل خەجلەپ بېرىدىغانلار لازىمدۇ؟

— بولدى قىلىڭلار. ئۇ پەرلەر يەنە ئۇسسۇل ئوينايدىغان بوپتۇ.

قىزلار يەنە سەھنىدە پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ شوخ، تېتىك ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ مەردانە، جۇشقۇن تەرىپىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. مېھمانلار ئۇلارغا ھەقىقەتەن قايىل بولدى، ئاپىرىن ئوقۇدى:

— ھەقىقىي سەنئەت ئەھلى ئىكەن بۇلار.

— ئۇسسۇل دېگەننى مۇشۇنداق ئوينىمامدۇ!

— نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنى دەيمەن. ئۇسسۇلغا خۇمار تويچى خوتۇنلاردەك ھەرىكەتلىرىنى... يا بۇ يەردە توي بولمىسا...

رېستوراننىڭ سەھنە جابدۇقلىرىنى باشقۇرىدىغان يىگىت سەھنە ئارقىسىدىن چىقىپ سەھنىنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارنى كۆزىتىپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق، سەل سەمرىگەن، چېچىنى سىپتا قىلىپ كەينىگە تارىۋالغان يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ئوپچان يىگىتنىڭ يېنىغا باردى:

— ئۆمەر ئاكا، بۇ ئۇسسۇلچىلارنى تەشكىللەپ ناھايىتى توغرا قىپسىز. مېھمانلار ئۇلارنى بەك ئالقىشلاۋاتىدۇ، مېھمانلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. بايا باش مۇلازىمەت ئورنىغا بېرىپ ئۇقۇشسام ئۈچ كۈنلۈك شىرە ئالدىن تىزىملىنىپ بوپتۇ.

ئۆمەر ئۇنىڭغا قاراپ يېنىك كۈلۈپ قويدى ۋە بىر نەرسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك:

— سودىمىز مۇشۇنداقلا مېڭىپ بەرسە بولدىغۇ، — دېدى.

— بۇنىڭدا گەپ يوق، ئاكا. بىزنىڭكىدەك كاتتا رېستوران بولمىسا تېخى! ئۇيغۇرلار ئاچقان رېستوران مۇشۇ بىرلا تۇرسا.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ. بازار دېگەندە رىقابەت بولىدۇ. باشقا كىشىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەقلى بار. باشقىلارمۇ رېستوران ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

— بىز خەقچۇ مۇشۇنداق، — دەپ ئاچچىقلاندى ھېلىقى يىگىت، — ئەمدى بىر ئىشنى باشلىساڭ دوراپ نەچچىسى چىققان...

— بۇنىڭغا ئىچىڭنى ئاچچىق قىلما. بىزگە رىقابەتلىشىدىغان بىر رېستوران بولغىنى ياخشى. بولمىسا، «ئىش مۇشۇنداق ماڭىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ تەرەققىي قىلالمايمىز. ئۇلار ھازىر رېستورانىنى زىننەتلەشنى تۈگىتەي دېدى. ئۇنىڭچە بىز ئۆزگىچە ئىشتىن بىرنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرساق ئوبدان بولاتتى.

— قانداق ئىشنى دەيسىز؟

— مەنمۇ ئېنىق بىر نەرسىنى ئويلىيالمايۋاتىمەن. ئىشقىلىپ، ئەمدى ئېچىلىدىغان رېستورانلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە ئىشتىن بىرنى قىلساق بولاتتى. ناخشا - ئۇسسۇل، تاماق دېگەنلەر رېستوران بولغاندىكىن بار بولىدۇ. بۇ ئورتاق بىر ئەھۋال. مېنىڭ كۆزدە

تۇتقىنىم باشقىلارنىڭ قىلىشى تەس بولغان ئىش. سەن ئوبدانراق ئويلاپ باق.

— بولىدۇ، ئالاھىدە دېگۈدەك نېمە ئىش باردۇ؟

ئۆمەر گەپنى تۈگىتىپ ئىشخانىسىغا ماڭدى. ئۇ بىر ياقتىن سودىسىنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇپ، يەنە بىر ياقتىن ئىشىنىڭ جىددىيچىلىكىدىن ھېرىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن «ئۇھ» دەپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك چېكىلدى. رۇخسەت بېرىلىۋىدى، ئىشىكتىن بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ تۆت قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىشىلەرنى «پاھ» دېگۈزۈۋەتكەن ھېلىقى تۆت ئۇسسۇلچى قىز ئىدى. ئۆمەر ئۇلارنى كۆرۈپ كۈلۈپ تېز ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار،— دەپ ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئوبدان كېلىشىپ قالدۇق، رېستوران بىزگە ياراشتى، بىز رېستورانغا ياراشتۇق،— دېدى رابىيە چاقچاق ئارىلاش.

— ياق، سىلەرنىڭ ئايىغىڭلار ياراشتى،— دېدى ئۆمەر ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ،— بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن سوغۇق ئىچىملىك...

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ،— دېدى رابىيە قىزلارغا قاراپ كۆز قىسىپ،— بىزنى قوللىغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن سىزنى مېھمان قىلغىلى كىردۇق.

— بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟— دېدى ئۆمەر جىددىيلىشىپ،— مەن سىلەرنى مېھمان قىلسام بولىدۇ.

— بىز ئېغىز ئاچمىغىچىلا بۇ گەپ ئېغىزىڭىزدىن چىقمايۋاتسا.

بۇ گەپ بىلەن قىزلار كۈلۈشتى. ئۆمەر «ئەستا» دېگىنىچە گەجگىسىنى سىلىدى ۋە:

— ئەمىسە ماڭايلى، «ئوردا مېھمانسارىيى»نىڭ باراڭلىقى قىزىپ كەتكەندۇ؟

قىزلار «هوي!» دېيىشىپ سىرتقا مېڭىشتى.

«ئوردا مېھمانسارىيى»نىڭ هويلىسىدىكى چوڭ ئۈزۈم بارىڭى ئاستى كۆكۈل ئېچىش ئورنى قىلىپ ياسالغانىدى. ياز كۈنى بەك ئىسسىپ كېتىدىغان يۇرت ئۈچۈن بۇ تولىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يەر ئىدى. بولۇپمۇ كەچلىكى سالقىنلىقى بىلەن كىشىگە هۇزۇر بېغىشلايتتى.

ئۆمەر ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈل خاھىشى بويىچە سوغۇق ئىچىملىك بۇيرۇتتى. ئوتتۇرىدىكى كەيپىيات تەڭشەلگۈچە ئۆمەر ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى بېسىش ئۈچۈن تاماكا تۇتاشتۇردى.

— سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن تاماكا چەكمىسىڭىز بولمامدۇ؟— دېدى رابىيە. بۇ گەپ بىلەن قىزلار بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

— ھەي، ئۆگىنىپ قاپتىمەن. بولمىسا نەچچە قېتىم تىرىشتىم، لېكىن پەقەت تاشلىيالمىدىم،— دېدى ئۆمەر تاماكا ئىسىنى ئاستا بىر يانغا پۈۋلەپ.

— مەنمۇ ھەيران،— دېدى مۇيەسسەر گەپ

قىستوْروْپ،ــ ئەرلەر هەر ئىشقا چىدىسىموْ، موْشوْ تاماكا خوْمارىغا چىدىمايدىكەن.

ــ ئوْنداق ئەمەستوْ،ــ دېدى نوْسرەت شەيتانلىق بىلەن،ــ هېلىقى قاهار چىدىمىدىغوْ.

ــ نېمىگە چىدىمىدى؟ــ سورىدى ئۆمەر قىزىقىپ.

ــ بولدى قىلە،ــ دېدى موْيەسسەر قىزىرىپ.

ــ ئەيىب ئىش بولمىسا يوشوْروْپ نېمە قىلىدوْ،ــ دېدى رابىيە،ــ دەۋەرگىن، نوْسرەت. بوْ يەردە يات ئادەم يوق. ئۆمەرجانموْ ئۆز ئادىمىمىز.

ــ ئوْ قاهار موْيەسسەرگە كۆيوْپ قېلىپتىكەن. بوْ خېنىم «هە» دېمىگەندىكىن، ئوْ بىر قېتىم مەست بولوْپ قېلىپ ئالدىمىزدىلا موْيەسسەرگە «دەردىڭىزگە چىدىمىدىم» دەپ يىغلاپ پوككىدە تىزلاندى.

بوْ گەپ بىلەن ئوْلار قاقاهلاپ كوْلوْشتى.

ــ بولدى قىلىڭلار،ــ دېدى موْيەسسەر خاپا بولوْپ.

شوْ ۋاقىتتا ناخشا باشلاندى:

شېرىنىنى سۆيەر بولساڭ،
پەرهاتىنىڭ ئۆزى بولغىن.
... ...

ــ ئوينىغىلى كەلگەندىكىن ئوينايلى، قوپوْڭە، ئۆمەرجان،ــ دېدى رابىيە ئورنىدىن توْروْپ. بوْنى كۆرگەن قىزلار «ئوهوي، رابىيە بوْگوْن دەهشەتقوْ» دېيىشىپ كەتتى. ئۆمەر كوْلوْپ ئورنىدىن توْردى.

— بۈگۈن باشقا ئىشىڭىز يوق بولغىيتتى، ئۆمەرجان؟ — سورىدى رابىيە.

— يوق، — دېدى ئۆمەر رابىيەنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، — بولسىمۇ، سىزلەر ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قايرىۋېتىمىز.

— گېپىڭىزدە تۇرۇڭ، — دېدى رابىيە خۇش بولۇپ، — ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن بىللە ئولتۇرايلى دېسەك باھانە كۆرسىتىدىغان بولسىڭىز سىزنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمىز.

رابىيە شۇنداق دەپ ئۆمەرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. ئۆمەر باشقىلاردىن يۈزۈر كىيىنگەن بۇ چىرايلىق قىزنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان يېقىنچىلىقىدىن تۇرۇپ يۈرىكىگە ئىسسىق ئېقىم تارىسا، تۇرۇپ قورۇنۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل مۈرەككەپ ھېسسىياتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناخشا ھەققىدە ئېغىز ئاچتى:

— مەن بۇ ناخشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

رابىيە ناخشىغا زەن قويدى:

مەجنۇننى كۆرەر بولساڭ،
لەيلىنىڭ كۆزى بولغىن.

رابىيە بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى ۋە:

— راست مۇڭلۇق ناخشىكەن، — دېدى. ئاندىن چىرايىغا پەرىشانلىق تېپىپ چىقتى، — سىز ھازىر كىمنىڭ ئۆزى ۋە كۆزى؟

ئۆمەر قىزغا «لەيپىدە» قارىدى:

— ھازىرغىچە كىمنىڭ كۆزى، كىمنىڭ ئۆزى بولۇشنى بىلەلمەي يۈرىمەنغۇ تاڭ.

بۇ جاۋاب بىلەن رابىيەنىڭ چىرايىدا يەنە خۇشاللىق جىلۋە قىلدى.

— سىزگە شېرىندەك، لەيلىدەك قىزلارنىڭ نېسىپ بولۇشىنى تىلەيمەن.

— سىزنىڭ تىلىگىنىڭىزدەك بولۇشنى خالايمەن، — دېدى ئۆمەر، — پەرھات - شېرىن، لەيلى - مەجنۇن ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلار.

— يەنە بار، تاھىر - زۆھرە!

— غېرىب - سەنەم!

رابىيە ئويلىنىپ قالدى ۋە يادىغا ئالدى:

— يۈسۈپ - زۇلەيخا!

ئۆمەر ئويلاپ ئولتۇرمىدى:

— ۋامۇق - ئۇزرا!

ئەمدى رابىيە ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ تاپالمىدى.

— دەڭە، — دېدى ئۆمەر.

— ئەمدى تۈگىدى.

— ياق، تۈگىمىدى.

— ئەمىسە دەڭە.

ئۆمەر كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— رابىيە - سەئىدىن!

رابىيە بۇنى ئاڭلاپ ئاجايىپ بىر ھېسسىيات بىلەن

ئۆمەرگە تىكىلدى. شۇ چاغدا مۇزىكا تۈگىدى. ئۇلار ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھەي، رابىيە، سەن ئۆمەرجاننى تانسا ئويناشقا تەكلىپ قىلدىڭمۇ ياكى پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلدىڭمۇ؟ — دېدى مۇيەسسەر ئۇلار ئولتۇرۇشىغىلا.

رابىيە شۇندىلا ئۆزىنىڭ قىزىپ كېتىپ چاندۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلدى. ئەمدى بۇ جاۋىلداقلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولسۇنمۇ؟

دېگەندەك، مۇيەسسەرنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا نۇسرەت ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— راست، بىز تانسا ئوينىغاچ پاراڭلاشساق، سەن پاراڭلاشقاچ تانسا ئوينىدىڭمۇ نېمە؟

— تاس قالدى تېخى تانسا ئويناشنى ئۇنتۇپ قالغىلى.

— ئۆمەرجاننىڭ قولىنى تۇتقاچ پاراڭلاشسا ھۇزۇر بولماي... شۇنداقمۇ، رابىيە؟

ئۆمەر ۋە باشقا قىزلار دەممۇدەم كۇلۇپ چاقچاقنى ئەۋجىگە چىقىرىۋەتتى. بۇ گەپلەردىن رابىيە خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا مۇشۇنداق گەپنىڭ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىپمۇ كەتتى. ئەمما، ئۆمەر چاقچاق بىلەن گەپكە ئارىلاشتى:

— ئۇنداقتا سىلەردەك گۈزەل قىزلار ئۈچۈن ئىككى قولۇمنى بېغىشلايمەن. قېنى، بەھۇزۇر تۇتۇۋېلىڭلار.

— بىزنىڭمۇ جان دەپ تۇتقىمىز بار، لېكىن ئۇنداق قىلساق رابىيە بىزنى ئۇرۇپ سالارمىكىن؟

ئۇلارنىڭ چاقچىقى ۋە كۈلكىسى سورۇننىڭ ئاخىرىغىچىلا داۋام قىلدى.
ئۆمەر قىزلار بىلەن خوشلاشتى. ئۆمەر كېتىشى بىلەنلا يەنە قىزلارنىڭ زوۋانى ئېچىلدى.
— رابىيە، ئۆمەرجاننى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — دەپ ئۇدۇللا سورىدى نۇسرەت.
— ماڭە، — دېدى رابىيە خاپا بولغاندەك بولۇپ.
— سەندە بىر گەپ بار، بۇگۈن ئارانلا قالدىڭ ئۇنى قۇچاقلىۋالغىلى، — دېدى مۇيەسسەر.
— بىرى پۇلدار يىگىت، يەنە بىرى شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى. بۇلارنىڭ تازا تېپىشقىنىنى قاراڭلار.
— بولدى قىلىشە، مازلار، — رابىيە سەل چىدىمىدى.
— ماز دېگەن سەن، مەكتەپ پۈتكۈزگىچە چىدىماي ھېلىتىدىنلا ئەر غېمىگە چۈشكەندىكىن، — دېدى يەنە بىر قىز.
— ئۆزۈڭچۇ؟ تېخى ئالدىنقى مەۋسۇمدىلا تەنتەربىيە سىنىپىدىكى غالىبنى «ئۇنىڭغا تەگمىسەم ئۆلىمەن، ئۆچىمەن» دەپ يۈرمىدىڭمۇ؟
— بولدى، قىزلار، — دېدى نۇسرەت، — بىر - بىرىمىزنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايمايلى. بولمىسا، ھەممىمىزنىڭ يېتەرلىك چاۋىمىز بار. جاھان شۇنداق ئىكەن. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن. بۈگۈن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق. ئۆمەرجان ياخشى يىگىت ئىكەن. تەلىيىمىزگە ئارىمىزدىن بىرىمىزگە نېسىپ بولسۇن، خوش!

قىزلار خوشلاشتى. «بىر ىمىزگە نېسىپ بولسۇن، دەپ كەتكىنىنى! خام خىيال! مانا ماڭا نېسىپ بولىدۇ، ماڭا!» رابىيە چىدىماسلىق بىلەن شۇلارنى ئويلاپ ماڭدى.

رابىيە ھەقىقەتەن ئۆمەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. بۇ ئوتنى يىگىرمە نەچچە كۈن بۇرۇن ئۇلار ئۆمەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناش ئىشىنى دېيىشكىلى بارغاندىلا رابىيە ئۆزىگە تۇتاشتۇرۇۋالغانىدى.

بۇ ئوت ھازىر يالقۇنجاۋاتاتتى.

※ ※ ※

كۇتۇش ۋە ئايىسىنى سۆيلەش بىلەن ئالىم نەچچە كۈننى تەستە ئۆتكۈزدى.

بىر ئەتىگىنى كۆزىنى ئېچىپلا ئادەتلەنگىنى بويىچە دەرھال سائەتكە قارىغان ئالىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، سائەت ئورۇمچى ۋاقتى سەككىزدىن ئېشىپ قالغانىدى. دەرس ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن. بۈگۈن بىرىنچى سائەتلىك دەرس گېئومېتىرىيە. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گېئومېتىرىيە مۇئەللىمى بەكرى «زەھەر» كەلدى. ئۇنىڭ كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ چېچىلىشلىرى، ئاسانلا ئاچچىقلىنىپ كېتىشى، قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرگىنىچە تېرىكىشلىرى ئالىمنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. كۈندە سائەت يەتتە بولا - بولمايلا ئويغىنىۋېتىدىغان مۇنۇ ئايىسىغا بۈگۈن نېمە بولدىكىن؟

بۈگۈن ئەجەب چاقىرماپتىغۇ؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بەكرى «زەھەر»نىڭ دەشنىمىنى ئىشىتىپ شۈنچە بالىنىڭ ئالدىدا بېزىرىپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ يا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتسۇنمۇ؟ «ئەستا، قانداق قىلاي؟ بۇ ئاپامنىزە... بولدىلا، بۈگۈن ئاغرىق بولۇۋالاي. چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپكە بارماي. ئاغرىق بولۇۋالاي... ھەي، قاچانمۇ قۇتۇلارمەن بۇ دەرس بېسىمىدىن...»

ئۇ يۈزىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ تەمتىرەپ قالدى، چۈنكى ھويلىدا ئاپىسى كۆدە ئادالاپ ئولتۇراتتى.

— ئاپا، ئىشقا بارمىدىڭما؟ — ئالدىراپ سورىدى ئالىم.

— بۈگۈن ماڭا دەم ئېلىش، — دېدى سائادەت. ئاندىن ياندۇرۇپ سورىدى، — ھە، سەنچۇ؟ دەرسكە بارماي تېخىچە يېتىپسەنغۇ؟

— سەنمۇ مېنى ۋاقتىدا چاقىرىپ قويماي. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئارام ئېلىپ چۈشتىن كېيىن باراي دېگەن...

ئالىم: «ئاپام: ‹نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟›، دەپ زىغىرلاپ سوراپ كەتسە قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئەنسىرەپ تۇرۇۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئاپىسى بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. بۇنىڭغا ھەيران قالغان ئالىم يۈزىنى يۇيۇشقا تۇتۇندى.

ئالىم يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ تۇرۇۋىدى، سائادەت ئېغىز ئاچتى:

— ئاخشام ئاتاڭ بىلەن سەن توغرۇلۇق كۆپ پاراڭلاشتۇق. راست گەپ قىلسام، ئاتاڭنىڭمۇ ساڭا كۆزى يەتمەي تۇرۇپتىكەن، شۇڭا ئاتاڭ: «ئۇنداق يېرى بولسا مەكتەپكە بارمىسۇن» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم خۇشال بولۇپ كەتتى:

— مەن... مەن نېمە ئىش قىلغۇدەكمەن؟

— ئاتاڭنىڭمۇ ئويلاپ قويغان يېرى بار ئىكەن. سەن ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ يۈرمىدىڭمۇ؟ ئاتاڭ سېنى تېخىمۇ ياخشىراق ئۆگىنىپ مەشىق قىلسۇن، دەپ جېكىلىدى.

— يەنە مەشىق قىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئاپا، ھازىر ماشىنا ھەيدەش مەن ئۈچۈن ئادەتتىكىلا بىر ئىشقۇ؟

— نېمىلا بولسا ئاتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقساڭ نېمە بولىدۇ؟ گەپنى ئاز قىلىپ، ناشتا قىلىۋېلىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بار. شۇ يەردىكى بىرەر ماشىنىنى ھەيدەپ مەشىق قىلغۇدەكسەن.

— ئاتام ماشىنىسىنى بېرىدىغان بولدىمۇ؟

— ياق، ئاتاڭ گۈلباغ يېزىسىغا نەق مەيدان يىغىنىغا كەتتى. بىرىپ ئىشخانا مۇدىرى ھامۇتنى ئىزدە. ئاتاڭ شۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

— ماقۇل، ئاپا!

— ھازىر مەكتىپىڭگە بېرىپ سىنىپ مەسئۇلۇڭغا دەپ قويۇپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بار.

— بولىدۇ، ئاپا!

— بالام، ئاتاڭ ئىككىمىزنىڭ ئارزۇيىمىز سېنى بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئىدى، شۇڭا سېنى ياخشى ئوقۇسىلا بولدى، دەپ دېگىنىڭنى قىلىپ بېرىپ كەلدۇق. ئاتاڭنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كىرىمەن دېگەن سىنىپىڭغا ئەكىرىپ قويدۇق، ھەتتا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، سەن دېگەن ئەدەبىيات مۇئەللىمىنىمۇ سەن ئوقۇيدىغان سىنىپقا دەرسكە كىرگۈزدۇق. لېكىن سەن ئىككىلا قېتىمدا بىزنى يەرگە قاراتتىڭ. ئەمدى كېلىپ ئاز قالغاندا بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاتاڭ ئىككىمىزنى بەك ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتىڭ. ئاتاڭنىڭ ساقا بەك ئاچچىقى كەلدى. لېكىن، بالام، يەنە ساڭا چىدىمىدۇق. ئاتاڭمۇ ئەمدى يەنە سەن ئۈچۈن يۈزىنى قېلىن قىلىدىغان بولدى. يەنە يۈزىمىزنى يەرگە قارىتىدىغان ئىش قىلىدىغان بولساڭ ئاتاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالىدۇ. شۇ تاپتا ئاتاڭ ئارانلا تۇرۇپتۇ.

— ئىككىڭلارنىڭ سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايمەن، ئاپا. تىرىشىپ ئىشلەيمەن.

— چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قالدىڭ. ئالدى ـ ئارقاڭغا قاراپ ئىش قىلىشنى ئۆگەنگىن.

— ماقۇل، ئاپا.

شۇ چاغدا سائادەت ئالىم زارىقىپ كۈتۈۋاتقان گەپنى قىلدى:

— قارىغاندا ئاتاڭ سېنى بىرەر ئىدارىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

— ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى!

خۇشاللىقىنى ئىچ - ئىچىگە پاتقۇزالمىغان ئالىم بېشىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراپ - تېنەپلا ناشتا قىلدى - دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

بۇرۇن مەكتەپكە ماڭغاندا دەرس ئۆگىنىش ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەشلەر بىر پارچە غەم بولۇپ ماڭىدىغان ئالىم بۈگۈن ئۆزىنى تولىمۇ يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇ تاپتا سوئالغا جاۋاب بېرىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش، دوسكىغا چىقىپ مەسىلىنى ئىسپاتلىيالماي بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇش دېگەندەك ئىشلار ئۇنىڭدىن مەڭگۈگە يىراقلاپ كەتكەندەك ئىدى. ئالىم ئەتراپقا ھاياجان، غەلىبە ھېسسىياتى بىلەن باقاتتى. مۇمكىن بولسا ئالدىغا ئۇچرىغان بىرەرسىگە «ئەمدى مەن ئوقۇمايدىغان بولدۇم» دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. خۇشاللىقتىن ئۆزىنى باسالمايۋاتقان ئالىمنىڭ خىيالى پات - پات ئالمىشاتتى. «داڭلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتسەڭ ئۆت! مېنىڭ نېمە ئىشىم»، «بەكرى ‹زەھەر›، تاپشۇرۇقنى ئۆزۈڭ ئىشلەپ، ئۆزۈڭ تەكشۈرۈۋال!»، «ھەي، يالغان تىرىشچانلار، ئەمدى نومۇرى تۆۋەن بالىلارنىڭ ئىسمىلىكىدىن مېنىڭ ئىسمىمنى تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار!» ئالىم مۇشتلىرىنى تۈگۈپ جەڭگىۋار بىر مارشقا قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز سىلىم «كۈچۈك»نى يادىغا ئالدى: «ۋاي كۈچۈك، بىر موتوسىكلىت مىنىپ قويۇپ ئۆزۈڭنى بىلەلمەي كېرىلىپ

كېتىپسەن. مانا مېنى كۆر. پىكاپ ھەيدەيمەن، ئېسىل پىكاپ!»

ئەنە شۇنداق مەغرۇرلۇققا تولغان خىياللار بىلەن مەكتەپ ئالدىغا كەلگەن ئالىم مەكتەپكە غادايغىنىچە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدا چوڭ بۇرۇلۇش بولۇش ئالدىدا ئىدى.

※ ※ ※

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن گۈلپەرىنىڭ ئۆيىگە بالدۇر قايتقۇسى كەلمىدى. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سىنىپ بىناسىنىڭ يان ئىشىكىگە كەلدى. بۇ يەر خېلى خىلۋەت جاي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغ بولغاچقا، ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. گۈلپەرى دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان كىچىك پەلەمپەيدە غەمگە پېتىپ ئولتۇردى. «مانا بۈگۈنمۇ بۇرۇن ئىشلەپ بولغان مەسىلىنى يېشەلمەي بەك قىينالدىم. ئامىنە بولسا مەسىلىلەرنى ئىشلەشكە شۇنچە خۇشتار. مەسىلىلەرنى يەشسە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. مەن بولسام مۇئەللىم مېنى چاقىرىپ قالمىسۇن، دەپ يۈرىكىم سۇ... ئۇلارنىڭ كاللىسى قانداق كاللىكەنتاڭ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم ئاقىۋىتىم نېمە بولار؟ ھەي... يا ئۆزۈمگە شۇنداق بىلىنىۋاتىمەنمۇ؟ تەكرار ــ تەكرار ئۆگىنىۋەرسە ئادەمگە ئۆگەنگەنلىرىنى بىلىسىمۇ بىلەلمەيۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. بەلكىم ماڭىمۇ شۇنداق بولغان بولسا

كېرەك. كىم بىلىدۇ، مۇشۇنداق قورقۇپ تۇرۇپ كاتتا ئالىي مەكتەپنىڭ بىرەرىگە ئۆتۈپ كېتىمەنمۇ تېخى! شۇنداق بولغاندىكىن، بۇنداق غەمگە پېتىپ ئولتۇرماي ئازراق بولسىمۇ ئۆگىنىش قىلاي. ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ، چۈنكى ئەمدى ناخشا مەشىق قىلىشقىمۇ ۋاقىت چىقارمىسام بولمايدۇ.» گۈلپەرى شۇ خىيال بىلەن كىتابىنى ئاچتى، ئەمما ئۇ يېرىم بەت نەرسىنى ئوقۇ ـ ئوقۇمايلا تىلى ناخشىغا كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا ناخشا ئېيتقاچ كىتاب ۋاراقلىدى. بىراق دەرھاللا «ئاتا مېھرى» ناخشىسىدىكى جۈملىلەر ئېسىگە كېلىۋېلىپ يەنە پەرىشان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى يەرگە چىچىغىنىچە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.

ـــ ھوي، چىرايلىق قىز، دوسكا دېگەن سىنىپتا!

گۈلپەرى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئالىمنى كۆردى. ئالىم ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

ـــ گۈزەل قىزلار دەردمەن بولۇۋالسا گۇناھ بولىدۇ جۇمۇ. يا باشقىمۇ دەردىڭىز بارمىدى؟

گۈلپەرى ھودۇقۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇردى:

ـــ تىنچلىقمۇ؟

ـــ نېمە تۇگىمەيدىغان خىيال بۇ!ـــ دېدى ئالىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ،ـــ سىزگە ئېيتتىم، «غەم ئادەمنى قېرىتىدۇ» دېگەن گەپ بار جۇمۇ.

ئالىمنىڭ بۇ گېپىدىن گۈلپەرى كۈلۈپ كەتتى. ئالىمدا قىزنقچىلارغا خاس تەرەپمۇ بار ئىدى. گۈلپەرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلاشقۇسى كەلدى:

— ھېلىمۇ قېرىپ كەتتۇق.

ئالىممۇ دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

— بىزمۇ قېرىدۇق، لېكىن ئادەم قېرىسىمۇ يۈرەك قېرىمايدۇ.

بۇ گەپكە چاقچاق ئارىلاشتى. گۈلپەرى بۇ گەپنى چۈشىنىكسىز ھېس قىلدى. ئالىم بولسا بۇ غەرەزلىك گېپىدىن ئۆزى تەمتىرەپ كەتتى.

— كۆڭ دېگەن ئۆتۈۋېرىدۇ،— دېدى ئالىم دەرھال ئۆز كەيپىياتىنى تەڭشەپ،— كۆڭبويى خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇۋېرىش ياخشى ئەمەس.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ،— دېدى گۈلپەرى،— ئادەم دېگەندە خىيال بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ھاياتىمىزدا ئويلاشقا تېگىشلىك ئىشلارمۇ نۇرغۇنغۇ؟

— نېمىلا دەڭ، ئىشقىلىپ، سىزگە قاراپ ئىچىم پۇشۇپ قالدى، قاچانلا قارىسام سالپىيىپلا ئولتۇرىسىز.

ئىككىسى يەنە كۈلۈشتى.

— سالپىيىپ ئولتۇرمىدىم، ناخشا ئېيتىپ ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىغا ئۆزۈم مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا ناخشىغىمۇ، مۇڭغىمۇ جور بولاي.

— كېيىنچە پۇرسىتى بولار.

— قاچان؟

گۈلپەرى ئالىمغا نىسبەتەن بىر خىل يېقىنلىقنى

ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئىشىنى ئېيتماقچى بولۇپ يالتىيىپ قالدى.

— سىزنى...— ئالىم تەستە ئېيتتى،— بۈگۈن ئاخشام بىر ئويۇنتېپ كېلەي دەيمەن، بېشىڭىزنى تىقىپ مۇنداق يۈرۈۋەرمەڭ.

گۈلپەرى تېڭىرقاپ قالغاندى، ئالىم ئالدىراپ قالدى:

— باشقا ئىش يوق، كىنو كۆرۈپ كېلىمىز.

— نېمە كىنوكەن؟

ئالىم جانلىنىپ كەتتى:

— پاكىستاننىڭ «تاش يۈرەك ئادەم» ناملىق كىنوسى، بەك ياخشى، بەك تەسىرلىك.

— داڭقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان.

— ھە! قانداق بارامدۇق؟

— بولماسمىكىن،— دېدى گۈلپەرى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— نېمىشقا؟— ئالىم «لاسىدە» بولۇپ قالدى.

— يۈرۈڭ، قايتامسىز؟— دېدى گۈلپەرى قەدەملىرىنى يۆتكەپ. گۈلپەرى چۈشتىن كېيىن دەرستىن قايتقاندىن كېيىن ئاممىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ناخشا تاللىماقچى ئىدى. بايا گۈلپەرى ئالىمغا ناخشا مۇسابىقىسىنىڭ ئىشىنى دېيەلمىگەچكە، ئەمدى بۇنى دېيىشنى بىئەپ ھېس قىلدى.

ئالىم يېلىنىش ئارىلاش يەنە سورىدى:

— نېمىشقا بارالمايسىز؟ شۇنداق تەسىرلىك كىنو، كۆرسىڭىز بىلىسىز.

— ياخشى كىنو دېگەن تۇگەپ قالماس، خاپا بولماڭ. راستىلا ئىشىم بار ئىدى،— گۈلپەرى ئۆزىگە مەستانىلارچە تىكىلىپ تۇرغان ئالىم بىلەن خوشلاشتى،— خوش، كېيىنچە پۇرسىتى چىقىپ قالار.

ئالىم جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

گۈلپەرى بۈنى بەك تۇيۇقسىز ھېس قىلدى. شۇنداقىلا تۇنۇگۈنكىدەك مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئالىمنى يادىدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ ئورنىغا ئالىم ھەققىدە ئويلاپ قالدى: «تونۇشا تونۇشمايلا... ئالىمغۇ قارىماققا ياخشى بالىكەن. شۇنداقتىمۇ ياخشىكەن دەپلا كىنوغا مېڭىش ئەخمەقلىق - دە. يا مەن بەك قاتتىقلىق قىلىۋەتتىممۇ؟ ئۇنىڭ يېقىنچىلىق بىلدۇرۇشى...» ياشلىق سەزگۈلىرى سىرلىق ۋە سېھىرلىك! يوشۇرۇن سەزگۈلەرنى ئاشكارىلىغۇسى كېلىدۇ. ئاشكارا بولۇپ قالسا ئۆزىنى چەتكە ئالغۇسى كېلىدۇ. گۈلپەرى ئالىمنىڭ ئالاھىدە يېقىنچىلىقىنى سەزمەيدىغان يەردە ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە ئارام بەرمەي رودۇپايدەك نەچچە ئاي چاپلىشىۋالغان بىر - ئىككىسىنىڭ سوئالىغىمۇ تۈزۈك جاۋاب بەرمىگەن تۇرسا... كەلگەن خەتلەر، ئاڭلىغان قەسەملەرچۇ؟... لېكىن گۈلپەرى بۇ ھەقتە تېخىچىلا ئويلىنىپ باقمىغانىدى. بىر قىسىم دوستلىرىغۇ نەچچە مۇھەببەتلىشىپ، نەچچە بۇزۇلۇشۇپمۇ بولدى. ئەمما، گۈلپەرىگە بۇ جەھەتتە بىرنەرسە كەمدەكلا تۇيۇلاتتى، شۇڭا ئۇ ھەقتە ئانچە ئويلىنىپ يۈرمەيتتى. بەلكىم ئۇنىڭ قىز دوستلىرى دېگەندەك، گۈلپەرىنىڭ گۈزەل

جامالىغا ئاشىق بولۇپ كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەنلەر كۇرمىگىدۇ؟... لېكىن گۇلپەرى بۇنداق گەپلەرگە كۇلۇپلا قويىدى. چۈنكى بايا دېگەندەك ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى بىرنەرسە چىرماپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى. يا بۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇ بىلەن ئۆگىنىشتە يېتىشەلمەسلىكتىن بولغان ئەنسىچىسىزلىكتىن كېلىپ چىققان ئۈمىدسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن بولۇۋاتقان تۇيغۇمىكىن؟

مانا ئەمدى ئالىم پەيدا بولدى. بەلكى ئالىممۇ شۇلارنىڭ بىرىدۇ؟ بولسا نېمە بوپتۇ، بۇنىڭغا گۇلپەرى پەقەت «خېلى تۈزۈك بالىكەن» دېگەن سۆزنىلا دېيەلىدى.

※ ※ ※

ئالىم لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى. ئەسلىي ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇمايدىغان بولغانلىق خەۋىرىنى گۇلپەرىگە يەتكۈزمەكچى بولغانىدى. بايا گۇلپەرىنى بۇ يەردىن تاپقاندا بولسا گۇلپەرىنىڭ رۇخسارىغا بىر قاراپلا «ئەگەر ئۇ ئوقۇمايدىغان بولغانلىقىمنى ئاڭلىسا مەندىن يىراقلىشىپ كېتەرمۇ؟ شۇڭا بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئالدىراپ دېمەي... ئالدى بىلەن بىر چېكىپ باقاي...» دەپ ئۇ قارارىدىن يانغانىدى. دېمىسىمۇ، گۇلپەرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالسا... ئالىم بايا گۇلپەرى ئۆزى بىلەن كىنو كۆرۈشكە بېرىشقا قوشۇلغان بولسا ئۇنىڭغا: «ئەگەر مەن هازىر ئوقۇشتىن توختاپ خىزمەتكە

ئورۇنلاشسام سىز قانداق ئويلايسىز؟» دەپ سوراپ باقماقچى ئىدى. بىراق، گۈلپەرى ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ بۇلارنىڭ بىرەرنىمۇ بولسىمۇ ئېيتىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرمىدى.

ئالىم ئېغىر خورسىندى. «بۇ گۈلپەرى ئەجەب مەيلىمنى تارتتى دېسە. ئۇنىڭ باشقا قىزلارغا ئوخشاشمايدىغان نەرى باردۇ؟ ئەسلىي مېنىڭ رىزقىم قوشۇلىدىغان قىز مۇشۇ ئىكەن. ئەگەر گۈلپەرى ماقۇل دەپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە ساقلايمەن، ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر ئايرىلمايمەن. شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ ماقۇل دېيىشىنى ساقلىغۇچە بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ماقۇل دېگۈزەي...» ئالىم شۇنداق چىگىچ، ئەمما تاتلىق خىيال بىلەن تۆت كوچىغا كېلىپ قالدى.

ئۇ چوڭ يولنىڭ پىيادىلەر كېسىپ ئۆتىدىغان ئاق سىزىقلىق بەلگە رايونى بىلەن يولنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتەي دەپ تۇرغاندا «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ ئالدىدا بىرەيلەن بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغان رابىيەنى كۆرۈپ قالدى. رابىيە يېنىدىكى يىگىتكە ئەركىلىگەندەك قىلىپ سۆركىلىپ، زىيادە يېقىنچىلىق بىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئالىم: «چوڭ كوچىدا ماۋۇنىڭ قىلىپ تۇرغان ئىشىنى! مېنىڭ بۇرادەرلىرىم كۆرۈپ قالسا يۈزۈمگە سەت ئەمەسمۇ» دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ماڭماقچى بولۇۋىدى، رابىيەمۇ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە قولىنى پۇلاڭلىتىپ يېنىغا كېلىشكە چاقىردى.

رابىيەنىڭ قول ئىشارىتىنى كۆرگەن ئالىم: «تۇرىدىغان يەر تېپىلمىغاندەك... مۇشۇنداق مازلار پەقەت كۆزۈمگە سىغمايدۇ مېنىڭ» دەپ ئويلاپ، چىرايىنى تۇرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. بىراق، رابىيە ئاكىسىنىڭ چىرايىدىكى «قارا بۇلۇت» بىلەن ھېسابلاشماي، سۆزلەۋاتقاندىكى قىزغىنلىقى بىلەن يېنىدىكى يىگىتنى ئاكىسىغا تونۇشتۇردى.

— ئاكا، بۇ كاتتا خوجايىنىنىڭ ئىسمى ئۆمەرجان. «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ خوجايىنى. ھازىر بىزنىڭ ئەڭ ياخشى قولىنغۇچىمىز ۋە ھەمكارلاشقۇچىمىز. ئۆتكەندە سىلەرگە مۇشۇ رېستوراندا ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىمنى دېگەن...

ئالىم بېشىنى لىڭشىتتى ۋە: «مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم تىلىنى چىكىلدىتىپ گېپىنى قىلىۋاتقان ياش خوجايىن مۇشۇ ئىكەن ــ دە. تۇرقى ئاددىيلا يىگىت ئىكەنغۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۆمەر دېگەن بۇ يىگىت ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ سالام قىلدى ۋە قولىنى سۇندى. بۇنىڭدىن ئالىم تەمتىرەپ قالغان بولسىمۇ، «بالدۇر ئىش كۆرۈپ پىشقانلىق» سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ئۆمەرجان، بۇ ئاكام، ئىسمى ئالىم. ھازىر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان...

— بولدى قىلە، ئۆزۈملا دەي، بۈرۈن 1 ـ ئوتتۇرىدا ئوقۇغان. بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چۈشتۈم.

بۇنى ئاڭلىغان رابىيە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— مۇبارەك بولسۇن! نېمە خىزمەت؟

— شوپۇرلۇق، بىر باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان بولدۇم.

— قايسى ئىدارىنىڭ؟

قايسى ئىدارىلىقى ئالىمنىڭ ئۆزىگىمۇ تېخى ئايان بولمىغاچقا ۋە ئالدىراپ ئېغىز ئېچىپ قويغان بولغاچقا، ئالىم خۇپسەنلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— بۇ ھازىرچە مەخپىي.

ئۆمەر كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. شۇندىلا رابىيە ئاكىسىنىڭ گېپىگە ئىشەندى ۋە:

— ئاكا، ئاخىرى دېگىنىڭنى قىپسەن ـ دە. ئاتامنى قانداق ئۇناتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئەمما، ئالىم ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆمەرگە يۈزلەندى:

— ئازراق ئىشىم بار ئىدى، بىز ماڭغاچ تۇرغان بولساق. كېيىنچە سىز بىلەن ئوبدانىراق پاراڭلىشىۋالىمىز.

— بولىدۇ.

رابىيە ئاكىسىغا نارازى بولۇپ قاراپ قويدى ۋە ئۆمەر بىلەن خوشلاشتى:

— خوش، ئۆمەرجان، مەن سىزگە چاقىرغۇ قىلىمەن. ئۇلار مېڭىپ كېتىشتى.

— ئاكا، بايا دېگىنىڭ راستمۇ؟

— راست.

— ئەجەب ئاتاملار ئۇناپ قاپتىغۇ؟

— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ چىشىمغا تەگكۈدەك كېلىۋاتىدۇ ـ ھە! دەرسنى ئوبدان ئۆگىنەلمىدىم، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن بەرىبىر ئۆتەلمەيمەن، بولدىمۇ؟

— بۇغۇ بوپتۇ.

— ھېلىمۇ ئاتاملارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئاكا. ھە، نېمە ئىش بار ئىدى؟

— «ئۇسسۇل ئوينىدىم، كاتتا خوجايىنلار بىلەن ئارىلىشىۋاتىمەن» دەپ ئۆز ئىشىڭ بىلەنلا يۈرسەڭ بولمايدۇ. مېنىڭ ئىشىمنىمۇ ئويلاپ قوي.

— سېنىڭ نېمە ئىشىڭنى؟

— ھېلىقى... ھېلىقى... گۈلپەرى...

— ھە، تېخىچىلا شۇ خىيالدىمۇ سەن؟

— بۇ گەپنى قوي. سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئارىلىشىدىغان بولغاندىكىن، بىزنى يېقىنلاشتۇرىدىغان بىرەر ئامالىنى قىلمامسەن.

— بۇرۇن ئوبدان ئۆتكەن بىلەن، ئۇزاق بولدى تۈزۈك ئارىلاشمىغىلى.

— باھانە كۆرسەتمە. بىر - ئىككى قېتىم ئىزدىسەڭلا يېقىنلىشىۋالىسەن.

— مەن ئەمدى گۈلپەرىنى ئىزدەپ يۈرىمەنمۇ؟

— مەن ئۈچۈن بولسىمۇ شۇنداق قىل.

— ماقۇل.

— مېنىڭ بۇنداق دېگىنىم، مەن ئەمدى ئالىي مەكتەپكە بارالمايمەن. گۈلپەرى بولسا ئالىي مەكتەپكە كېتىدۇ. ئەمدى ئۇ مېنى ياراتماي قويارمۇ دەيمىنا؟

— ھازىر ئادەملەر بۇنداق ئىشلارغا ھەيران قالمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇ، مەنمۇ... — رابىيە «مەنمۇ ئۈمەرجاننى ئوقۇمىغان دېمەي، ياخشى كۆرۈپ قالدىمغۇ» دېمەكچى ئىدى. بىراق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى، — مەنمۇ دېمەكچى، گەپ ھازىر گۈلپەرى ساڭا ئۇنىسا بولىدۇ.

— شۇڭا سېنى بىر ئامال قىل، دەۋاتىمەنغۇ.

— ماقۇل.

# تۆتىنچى باب

## يۈرەك ساداسى

گۈلپەرى ئامىنەنىڭ بىنا ئۆيدىكى ياسىداق ھۇجرىسىغا دەسلەپ كىرگەندە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىنى ئويلاپ كۆڭلى بەك يېرىم بولغانىدى. ئەپچىل قىلىپ تامغا چاپلاپ ياسالغان كىتاب ئىشكاپى، چىرايلىق گۇللەر چىقىرىلغان رەڭدار دېرىزە پەردىسى ۋە ئامىنەنىڭ تورلۇق شەكىلدە چۈشكەن، ئۆزگىچە رامكىلار بىلەن رامكىلانغان سۈرەتلىرى تىزىلغان يېزىق شىرەسى، كۆركەم قەلەم قۇتىسى، چىراغقا ئۇزۇن قىلىپ ئېسىلغان، ئازراقلا شامال چىقسا ياكى قول، باشلار تېگىپ كەتسە يېقىملىق جىرىڭلاپ ئادەمگە ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلايدىغان بېزەك جىرىڭشىق، كىچىك ئۇنئالغۇ... بۇلار گۈلپەرىگە ھەۋەس ئوتلىرىنى يېقىۋەتتى. لېكىن... ئۇ ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ خورسىنىش بىلەن ئۇ ھەۋەسلىرىنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشتى.

ئۇلارنىڭ بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم ناخشا تاللاش ئۈچۈن بىللە بولۇشى ئىدى.

— ئامىنە، ۋاقىت قىستاپ قالدى، ئالدىنقى قېتىممۇ ئۇ ناخشا ـ بۇ ناخشىنى تىڭشاپ ۋاقىتنى كەچ قىلدۇق. ئەمدى بۈگۈن بولسىمۇ ناخشىنى بېكىتتۈۋېتەيلى.

— سىزچە قايسى ناخشىنى تاللىساق بولار؟

— ئايگۈل مۇئەللىم بۈگۈن ماڭا مېنىڭ ئىككى ناخشا ئېيتىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. نېمە بولدىكىن، ئۇقمىدىم. لېكىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىچە «ئاتا مېھرى» دېگەن ناخشىنى چوقۇم ئېيتىشىم كېرەك ئوخشايدۇ.

— ئايگۈل مۇئەللىمنىڭ ئويلىغان يېرى باردۇ؟ مېنىڭچىمۇ سەن ئۇ ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتىسەن.

— ئۆزۈممۇ ئۇ ناخشىنى ئېيتىشقا ئامراق، بولۇپمۇ ئاتام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن...

ئامىنە گەپنىڭ يەنە گۈلپەرىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ، كەيپىياتىنى بۇزىدىغان تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىنى بىلىپ دەرھال گەپ قىستۇردى:

— ئۇ ناخشا مۇقىم بولغان بولسا، بىز ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ باشقا ناخشا تاللايلى. مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتامسەن ـ يە؟ چاقچاق قىلدىم.

ئامىنە كۈلدى.

— لېكىن، مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتساقمۇ بولىدىكەن.

— نېمە؟ — ئامىنە ھەيران قالدى، — ئۇنداق بولسا مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيت.

گۈلپەرى ئامىنە بىلەن ئوينىشىپ قېشىنى ئېتىپ

قويدى ۋە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

سۆيگىنىم گۇناھمۇ، يار يامان دېمە مېنى،
بىر ئۆمۈر ساقلىدىم، ئۇنتۇدۇڭ ھەممىنى.
ئازاب بولدى مۇھەببەت، ھەسرەتلىكتۇر كۈنلەر،
يۈرەكتە قالدىغۇ شېرىن كۈيلەر...

— بولدى، بولدى،— دېدى ئامىنە گۈلپەرىنىڭ ياسالما مۇڭلۇق تۇرقىغا قاراپ،— بۇنداق ناخشا ئېيتساڭ خەق سېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ باشقا ناخشا ئېيت.

— ئۇنداق بولسا مەن تاللاپ ئېيتىپ باقاي، ئاندىن بىرنى تاللارمىز. ئەمدى مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىپ باقاي:

قار باسقان ئېدىر - تاغلار،
مۇڭ باسقان يېشىل باغلار.
سەن كېتىپ ئارامىم يوق،
يۈرەكتە ئېغىر داغلار.

— بۇ ناخشىنىڭ مۇڭى بەك ئېغىر ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناخشىنىڭ ئەۋجىگە ئاۋازىڭ يەتمىدى.

— ئەمىسە باشقىسىنى ئېيتاي:

ماڭا بىر تون تىكىپتۇرلەر،
ئېتەك - ياقىسى يوقتۇرلەر.
ئېتەك - ياقىسى يوق توننى،
كىيۈرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن.

— يەرلىك پۇراق ئوبدان چىقمىدى، — دېدى ئامىنە بېشىنى چايقاپ.

— ئۇنداق بولسا... ماۋۇ ناخشىنى ئاڭلا:

ئاجايىپ قالتىس نېمە، ئەينەك دېگەن،
كىم ياساپ چىققان بولغاي دەسلەپ ئۇنى.
سۇندۇرۇپ تاشلانسىمۇ ھەر پارچىسى
كۆرسىتەر ھەر نەرسىنىڭ دەل ئەينىنى.

— توختاڭ، توختاڭ، — ئامىنە ئۇنىڭ ناخشىسىنى بۆلدى، — يادىمغا بىر ناخشا كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ ناخشىنى سىز ياخشى ئېيتالايسىز. مەزمۇنىمۇ بەك ياخشى.

ئامىنە شۇنداق دەپ ئۇنىئالغۇنىڭ يېنىغا باردى.

— قايسى ناخشا ئۇ؟ — گۇلپەرى ھەيران بولۇپ سورىدى. ئامىنە گەپ قىلماي ئۇنىئالغۇنى قويدى.

※ ※ ※

كېيىن ئالىم دىلغا يېقىشلىق سۆزلىرى بىلەن گۇلپەرىنىڭ يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى ئوينىتقۇچى بەستىنى قانغۇدەك كۆرۈۋېلىشقا، ناخشىدەك تۇيۇلىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەمما، گۇلپەرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىش بىلەن كۇپايىلەندى. ئالىمنىڭ نەچچە قېتىملىق كىنو —

تىياتىرغا بېرىش تەكلىپىنى سىپايىلىك بىلەن رەت قىلدى ۋە ئالىم بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى باشقا ساۋاقداشلىرىدىن يوشۇرۇشقا تىرىشتى. چۈنكى، ھازىر قىزلارنىڭ بەك سەزگۈر ۋە ئوغۇللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە قىزىقىدىغان، بەك دىققەت قىلىدىغان ۋاقتى. ناۋادا قىزلارنىڭ ئېغىزىغا «گۈلپەرى ئالىم بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ» دېگەن گەپ چىقىپ قالىدىغان بولسا، بۇ گەپ «گۈلپەرى ھازىر ئالىم بىلەن ئارىلىشىۋېتىپتۇ» دەپ تارقىلىشى ئېنىقلا.

ئەمما، گۈلپەرى يوشۇرغانچە ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىرىدەك يوقاپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان رابىيە توساتتىن پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا بىسىم پەيدا قىلغىلى تۇردى. دەسلەپتە گۈلپەرى ئۇنىڭ ئىزدەپ كەلگىنىدىن خۇش بولدى، چۈنكى بۇرۇن ئۇلار بىر كورۇژوكتا تۇرغاندا گۈلپەرى مىجەزى ئوچۇق، چىقىشقاق، باشقىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان رابىيەنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى، شۇڭا رابىيە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندە كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىشىپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. كېيىن رابىيەنىڭ ئالىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە سەل باشقىچە بولدى. رابىيەمۇ ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىلا ئاكىسى ھەققىدە گەپ قىلىپ، مەقسىتىنى ئوچۇق ئىپادىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلپەرى رابىيە بىلەن ئۇچرىشىشتىن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى ئەپقاچىدىغان بولۇپ قالدى، لېكىن رابىيە بۇنى پەسەنتىگە ئالماي، ئۇنى ئىزدەۋەردى.

بۇگۈنمۇ گۈلپەرى ئەمدى ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرۇشىغا ماراپ تۇرغاندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا رابىيە پەيدا بولدى.

— ۋاي، گۈلپەرى، بۇگۈن بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇڭ، بۇگۈن قانداق ياساندىڭىز؟

— بۇرۇنقى تۇرقۇممۇ مۇشۇنداققۇ؟ — دېدى گۈلپەرى كۈلۈپ.

— شۇنداقمۇ؟ قارىغاندا بۈگۈن كەيپىياتىم بەك ياخشى ئوخشايدۇ، شۇڭا سىز تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپسىز - دە.

— نېمە خۇشاللىق بولدى سىزگە؟

— بۇرۇن سىزگە «مىڭئۆي رېستورانى»دا سىناق ئويۇن قويۇۋاتىمىز دېگەنغۇ؟ بۈگۈن رەسمىي توختاملاشتۇق، شۇنىڭ خۇشاللىقى. يۈرۈڭ، شۇ خۇشلۇقۇمدا سىزنى بىر مېهمان قىلىۋالاي.

شۇنىڭ بىلەن رابىيە گۈلپەرىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا، باهانە كۆرسەتكىنىگە ئالدانمىدى. ئاخىر گۈلپەرىمۇ ئادەمگە خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك ئېلىپ كېلىدىغان بۇ قىزنىڭ گېپىنى يەرگە ئەمدى.

شۇنداق قىلىپ رابىيە ئۇنى تۆت كوچىنىڭ غەربىدىكى تۇرلۇك ماللار سودا بىناسىنىڭ 1 - قەۋىتىدىكى تورتخانىغا باشلاپ باردى. ئۇلار كىچىك تورت ۋە سوغۇق ئىچىملىك بۇيرۇتۇشتى. رابىيە پاراڭنىڭ بېشىدىلا ئاكىسىنىڭ گېپىنى قىلدى:

— ئاكامغا نېمە بولدىكىن؟ مۇشۇ كۈنلەردە جىمغۇرلىشىپ خىيالچان بولۇپ قالدى...

بۇنى ئاڭلىغان گۇلپەرى چاندۇرماي رابىيەنىڭ سۆزىنى بۆلۈشكە مەجبۇر بولدى:

— ئاكىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭىز، يېقىندىن بۇيان ئاكىڭىز مەكتەپكە كەلمەيۋاتامدۇ قانداق؟

— ھەئە.

— نېمە ئىش بولدى؟ ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟

— ياق، ئاغرىپ قالمىدى، ئاتام ئاكامغا بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئاكام شۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋاتامدىكىن؟

رابىيەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىشىنى ئالدىراپ دېگۈسى كەلمىدى. بۇنى دېيىش — دېمەسلىكتە ئۇنىڭمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئەندىشىسى بار ئىدى. گۇلپەرىمۇ رابىيەنىڭ مۆرىتى كەلگەندىمۇ نېمە ئىشلىقىنى دېمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئارتۇقچە سوراپ ئولتۇرمىدى، شۇنداقلا رابىيەنىڭ سوئالىغا ئەگىشىپ قېلىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزى سوئال سوراپ رابىيەگە ئىمكان بەرمىدى:

— ئاكىڭىزنىڭ ئوقۇشى قانداق؟

— بۇرۇن ياخشى ئوقۇيالمىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئالىي مەكتەپكە بارالمىغانىدى، قايتا ئوقۇۋاتىدۇ، قايتا ئوقۇش ئادەمگە ئېغىر كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم نومۇس قىلىپ «تەكرار ئوقۇۋاتىمەن» دېگىلى بولمىسا — يە.

بۇ گەپ بىلەن گۇلپەرىنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، مەنمۇ قايتا ئوقۇۋاتىمەن، — دېدى

گۈلپەرى تەستە. بۇ گەپتىن ئەندىكىپ كەتكەن رابىيە ئاغزىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى:

— خاپا بولماڭ، ئويلىمايلا دەپ سايتىمەن.

— كېرەك يوق، ئەمەلىيەتمۇ شۇ تۇرسا. ھە، ھازىرغۇ ئوقۇشى ياخشىدۇ؟

بۇ سوئالغا رابىيەنىڭ جاۋاب بەرمىكى تەسكە توختىدى:

— ياخشىدۇ؟ ئۆزى بولسا «نېمىلا دەرس سۆزلىسە بىلەلمەيۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ» دەپ يۈرىدۇ.

«مەنمۇ شۇنداققۇ؟ نېمە بولۇۋاتىمىزكىنتاڭ؟» دەپ ئويلىدى گۈلپەرى.

— بەلكىم چارچاپ قالغانسىز؟ — دېدى رابىيە، — ئادەم ئارام ئالمىسىمۇ بولمايدۇ، بۈگۈن كىنو - تىياتىرخانىدا «چولپانلار سەنئەت كېچىلىكى» ئويۇنى قويۇلىدىكەن، ئاكامنى چاقىرسام، ئارام ئالغاچ بىللە كۆرۈپ كېلەيلىمۇ - يە؟

رابىيەنىڭ پۇرسەتنى تۇتۇشقا ئۇستىلىقى گۈلپەرىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى خاتا چۈشەنگەن رابىيە خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ئەمىسە بىر سائەتتىن كېيىن كىنو - تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشەيلى.

«چولپانلار سەنئەت كېچىلىكى» دېگەننى ئاڭلاپ گۈلپەرىنىڭمۇ شۇنداق بارغۇسى كەلدى، لېكىن ئالىمنىڭمۇ بىللە بارىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ كۆزى قىيمىغان ھالدا بېرىشتىن ۋاز كەچتى.

— مېنىڭغۇ تازا بارغۇم بار، — دېدى گۈلپەرى، — لېكىن مۇھىم ئىشىم بار؟

— نېمە ئىش؟

— مەن بۇ قېتىمقى ناخشا مۇسابىقىسى ئۈچۈن ناخشا تەييارلاۋاتىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى:

— نېمە؟ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە سىزمۇ قاتنىشامسىز؟

گۈلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى.

— چوقۇم ئوبدان ئېيتىڭ جۇمۇ!

— تىرىشىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولغاندىكىن، بۇگۈن چولپانلارنىڭ نەق مەيداندا ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ تەجرىبە ئۆگەنمەمسىز؟

— بايا مەنمۇ شۇنى ئويلىغان، لېكىن ۋاقىت قىستاپ قالدى.

— راستىلا بارالمامسىز؟

— ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان بىلىسىز، ياخشىراق تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ.

— بۇغۇ چوڭ ئىش ئەمەس، گۈلپەرى، ئاكام بىلەن ئوبدان ئۆتىسىز بولاتتى.

— ھەي رابىيە، — دېدى گۈلپەرى چاقچاق يوسۇنىدا، — ناخشا مۇسابىقىسىنى دەپ يۈرىكىم سۇ بولۇۋاتسا...

— بولدى، چۈشەندىم. مەن مۇسابىقىنى كۆرگىلى چوقۇم بارىمەن.
— نەتىجىگە ئېرىشەلمىسەم مەسخىرە قىلماڭ جۇمۇ.
— چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشىسىز.
شۇنىڭ بىلەن رابىيە ئۇنى ئارتۇقچە زورلىماي كېتىپ قالدى. گۈلپەرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: «مۇشۇنداق ئوچۇق – يورۇق، كۆڭلى ياخشى قىز بىلەن يۈرگەن يىگىت ئۆزىنى قانچىلىك بەختلىك ھېس قىلار – ھە!» دەپ ئويلىدى. ئاندىن رابىيەنىڭ شوخ، مەردلىكىگە ھەۋەس قىلىپ قالدى.
ئەتىسى گۈلپەرى ئامىنەنىڭ بىر دوستىنىڭ ئاكىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، «ئاتا مېھرى» دېگەن ناخشىنى ئېلېكترونلۇق رويالنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ئېيتىشنى مەشىق قىلىپ ياتقاندا ئالىم ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.
ئالىم يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ تېخىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. گۈلپەرى ئالىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. شۇنداقلا ئالىمنىڭ كىيىم ياراشقان بەستىگە قاراپ كۆڭلى سۆيۈندى.
— يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟ سىزنىڭ مەكتەپكە كەلمىگىنىڭىزگە ئون كۈنلەر بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟
گۈلپەرىنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەن ئالىم خۇش بولۇپ كەتتى.
— ھەئە، ئون كۈندىن ئېشىپ قالدى.

— رابىيەدىن سورىسام، «بىر ئىشنى بىجىرىۋاتىدۇ» دېدى. ئوقۇشتىنمۇ مۇھىم نېمە ئىش ئۇ؟

ئالىم خېلىغىچە ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ كەتتى. ئالىم ئەمدى رەسمىي خىزمەتكە چۈشىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئوقۇمايدىغان بولغانلىقىنى گۈلپەرىدىن يوشۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ گۈلپەرىگە ھەقىقىي ئەھۋالنى دېيىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئەگەر ۋاقتىدا دېمىسە كېيىن گۈلپەرى باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالسا ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قالسا، باشتا ئالىم قورققان «ئۆزى شوپۇر، گۈلپەرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» بولۇپ قالغاندىكى ئەھۋالدىنمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى. قېنى، گۈلپەرى ئەمدى بۇنى ئاڭلىسا نېمە دەر؟ شۇڭا ئالىم دادىل بولالمايۋاتاتتى.

— دېگىلى بولمايدىغان ئىش بولسا، بولدى ئەمىسە،— دېدى گۈلپەرى ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويۇۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇپ.

— ياق، ياق،— دېدى ئالىم ئالدىراپ،— دېگىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن مەخسۇس شۇ ئىشنى دېگىلى سىزنى ئىزدەپ كەلدىم.

گۈلپەرى ئالىمنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەستايىدىللاشتى.

— گۈلپەرى، مەن ئوقۇمايدىغان بولدۇم.

— نېمىشقا؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟— گۈلپەرى جىددىيلىشىپ قالدى. ئالىمنىڭ بولسا ئۇ ئىشنى دېمىكى ھەقىقەتەن تەس كەلدى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ بۇ گەپنى

دېيىشتە قىيىنلىشى نومۇس كۈچىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئوقۇمايدىغان بولغىنىنى ئاڭلىغان كەلگۈسىدىكى ئىستۇدېنتىنىڭ ئەمدى ئۆزىنى ياراتماي قېلىشىدىن ئەنسىرىشىدىن بولغانىدى. ئەمما، ئەمدى دېمەي نېمە ئامال؟

— سەۋەبىنى دېسەم مېنى مەسخىرە قىلماڭ، — دېدى ئالىم تولىمۇ تەستە، — مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ دەرسكە يېتىشەلمىدىم. بۇ ھالىم بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىمتىھاندا ئاز نومۇر ئېلىپ يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ، ئاتا - ئانامنىڭ بېشىنى پەس قىلسام بولمىغۇدەك. بەربىر شۇنداق بولىدىغانلىقى ئېنىق بولغاچقا، «ئىمتىھان بەرمەيلا» دەپ ئويلىغانىدىم. ئاتا - ئاناممۇ مېنىڭ بۇ پىكرىمگە قوشۇلدى، شۇڭا نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مەكتەپكە كەلمىگىنىم شۇ.

گۈلپەرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ ئىچىگە تىندى. «مەنچۇ؟ مېنىڭ ئۆگىنىشىم قانداق؟ ئالىم ئۆز ئەھۋالىنى ئېتىراپ قىلىپ دادىللىق بىلەن قارار چىقىرىپتۇ. ئۇنداقتا، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيمەنمۇ؟ ئۆز - ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بارمۇ؟ دەرسلەرنى قانچىلىك بىلىۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان تۇرسا، يەنە نېمىگە ئىشىنىپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن؟ مەنمۇ ۋاقتىدا بىر قارارغا كېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەندىكى خىجىللىقنىڭ ئالدىنى ئالايمۇ؟ ئالىم نېمانچە

جۇرئەتلىك ـ ھە... ياق، ياق! مەن نېمىشقا مۇنداق خىيالنى قىلىمەن؟ بەلكىم ھازىر ماڭا دەرسلەرنى بىلەلمەيۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقاندۇ؟ كىم بىلىدۇ، مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ رەسمىي ئىمتىھانغا كەلگەندە نەتىجەم ياخشى چىقامدۇ تېخى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بۇ گەپنى ئاپامغا دەيدىغان بولسام ئاپام تۇگىشىپ كېتىشى مۇمكىن. بولدىلا، نېمىلا بولسا ھازىر بۇنداق خىيالنى قىلماي...»

گۇلپەرىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئالىم: «دېمىدىمۇ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەيدىغان بولغانلىقىمنى ئاڭلاپلا گۇلپەرىنىڭ ئىچىگە جىن كىردى. مانا ئىش بۇزۇلدى...» دەپ ئويلىدى ۋە:

— گۇلپەرى، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئاستا.

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى گۇلپەرى ئۆزىنى ئوڭشاپ، — ئوقۇمىسىڭىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— خىزمەت قىلىمەن، — دېدى ئالىم ئالدىراپ.

— خىزمەت؟

— ھەئە. مەن شوپۇرلۇقنى بۇرۇنلا ئۆگەنگەن، شۇڭا ئاتام «ئوقۇمىساڭ بىر ئەر ئىدارىنىڭ پىكاپىنى ھەيدە!» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئون نەچچە كۈن بولدى، مەن ماشىنا ھەيدەشنى مەشىق قىلىپ تېخنىكامنى ئۆستۇرۇپ تۇردۇم. ئاتام ماشىنا باشقۇرۇش ئورنىدىكى تونۇشلىرى بىلەن شوپۇرلۇق پىراۋامنى تەييار قىلدى، ئەتە رەسمىي پۇتۇپ قولغا چىقىدىكەن، مەن كېلەر ھەپتىنىڭ بىرىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشىدىغان بولدۇم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان گۈلپەرى ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى ۋە: «توۋا! نېمىدېگەن تەلەيلىك باللار بۇ! ئوقۇغۇسى كەلسە ئوقۇسا، ئوقۇغۇسى كەلمىسە خىزمەت تەييار تۇرسا... ھېچنېمىدىن غەم قىلمايدىكەندە بۇلار» دەپ يۈرىكىگە ھەۋەس ئوتلىرى يېقىلدى.

گۈلپەرىنىڭ چىرايىدىكى قىزىقىش ئالامەتلىرىنى كۆرگەن ئالىمنىڭ ئەندىشىسى بېسىلغاندەك بولدى. بايا ئالىم گۈلپەرىنى قىزىقتۇرۇش، ئۆزىنىڭ يەنىلا گۈلپەرىگە لايىق كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن «پىكاپ» دېگەن گەپنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتقانىدى.

— سىزنىڭچە، مۇشۇ خىزمەتنى قىلغىنىم بولغۇدەكمۇ؟ — سىناق تەلەپپۇزىدا سورىدى ئالىم.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، سىزنى تەبرىكلەيمەن!— دېدى گۈلپەرى خۇشاللىق بىلەن،— سىز ئاقىلانە ئىش قىلىپسىز. ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۆزىمىزگە ئايان بولغاندىكىن نېمە قىلىمىز ئۆزىمىزنى، ئاتا ـ ئانىمىزنى ئالداپ؟ ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشلا بىردىنبىر چىقىش يولى ئەمەس. جەمئىيەتتە ھەربىرىمىزگە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار، شۇڭا سىزنىڭ قىزىقىشىڭىز شوپۇرلۇق بولسا، مېنىڭچە مۇشۇ خىزمەتنى تىرىشىپ قىلىڭ.

گۈلپەرىنىڭ مۇشۇ گېپى بىلەن ئالىمنىڭ ئۈستىدىكى تاغ ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ قالدى. دېمەك، گۈلپەرى ئالىم ئويلىغاندەك قىز ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئوقۇشتىن

توختاپ خىزمەت قىلىشنى ئىنتايىن توغرا چۈشىنىدىكەن! ئارتۇقچە ئەنسىرەش بىھاجەت ئىكەن!
شۇڭا، ئالىم خۇشاللىقىنى باسالماي دېدى:
— ئۇنداقتا، سىز بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۆتسەم بولۇۋېرەمدۇ؟
شۇندىلا گۈلپەرى ئالىمنىڭ «شوپۇر» بىلەن «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» دېگەن ئىككى ئاتالغۇ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ، ئەندىشە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە كۈلۈپ كەتتى:
— بولىدۇ، دوست بولۇپ ئۆتۈۋېرىمىز.
— ئالىي مەكتەپكە كەتسىڭىزمۇ شۇنداق جۇمۇڭ.
— ئەلۋەتتە.
ئالىم ئەمدى رەسمىي خاتىرجەم بولدى.
— گۈلپەرى، مەن ئەمدى نېمىلا بولسۇن، خىزمەتچى بولۇپ قالدىم. مەن ياردەم قىلالايدىغان ھەرقانداق ئىش بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ. مەن ھەرقاچان سىز ئۈچۈن تەييار. مېنى ھەرگىز يات كۆرمەڭ.
— ئەگەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسام چوقۇم سىزدىن ياردەم سورايمەن.
— مېنى ئىزدىشىڭىزگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن چاقىرغۇ نومۇرۇمنى يېزىۋېلىڭ، — دېدى ئالىم.
— چاقىرغۇ ئالدىڭىزمۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى گۈلپەرى. ئالىم چاقىرغۇسىنى چىقاردى ۋە:
— ئاتام ئېلىپ بەردى، چاقىرغۇ بولسا شوپۇرلارغا بەك قولايلىق بولىدىكەن، — دېدى.

— چىرايلىق چاقىرغۇ ئىكەن. چاقىرغۇڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! نومۇرى قانچە؟

— قەغەزگە يېزىپ بېرەي. مۇشۇ نومۇرلارنى بىۋاسىتە باسسىڭىزلا بولىدۇ. ئىش بولسا چوقۇم چاقىرغۇ قىلىڭ جۇمۇ، گۈلپەرى.

— چوقۇم تېلېفون قىلىمەن.

ئالىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. گۈلپەرى بۇ قىزغىن يىگىتنىڭ كەينىدىن رازىمەنلىك بىلەن قاراپ: «مۇشۇنداق يىگىت بىلەن دوست بولۇپ يار - يۆلەكتە بولۇشۇپ ئۆتكەننىڭ نېمە يامىنى؟ ئەگەر ھەقىقەتەن كۆڭۈل چۈشۈپ قالىدىغان ئىش بولسا، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىمۇ كۆرەرمەن» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئالىم خۇددى ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بىلىۋالغاندەك ئارقىغا ياندى. گۈلپەرى بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ كەتتى.

— تاس قاپتىمەن بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى،— دېدى ئالىم يېقىن كېلىپ،— رابىيەدىن ئاڭلىسام، سىز ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتناشقۇدەكسىز.

— شۇنداق.

— نېمىشقا ھازىرغىچە ماڭا بۇ گەپنى دېمەيسىز؟

— سىزنى قىزىقمامدىكىن دەپتىمەن.

— مەن قىزىقىمەن، گۈلپەرى. سىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشقا قىزىقىمەن.

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى،— دېدى گۈلپەرى خۇش بولۇپ.

— ياخشى تەييارلىق قىلىڭ، سىزنىڭ مۇسابىقىڭىزنى كۆرگىلى چوقۇم بارىمەن.
— رەھمەت، ئالىم.

ئالىم خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. گۈلپەرى: «بەلكىم بۇمۇ ئالىمنىڭ بىر دەملىك قىزىقىشىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتسەم بەش يىل كېتىدۇ. بۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتا نىمە ئىشلار بولمايدۇ؟ بوپتۇ، ياخشى كۆڭلى بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقاندىكىن، مەنمۇ لايىقىدا ئىش قىلاي» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، دۈمبىسىگە بىر نەرسە تىرەلدى - دە:

— جىنايەت گۇماندارى، قولۇڭنى كۆتۈر!— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئامىنەنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان گۈلپەرى كەينىگە بۇرۇلۇپ چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:
— مەن نىمە گۇناھ قىپتىمەن، ساقچى خانىم؟
— سەن دوستلىرىڭدىن يوشۇرۇپ، كوچىدا، كۈپكۈندۈزدە بىر يىگىت بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرۈپسەن. ئەجەبا، بۇ گۇناھ ئەمەسمىكەن؟

بۇنداق چاقچاقنى كۈتمىگەن گۈلپەرى بارماقلىرىنى ئىشقىلاپ تۇرالماي قالدى.
— ئامىنە، نىمە دەۋاتىسىز؟ نەدىمۇ...

ئامىنە بولسا ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھە دەپ كۈلەتتى.
— ئەمدى ھەرگىز بۇنداق گەپ بىلەن چاقچاق قىلماڭ جۇمۇڭ.

ئامىنە گۈلپەرىنىڭ كۆزىگە سىرلىق تىكىلدى:
— مەن چاقچاق قىلمىدىم. ئۇزاق بولدى، قىزلار

سىزنى «رابىيەنىڭ ئاكىسى ئالىم بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتقىلى. مەن سىزگە دېيەلمەي كېلىۋاتقان شۇ. بايا دوستۇمنىڭ ئاكىسى ئازراق گەپكە تۇتۇۋىدى، دەككىسىنى بەرگۈچە ئالدىراپ كېتىپ قاپسىز، ئارقىڭىزدىن كەلسەم ئۆيۈن بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ.

— سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، — دېدى گۈلپەرى جىلە بولۇپ، — مەن ئالىم بىلەن ئادەتتىكىچىلا دوست شۇ.

— قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ، پاراڭلاشتىڭىزمۇ مۇھەببەتلەشكەنگە ھېساب.

— سىز... سىز... سىزمۇ مۇشۇنداق ئويلامسىز؟ توۋا، قانداق گەپ بۇ ئەمدى؟

گۈلپەرىنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن ئامىنە كۈلۈپ كەتتى:

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەببەتلەشسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. گەپ ئۆگىنىشكە تەسىر يەتمىسە بولغىنى. قىزلار ئۇنداق دېيىشكىنى بىلەن بەزىلىرى يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرمەمدۇ؟

بۇ گەپ بىلەن گۈلپەرى ئۆزىنى بېسىۋالدى:

— ئامىنە، بايا مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز، سىزمۇ شۇنداق دەپ يۈرسىڭىز مېنىڭ تايىنىدىغان ئادىمىم قالمايدۇ جۇمۇ.

— مەن سىزنى توغرا چۈشىنىمەن، ئىشقىلىپ، ئېھتىيات قىلىڭ.

— راست گەپ قىلسام ئالىمنىڭ شۇنداقراق خىيالى بار ئوخشايدۇ، ئەمما، مەن هازىرچە ئۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشىغا ئەمەس، ئۇنداق سۆزلەرنىڭ بولۇشىغىمۇ يول قويمايمەن.

— بۇ ئويلىغىنىڭىز توغرا بوپتۇ.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ئۇقماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئامىنە، هازىر ئالىم ئۆزىنى دەرستە ناچار، دەپ ئوقۇشتىن يالتىيىپ، شوپۇرلۇق خىزمىتىگە چۇشۇپتۇ. گەرچە ئۇ خىزمەتكە ئىپىشكەن بىلەن داۋاملىق ئوقۇيالمىغىنىدىن كۆڭلى بەك يېرىم ئىكەن. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئەپقاچسام قانداق بولىدۇ؟

— هەي، سادda قىز، — ئامىنە گۇلپەرىنىڭ يۈزىگە نوقۇپ، — ئۇلارنىڭ ئوقۇش - ئوقۇماسلىقى ئۇلار ئۇچۇن هېچ گەپ ئەمەس. ئالىمنىڭ خىزمەتكە چۇشكىنىگىمۇ هەيران قالماڭ، سىز بىلەن بىزگە خىزمەتكە چۇشۇش كۆزىمىز يەتمەيدىغان ئىش بولغان بىلەن ئالىملارغا هېچقانچە ئىش ئەمەس.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ئامىنە گۇلپەرىگە هەيرانلىق بىلەن تىكىلدى:

— سىز راستلا ئۇقمامسىز؟ ئالىمنىڭ ئاتىسى شەهەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جالال دېگەن ئادەم شۇ.

— نېمە؟ — گۇلپەرى هەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ شۇ تاپتا شەهەر باشلىقىنىڭ پەرزەنتلىرى ئالىم، رابىيەلەرنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايۋاتاتتى.

— مانا ئەمدى شەھەر باشلىقىنىڭ كېلىنى بولىدىغان بولدىڭىز.

گۈلپەرى ئامىنەگە ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئامىنە تىلىنى چىقىرىپ:

— ھە، قانداق، ھېلىقى ناخشىنى ئۆگىنىپ بولغانسىز؟ — دەپ سورىدى.

خىيالى قالايمىقانلىشىپ، كەيپىياتى ئېغىرلىشىپ كەتكەن گۈلپەرى ئارانلا جاۋاب بەردى:

— ناخشىنىغۇ ھەرھالدا يامان ئەمەس ئۆگىنىۋالدىم، لېكىن دۇتارنى راۋرۇس چالىدىغان ئادەم تاپساق بولاتتى.

— ئۇنداقتا بۇ ئىشنى ئايگۈل مۇئەللىمگە ئېنىق دەڭ. يا بۇ كىچىك ئىش بولمىسا. ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىپ ئالاقىلاشسۇن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا خوش، سىزنىڭ ناخشا تېپىش دەردىڭىزدە ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، ئەمدى بولسىمۇ ئۆگىنىشىمنى ئىزىغا سېلىۋالاي.

— رەھمەت، ئامىنە، ھېلىمۇ مەن ئۈچۈن جىق ئاۋارە بولدىڭىز.

— نەتىجىڭىز بىلەن رەھمەت ئېيتىڭ، خوش.

ئامىنە كېتىپ قالدى. گۈلپەرىمۇ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى بىراق، يول بويى «مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى» دېگەن سۆزنى ئۆزىدىن بىردەممۇ نېرى قىلالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، گۈلپەرى بۇ ۋاقىتتا ئالىمغا قىزىقىۋاتامدۇ

ياكى ئالىم بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتامدۇ، بۇنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى.

※ ※ ※

سەنئەت يېتەكچىسى ئايگۇل مۇئەللىم كۆپ كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق گۇلپەرىنىڭ «ئاتا مېھرى» دېگەن ناخشىنى ئېيتىشىنى قارار قىلغانىدى. ئايگۇل مۇئەللىمنىڭ ھېس قىلىشىچە، گۇلپەرىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلاردىكى ھېسسىياتى ناخشىنىڭ ھېسسىياتى ۋە مەزمۇنى بىلەن بەك ماس كېلىپ، ناخشا بىلەن تەبىئىي يۇغۇرۇلۇپ كېتىدىغان تەسىرلىك بىر ھالەت شەكىللىنىدىكەن.

گۇلپەرىمۇ شۇنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ غېرىبسىنىش تۇيغۇسى دائىملا ئۇنى ئاشۇ ناخشىنى غىڭشىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سېزەتتى، ھەر قېتىم شۇ ناخشىنى ئېيتقاندا يېڭى ـ يېڭى ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. ناخشىغا بېرىلگەنچە قايناق بىر ھايات مەركىزىدە ياشىغانلىقىدەك سېزىملار ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلاتتى. شۇڭا، بەزىدە ئۇ ناخشىنى قايتا ـ قايتا ئېيتىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا گۇلپەرىنىڭ ھېسسىياتىنى سەنئەتچىلەرگە خاس قەلبى بىلەن چۈشەنگەن ئايگۇل مۇئەللىم مۇزىكىنى ئۆزمەي

چالاتتى. گۈلپەرى بولسا ناخشا قوينىدا ئاتىسىنى سېغىنىۋاتتى، سىردىشاتتى، مۇڭ تۆكەتتى...

ئايگۈل مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى تىنىغان بولغاچقا، يەنە بىر ناخشىنى گۈلپەرىنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىغانلىقىغا ئارتۇقچە ئويىدا بولمىدى. دۇتار ئىشىدىمۇ گۈلپەرىنى ئارتۇقچە سۆزلەتمەي سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىپ ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىدىغان بولدى.

مۇسابىقە ۋاقتىغا ئۈچ كۈن قالدى.

گۈلپەرى چۈشتىن كېيىنلىك مەشىقنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىشتىن بۇرۇن دادىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن كوچىدىن تېزلىك بىلەن كېسىپ ئۆتۈپ شەرققە مېڭىپ كەتتى. تۈرلۈك ماللار سودا بىناسىدىن ھازىر مودا بولۇۋاتقان چەمى قېلىنراق، رەڭگى قىزىل ئاياغلاردىن سېتىۋېلىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن ئۆيىنى ئويلاپ بولدى قىلدى. ئاتىسى بۇرۇن شەھەرلىك پاختا زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى ئىدى. ھازىر گەرچە پاختا زاۋۇتىنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تىلغا ئالغۇدەك بولمىسىمۇ، زاۋۇت رەھبەرلىكى ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئانىسىنىڭ مائاشى بولسا ئۆينىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى، بۇ ئۈچ جاننى يامان ئەمەس ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ گۈلپەرى بۇرۇنقىدەك باشقىلارغا قاراپ بېقىپلا ئورۇنسىز كىيىم كىيىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ،

ئۇ پۇلغا ئۆيگە لازىملىق بىرنەرسە ئېلىش قارارىغا كەلدى.

— گۈلپەرى!

گۈلپەرى توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئالىم ئۇنىڭ قېشىغا ئۆزگىچە سۆلەت بىلەن كېلىۋاتاتتى. گۈلپەرى ئۇنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن سەل ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئالىمغا نىسبەتەن بۇرۇنقىدەك يېقىنلىق تۇيغۇسى پەيدا بولمىدى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ تازا ئايدىڭ ئەمەس ئىدى.

— خىزمەتكە چۈشتىڭىزمۇ؟ — سورىدى گۈلپەرى.

— ھەئە، تۈنۈگۈن خىزمەتكە چۈشتۇم، — دېدى ئالىم. ئۇ تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

— قايسى ئىدارىغا؟

— شەھەرلىك پاختا ـ كەندىر شىركىتىنىڭ دىرېكتورىنىڭ پىكاپىنى ھەيدەۋاتىمەن.

— مۇبارەك بولسۇن!

— رەھمەت، — دېدى ئالىم، — سىزچۇ؟ مەكتەپتىن كەچ قايتىپسىزغۇ؟

— ناخشا مەشىق قىلدىم.

— «مەشىق قىلدىم» دەپ بۇنداق كۈچۈۋەتسىڭىزمۇ بولماس؟

— چارچىساممۇ ئامال يوق، مەشىق كۆپ، مۇسابىقە ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالغاچقا بەكرەك تىرىشمىسام

بولمايدۇ، — دېدى گۈلپەرى ئالىمنىڭ كۆزىگە قارىماسلىققا تىرىشىپ.

— سىز ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەڭ. ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان سىزدىن باشقا ئىنسان بىزنىڭ بۇ يەردە يوق.

— مەن شامالغا ئۇچمايمەن جۇمۇڭ، — دېدى بۇ ماختاشتىن سۆيۈنۈپ قالغان گۈلپەرى.

— راست، قەسەم قىلىمەن، سىز نەتىجىگە ئېرىشمەي قالمايسىز.

— ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماڭ.

— مەن باغلىنىشىمەن. ئىشقىلىپ، مەن گېپىمگە ئىشىنىمەن. ناۋادا نەتىجىگە ئېرىشەلمىسىڭىز مەن ھەممىگە تەييار.

— ئېرىشسەمچۇ؟

— سىزمۇ ھەممىگە تەييار بولۇپ تۇرۇڭ.

ئىككىسى كۈلۈشتى. شۇندا گۈلپەرىدە ئالىمغا نىسبەتەن بۇرۇنقىدەك يېقىنلىق پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

— مەن باشقىلاردىنمۇ ئاڭلىدىم، ھەممىسى سىزگە ئىشەنچ قىلىدىكەن.

گۈلپەرى يەنە سۆيۈندى. بۇ خىل ئىشەنچلەرنى ئۇمۇ ئاڭلىغان ئىدى. گۈلپەرى خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى:

— سىزچە قانچىنچى بولارمەن؟

ئالىم سەل ئويلىنىپ قالدى:

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىسىز.

گۈلپەرى ئالىمنىڭ بۇ راستچىللىقىنى ياقتۇرۇپ قالدى. بىر قىسىم كىشىلەر بار، ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپلا: «سىز چوقۇم بىرىنچى بولىسىز» دەپ ماختاشتىن ئەيمەنمەيدۇ.

— دېگىنىڭىزدەك بولغاي، — دېدى گۈلپەرى ئالىمغا مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلىپ، — نەتىجىگە ئېرىشىشىمنى كۆپرەك تىلەپ تۇرۇڭ.

— چىن كۆڭلۈم بىلەن تىلەيمەن.

گۈلپەرى ئالىمنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي پەسكە قارىۋالدى.

— گۈلپەرى، چارچاپمۇ قالغانسىز، ۋاقتىڭىز بولسا مېنىڭ خىزمەتكە چۈشكىنىمنى تەبرىكلىگەچ سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ پاراڭلىشىپ كەلسەك قانداق؟

— بۈگۈنگە جان دەپ قوشۇلىمەن، لېكىن كېيىن بولسا قانداق؟

— كېيىن بولسا قاچان؟

— مۇسابىقە تۈگىگەندە.

— بولىدۇ، سىز بولىدۇلا دەيدىكەنسىز، سىز قاچان دېسىڭىز شۇ ۋاقىتقىچە ساقلايمەن.

گۈلپەرى ئالىمنىڭ سۆزىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى سېزىپ:

— مەن سوغۇق ئىچىملىك ئىچكەچ پاراڭلىشىشنى دەۋاتىمەن جۇمۇ، — دېدى.

— مەن ئۇ ئىشنىمۇ دېدىم. يەنە...

گۈلپەرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئالىم، ئەمدى خوشلىشايلى، ئەتە كۆرۈشەيلى.

گۈلپەرى بۇ گەپنى ئىللىق تەلەپپۇزدا، ئىسسىق بىر ھېسسىياتتا دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

ئالىم بۇ چىرايلىق ۋە يېقىشلىق قىزنىڭ بۇگۈنكى ئىللىق مۇئامىلىسىدىن خۇش بولغىنىچە كەينىگە ياندى ۋە: «نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گۈلپەرىنى ئالغىنىم ئالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايمەن» دېگەن قەتئىي قارارغا كەلدى.

گۈلپەرى ئالىمنىڭ ئىككى كۈندە بىر كىيىم يۆتكەيدىغان ئادىتى ئۈستىدە ئويلاپ كۈلمەكچى بولدى — يۇ، «پاكىز يۈرگەننىڭ كۈلگۈدەك نېمىسى بار؟ قۇدرەت يەتسە كىيگۈلۈك» دەپ ئويلاپ، ئالىمنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن قەبرىستانلىققا بارىدىغان يولغا بۇرۇلدى.

بۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى بىرقەدەر چوڭ قەبرىستانلىق ئىدى. بۇ قەبرىستانلىق شەھەرگە يېقىن بولغىنى بىلەن بەزى كۈنلىرى مۇشۇنداق ئادەمسىز بولۇپ قالاتتى.

ئۇ كېسەك ۋە توپا بىلەن ئاددىيلا ياسالغان ئاتىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كېلىپ خېلىغىچە خىيالغا پېتىپ تۇرغاندىن كېيىن ئادىتى بويىچە ئاتىسىغا ئۇ دۇنيالىق نۇرغۇن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ ئورنىدىن تۇردى. گۈلپەرى قەبرىلەر ئارىسىدىكى ناھايىتى تار كىچىك توپىلىق يول بىلەن قايتتى. ئاتىسىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن كېتىۋاتقان گۈلپەرىنىڭ يادىغا تۇيۇقسىزلا ھېلىقى ناخشا كېلىپ تۆۋەن ئاۋازدا

ئېيتقىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى:

دادا ئەگەر بولسىڭىز،
يىغلىماس ئىدىم.

— قىزىم...

گۈلپەرى چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان، ئاپتاپتا قارىدىغان، قورۇق باسقان چىرايىدا تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان، گۈرجەككە تايىنىپ تۇرغان بىر بوۋاينى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىگە خىلاپ هالدا تۇپراق بېشىغا كەلگىنىنى يات بىرەيلەننىڭ كۆرۈپ قالغىنىدىن، تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك ناخشا ئېيتقىنىنى ئۇچۇن بەكلا هودۇقتى ۋە خىجىل بولۇپ كەتتى.

— قورۇنما، قىزىم،— دېدى بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن،— بىزنىڭ ئۇلۇغ ناخشا پىرىمىز پىرچەڭگىمۇ شۇنداق ئىكەندۇق. بۇ گۇناهلىق ئىش ئەمەس، داداڭغا بولغان سېغىنىشىڭنى ئادەتتىكىچە دېگەندىن ئاهاڭغا سېلىپ قويغانغا خىجىل بولامسەن؟

گۈلپەرى بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن سېزىلىپ تۇرغان ئاجايىپ ئاق كۆڭۈللۈك ۋە دانىشمەنلىككە هەۋەس قىلدى. شۇنداقلا ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا كوچىدىكى ئادەمنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىدىغان كىشىلەرگە بۇ خىزىر سۈپەت بوۋاينى سېلىشتۇرۇپ قالدى. لېكىن... ئۇلارنىمۇ ياخشى

كۆرگۈچىلەر باردۇ؟ بەلكىم ئۇلار پەقەت گۈلپەرىنىڭ نەزىرىدىلا رەزىل كىشىلەردۇ؟ بىر دىنلا گۈلپەرىنىڭ پىكرى بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتتى: دۇنيادىكى كىشىلەر ئارىسىدا قەدىرسىزلەر يوق ئوخشايدۇ!

— قىزىم،— دېدى بوۋاي قەبرىستانلىقتىن ئايرىلىپ يول بويىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە،— كۆزۈمگە تولا چېلىقىسەن. ئەمدى بىلسەم ئەڭ يېقىن كىشىڭدىن ئايرىلىپ قاپسەن. سەندىن تەسىرلەندىم ھەم سۆيۈندۈم. سېنىڭدەك مۇنداق ئىخلاسمەن قىزنى تېخى ئۇچراتمىغانىدىم. «ئايال جىنسلارنى تۇپراق بېشىغا چىقسا بولمايدۇ» دەيمىز. مېنىڭچە، مۇۋاپىق چىقىپ تۇرغاننىڭ يامىنى يوق. تۇپراق بېشىنى يوقلاش ياخشى خىسلەت. بۇنى كىشىلەر ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، مەرھۇمدىن تىرىكلەرگە قالىدىغان ئەڭ ياخشى نەرسە مۇشۇ قەبرە، قىزىم. چۈنكى بۇ يەردە قەلبىڭدىكى مەرھۇمنىڭ روھىنىڭ ئىماندەك پاكىز تۇپا ئاستىدا جىسمى بار ئەمەسمۇ...

خېلىغىچە گۈلپەرى بوۋاي ھەققىدە ئويلىنىپ ماڭدى. باشتا بوۋاينى «يازغۇچى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئەمما مەلۇم بولدىكى، ئۇ بوۋاي گۆركار ئىكەن. لېكىن بۇنىڭ كارى چاغلىق. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئېسىل بوۋاي گۈلپەرى بىلەن تولا ھەمدەم بولىدىغان بولدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى بوۋاي ھەققىدە ئاپىسىغا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— جاھاندا ياخشى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، قىزىم، — دېدى ئانا قىزىنىڭ خېلى يېنىكلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ. ئانىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە قىزلىرىغا قاراپ بېقىپ خېلى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئەنە، گۈلپەرىمۇ ئەمدى ئەتىدىن - كەچكىچە مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇۋالماي ناخشىغا غىڭشىپ يۈرىدىغان، گۈلنۇر بولسا دەرسلىرىنى تەكرار قىلىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپلا ئۆزىنى سىرتقا ئېتىپ، دوستلىرى بىلەن ئويناپ كوچىدىن كىرمەيدىغان بولدى.

گۈلپەرى تاماقنى ئالدىرىماي يېگەچ ئانىسىنىڭ مۇسابىقە توغرۇلۇق دېگەن سۆزلىرىنى ئويلاندى. قايسىبىر مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىشنى، ھېچبولمىسا نەتىجىگە ئېرىشىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، گۈلپەرى بايا ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئېرەن قىلمىغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىدە ئۇ ھەقتە ئويلىمىغىنى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇك خىياللىرىنى ئاپىسىنىڭ ئاۋازى بۆلدى:

— مەكتەپتىن كەچ قايتىدىغان بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟

باشتا بۇ ئىشنى سەل ئەپسىز كۆرۈپ ھازىرغىچە دېمەي كېلىۋاتقان گۈلپەرىنىڭ ئەمدىلىكتە يالغان ئېيتقىلى تىلى بارمىدى، كۆڭلىمۇ ئۇنىمىدى:

— ناخشا مۇسابىقىسى بولماقچىكەن... مۇئەللىم مېنى قاتنىشىڭ دېگەنىدى... مەشىق قىلىپ...

بۇ گەپتىن ئانا خۇشاللاندى:

— ياخشى بوپتۇ، قىزىم، مۇسابىقە قاچان؟
— يەنە ئۈچ كۈن قالدى.
— تەييارلىقىڭىز پۈتكەندۇ؟
— پۈتۈپ قالدى، تەييارلىق قىلىۋاتقىلى يىگىرمە كۈندەك بولۇپ قالغان تۇرسا... — گۈلپەرى قانداقلارچە بۇ گەپنى دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. خەلچەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان دىمەي كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاياۋاتقانلىقىنى بىلىپ، «قىزىم چوڭ بوپتۇ، ئەقلى بىلەن ئىش قىلىدىغان بوپتۇ» دەپ ئويلاپ خاتىرجەملىك ھېس قىلدى. شۇڭا خەلچەم ئۇ گەپنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— قايسى ناخشىنى...
— بولدىلا، ئاپا، مۇسابىقە تۈگىگەندە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى گۈلپەرى. ئەسلىي ئۇ ناخشىنى ئاپىسىغىمۇ ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەچكە، ئاپىسىنى ئاياپ بولدى قىلدى. كۆڭۈللەر ئەمدى تىنچلانغاندا...
خەلچەممۇ: «قىزىمنىڭ ئويلىغىنى باردۇ؟ يا ناخشىنىڭ ئۇيالغۇدەك يېرى باردۇ؟ ياشلار...» دەپ قايتا سوراپ ئولتۇرمىدى. لېكىن شۇ ھامان: «سەنئەتچى بولۇش ئۈچۈنلا يارالغان ئوخشايدۇ، تەق - تۇرقى، ئاۋازى قايسى سەنئەتچىدىن قېلىشىدۇ؟ چوقۇم ئاپاڭنى، ئاتاڭنىڭ روھىنى خۇش قىلغۇدەك ئادەم بولىسەن...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

※ ※ ※

چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولغان رابىيە يېڭىدىن تىكتۈرمەكچى بولغان ئۈسسۈل كىيىمىنىڭ پاسونى ھەققىدە ئويلىنىۋېتىپ ئۆمەرنى يادىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە بارغانچە ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇنداقلا ئەگەر مۇناسىۋىتىنى مۇشۇ پېتى تەرەققىي قىلدۇرالىسا پات ئارىدا ئۆمەر بىلەن ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا، رابىيە يېڭى تىجارەت باشلىغان «ئۈزۈمزار رېستورانى»نىڭ خوجايىنىنىڭ يۇقىرى ھەق بىلەن رېستوراندا ئۈسسۈل ئويناپ بېرىش ھەققىدىكى نەچچە قېتىملىق تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئۇنىڭغا ھازىر پۇلغا قارىغاندا بەكرەك كېرەك بولۇۋاتقىنى مۇھەببەت ئىدى! شۇڭا ئۇ ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئۇتۇش ئۈچۈن ئۈسسۈل كىيىمىنى تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ رەڭدار قىلىش كويىدا ئىدى. شۇنداق بولسا «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ كونا خېرىدارلىرىنى تۇتۇپ قالغىلى، تېخىمۇ كۆپ يېڭى خېرىدارنى جەلپ قىلغىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە ئۆمەر خۇش بولىدۇ. ئۆمەر خۇش بولدى دېگەن گەپ رابىيەگە تېخىمۇ ئامراق بولىدۇ، دېگەن گەپ...

ئەنە شۇنداق چوتلارنى سوقۇۋاتقان رابىيە بۈگۈن

ئاخشامقى ناخشا مۇسابىقىسىگە ئۆمەرنىمۇ بىللە ئاپىرىشنى ئويلىدى. ئۆمەر بىلەن كۆپرەك بىللە بولسا كۆپ مۇڭداشقىلى، كۆپ سىرداشقىلى بولىدۇ. مۇھەببەت ئەنە شۇنداق جەريانلاردىن كېيىن پەيدا بولىدىغۇ!

شۇنىڭ بىلەن رابىيە «ئۆمەرجانغا ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ قويمىسام چۈشتىن كېيىنكە باشقا ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىسۇن يەنە» دېگەن ئەندىشىدە ئۆمەرگە چاقىرغۇ قىلدى. رابىيە: «ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىكىن؟ ئەگەر بەش مىنۇتقىچە تېلېفون قايتۇرسا ماڭا كۆڭلى بار دېگەن گەپ. ئەگەر ئون مىنۇتقىچە تېلېفون قايتۇرمىسا مەن توغرۇلۇق بىر قارارغا كېلەلمىگەن بولىدۇ. ناۋادا... ناۋادا ئون مىنۇتتىن ئېشىپ كەتسە ھازىرچە ماڭا ئادەتتىكى دوست سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئۇنداقتا مەن تېخىمۇ تىرىشىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ سائەتكە قاراپ ئولتۇردى. ئىككى مىنۇت ئۆتكەندە رابىيە تىتىلداشقا باشلىدى ۋە كۆزىنى يۇمۇپ:

— تېلېفون قايتۇرۇڭ، تېلېفون قايتۇرۇڭ، — دەپ كەتتى. دەل ئۈچ مىنۇت بولغاندا تېلېفون جىرىڭلىدى — رابىيە ئۈچۈن خۇشاللىق قوڭغۇرىقى چېلىندى. رابىيە چاققانلىق بىلەن تۇرۇپكىنى ئېلىپ ئەركىلەپ:

— ۋەي، ئۆمەرجان، — دېۋىدى، قارشى تەرەپ:

— ئۆمەر - پۆمەرنى قويە غىدىقىمىنى كەلتۈرمەي!... — دېدى. ئۇ ئالىم ئىدى. ئاكىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ رابىيەنىڭ چىرايى پۈرۈشتى.

— ھە، نېمە ئىش؟ — دېدى رابىيە.

— قىز بالا تۇرۇپ نېمە تولۇق تېگىسەن؟ — دېدى ئالىم ئۇدۇللا، — قېنى بايىقى قىزغىنلىقىڭ؟

رابىيە سائەتكە قاراپ قويۇپ خۇشياقمىغاندەك دېدى:

— نېمە ئىشىڭ بار؟

— مەن چۈشلۈك تاماققا بارالمايمەن.

— بىلدىم.

— بۇ مۇھىم ئەمەس، چۈشتىن كېيىن مۇسابىقىگە چوقۇم بار.

— غەم قىلما، بارىمەن.

رابىيە سائەتكە قارىۋىدى، بەش مىنۇت ئۆتەي دەپ قاپتۇ. «ھە، ئۆمەرجان مېنى يېقىن دوستى دەپلا بىلىدىكەن» دەپ ئويلىغان رابىيەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئاندىن «ناۋادا ئون مىنۇت ئۆتۈپ تېلېفون قايتۇرسىچۇ؟» دېگەن بىر قورقۇنچ ئۇنىڭ سۆيگۈگە تەلپۈنۈۋاتقان يۈرىكىگە قارا سايە تاشلاپ ئۆتتى. ئىنسان نېمىدېگەن قىزىق! شۇ قورقۇنچتىن كېيىن رابىيە: «ھازىرچە ئۆمەرجان مېنى يېقىن دوستۇم دەپ بولسىمۇ بىلىپ تۇرغان بولسۇن» دەپ تىلەپ كەتتى.

رابىيەگە خۇددى سائەتكە ئاستا قارىسا سائەتنىڭ مېڭىشى ئاستىلاپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ۋاقىت ئون مىنۇت بولاي دەپ قالغانىدى. رابىيەنىڭ يۈرىكىگە ئاچچىق سانجىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى.

شۇ ۋاقىتتا تېلېفون جىرىڭلىدى. رابىيە تۇرۇپكىنى يەنە ئىتتىك ئالغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر قارشى

تەرەپ گەپ قىلمىغۇچە ئېغىز ئاچقۇسى كەلمىدى.

— رابىيە، تىنچلىقمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

رابىيە ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېنىك تىنىدى:

— ئۆمەرجان، چاقىرغۇ قىلىپ سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم.

— ھوي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ سىز چاقىرغۇ قىلسىڭىز مېنىڭ خۇش بولىدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رابىيە خۇش بولۇپ قالدى ۋە: «ئۇنداق بولسا نېمىشقا ۋاقتىدا تېلېفون قايتۇرمايسىز؟» دېگۇسى كەلدى. ئۆمەر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىز چاقىرغۇ قىلغاندا كۇتكۇچىلەرگە قىسقا يىغىن ئېچىۋاتقانىدىم. دەرھال ئىشخانىمغا كىرىپ تېلېفون قىلسام تېلېفونىڭىز ئالدىراش ئىكەن. شۇڭا يىغىننى تۈگىتىۋېتىپلا سىز بىلەن خاتىرجەم سۆزلىشەي دەپ ئەمدى تېلېفون قايتۇرۇشۇم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رابىيە يايراپ كەتتى، چىرايى «شاپپىدە» ئېچىلىپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. «ئۆمەرجان بەش مىنۇت بولمايلا تېلېفون قايتۇرۇپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن بار ئىكەنمەن!!» رابىيە قىزغىنلىشىپ كەتتى:

— ئۆمەرجان، سىز بىلەن چۈشتىن كېيىن ياش ناخشىچىلارنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىگە بىللە بارايلىمىكىن، دەپ تېلېفون قىلىشىم.

— ناخشا مۇسابىقىسى؟

ئۆمەر تۇرۇپ قېلىۋىدى، رابىيە جىددىيلەشتى:

— ناخشىغا قىزىقامسىز - يە؟
— قىزىقىمەن. تازا كۆرىدىغان ئىش ئىكەندۇق. بىراق...
— نېمە؟ بىرەر ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانمۇ؟
— مەنمۇ بايا سىزگە تېلېفون قىلاي، دەپ تۇرغان. سىزنى چۈشتىن كېيىن جىلغا يېزىسىغا بىللە بېرىشىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئويلىغان، بىرەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەكچىدىم.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان رابىيە جىددىي ئويلاندى: «ئەمدى قانداق قىلاي؟ ئاكامنى دەپ ناخشا مۇسابىقىسىگە بارمىسام بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسام ئۆمەرجان بىلەن تۇنجى قېتىم سىرتقا چىقىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمەن. ئەستا، قانداق قىلسام بولار؟ ياق، ئاكاممۇ ئۆزى ئۈچۈن قىلمىۋاتسا، نېمىشقا مەنمۇ ئۆزۈم ئۈچۈن يوگۈرمەيمەن. نېمىلا بولسا مەيلى، ئۆمەرجاننى قولدىن چىقىرىپ قويسام بولمايدۇ. جىلغا سەپىرى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بۇ سەپەر ماڭا قۇتلۇق سەپەر بولۇپ قالسۇن!»
رابىيەنىڭ بىردەم جىم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئۆمەر:
— ئەگەر ۋاقتىڭىز بولمىسا كېرەك يوق. ئۆزۈم بېرىپ كېلەي، — دېدى.
— ياق، ياق، — دېدى رابىيە ئالدىراپ، — باشقا ئىشىم يوق. چۈشتىن كېيىن بىكار بولۇپ قالغاچقا ناخشا

مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى بارماقچىدىم. لېكىن سىز بىلەن بىللە بارغۇم بار.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى. چۈشتىن كېيىن ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىدىكى يولدا ساقلاپ تۇرۇڭ.

— ماقۇل، سىزنى ساقلايمەن.

※ ※ ※

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مۇسابىقە. خەلچەم: «بۇ ئىشنى گۈلنۇرغا ئېيتمايلى. بولمىسا بارىمەن، دەپ تۇرۇۋېلىپ مەكتەپكە بارمايدۇ. ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەنمىسە بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا دېمىگەن بولغاچقا، تاماقتىن كېيىن گۈلنۇر ئادىتى بويىچە مەكتىپىگە ئالدىراپ كېتىپ قالدى. شۇنداق گۈلپەرى تەييارلىقنى باشلىدى.

— قىزىم، چوقۇم تىرىشىڭ، پۈتۈن ماھارىتىڭىزنى چىقىرىڭ! — دېدى خەلچەم قىزىغا ئىلھام بېرىپ.

— ناخشىنى ياخشى ئېيتىشقا تىرىشىمەن، ئاپا.

— ناۋادا بىرەر سەۋەب بىلەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قالسىڭىز ھەرگىز ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ. ھەقىقىي مۇسابىقىدە ئۆزىڭىزنى سىناپ باقىنىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش. غەيرەتلىك بولۇڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاپا. ئىدىيە تەييارلىقىم بار.

— خوش، قىزىم، ئامەتلىك بولۇڭ.

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان جىددىيلىشىپ، «ناخشا ئېيتىش»، «ئالقىش»، «نەتىجە»، «باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىش» دېگەنلەرنى خىيالىدىن نېرى قىلالماي كېلىۋاتقان گۇلپەرى ئەمدىلىكتە مۇسابىقە ۋاقتى كېلىۋىدى، بىردىنلا تەمكىنلىشىپ قالدى، جىددىيلىشىشتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. خۇددى ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان ئىقتىدارىنى يەنە بىر كۆرۈپ باقىدىغان ئاددىي سىناق مەيدانىغا كېتىۋاتقاندەك بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. ئۇ بۇنىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئايگۈل مۇئەللىمدىن سورىۋىدى، ئايگۈل مۇئەللىم خۇشاللىق بىلەن:

— بۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنىڭ ھەقىقىي تۇرغۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بىر ياخشى كەيپىيات. سەھنىدىمۇ ئۆزىڭىزنى مۇشۇنداق تەمكىن تۇتۇڭ،— دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۇلپەرى خاتىرجەم بولدى. مۇسابىقە مەيدانىغا مېڭىشتىن بۇرۇن ئايگۈل مۇئەللىم گۇلپەرىگە ئالاھىدە ئەسكەرتتى:

— سىڭلىم، ناخشا ئېيتقاندا ئۆز ھېسسىياتىڭىز بىلەنلا بولۇپ كەتمەڭ، بۇنداق دېسەم خاتا ئويلىماڭ، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. گەپ شۇ، دىققەت قىلىڭ. ئۆز ھېسسىياتىڭىز بىلەنلا بولۇپ كەتمەي ھېسسىياتىڭىزنى، ھېسسىيات ئىپادىلىشىڭىزنى ناخشا مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈڭ. ئۆزىڭىزگە مەدەت بېرىڭ.

گۇلپەرى بۇ سۆزلەرنى چۈشىنەتتى. گەرچە ئۇ

ناخشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېيتىپ كېتەلىشىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن ناخشا باشلىنىپلا يىغلاپ تاشلاشتىن ئەنسىرەيتتى. ئەلۋەتتە بۇ گۆلپەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدىغانلار ئۈچۈن بىر ئاز غەيرىيلىك، شۇنداقلا سۆزئىيدەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ئامىنە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

— گۆلپەرى، سىز تەييارلىق قىلغان ناخشىلارنىڭ بىرى تەسىرلىك، يەنە بىرى بولسا چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ناخشا. دوستۇم، شۇڭا چوقۇم پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئېيتىڭ، — دېدى ئامىنە.

— ئىككىلا ناخشىنى چوقۇم بېرىلىپ ئېيتىمەن، ئالقىشقا ئېرىشىدىغىنىمغا كۆزۈم يېتىۋاتىدۇ، ئاداش.

— چوقۇم ئالقىشقا ئېرىشىسىز. بۇ قېتىم كىشىلەر يەنە بىر ناخشىچىسىنى تونۇۋالىدىغان بولدى.

ئۇلار كۆڭۈل كۆتۈرۈشىدىغان گەپلەرنى قىلىشىپ، كىنو - تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

※ ※ ※

رابىيەنىڭ خۇشاللىقىغا تولغان كىرا ماشىنىسى شەھەردىن چىقىپ شەرققە — جىلغا يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى بارىمىز، ئۆمەرجان؟

— سىزمۇ بىلىسىز، «ئۇزۇمزار رېستورانى» ئېچىلدى، بۇنىڭ بىلەن سودىمىزغا تەسىر يەتمەي

قالمايدۇ، شۇڭا ئەمدى ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا رىقابەت كۆچىيىدۇ. ئۇلارمۇ چارە ـ تەدبىر قوللىنىپ سودىسىنى ئاقتۇرۇشنى ئويلايدۇ. شارائىت، تاماق، سەنئەت نومۇرلىرى ئۇلاردىمۇ بار، شۇڭا مەن سەنئەت نومۇرلىرىمىزنى بېيىتىش ئۈچۈن ئويلىنىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى. ئۇرۇمچىدىكى رېستورانلاردا سەنئەت نومۇرلىرىغا قىزىقچىلىق شەكلىدىكى نومۇرلارنى قوشۇپتۇ، مەسىلەن، چاپلىنىنى دوراش دېگەندەك. مەنمۇ شۇنداقراق بىر ئىش قىلماقچى. ئۇقۇشۇپ كۆرسەك جىلغا يېزىسىدىمۇ تۇداخۇنغا ئوخشاش بويى پاكار سۇلايمان ئىسىملىك پاراڭچى بىرىنى بار دەيدۇ. بىرىپ كۆرۈپ باقساق، ياراپ قالسا شۇ يىگىتنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلەيمىكىن، دېگەن.

— ناھايىتى توغرا ئويلاپسىز، ئۆمەرجان. ئاشۇنداق يېڭى ئىشلارنى قانداق ئويلاپ يېتىسىزكىنتاڭ؟ يىراقنى ئويلايدىغانلىقىڭىزغا قايىل بولدۇم. مۇشۇ ئەقلىڭىز بىلەن كېيىن چوڭ ئىشلارنى قىلىۋېتىسىز جۇمۇ. ھازىرمۇ كىچىك تۇرۇپلا شۇنچە ھەشەمەتلىك رېستوراننى ئېچىپ چاڭ چىقىرىۋەتتىڭىز.

— مەنمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىمەن.

— كېيىن چوڭ ئادەم بولۇپ كەتسىڭىز بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇڭ.

— ئۇ چوڭ ئىشلارنى سىز بىلەن بىللە قىلىدىغان تۇرسام، ئۇنتۇشقا ھەددىممۇ؟

بۇ گەپتىن رابىيە خۇددى ئۆمەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىرئاز جىم بولۇپ قېلىشۇىدى، شوپۇر ئۇنىئالغۇنى قويدى:

ماڭا بەرگەن سوۋغىتىڭ،
زەھەر ئىكەن بىلمەپتىمەن.

ناخشا قويۇلۇشى بىلەن ئۆمەر ناخشىچى بىلەن تەڭلا ناخشىنى بوش ئاۋازدا ئېيتىشقا باشلىدى:

كۆڭلۈم مېنىڭ ئاقكەن ئەجەب،
تاشلاپ كېتەر دېمەپتىمەن.

ئۆمەرنىڭ ناخشا ئېيتقىنىنى كۆرگەن رابىيە ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى:

— ھوي، مۇنداقمۇ ھۇنىرىم بار دەڭە.

ئۆمەر كۈلدى:

— دەرمانىم بولمىسىمۇ ناخشا ئېيتىش ئارمانىم بار، شۇڭا زېرىككەنلەردە گىتارنى تىرىڭلىتىپ غىڭشىپ قويىمەن.

— ئەجەب بۇ گەپنى بۇرۇن ماڭا دېمىدىڭىزغۇ؟

— ناخشىنى ئوبدان ئېيتالمىغاندىكىن... خىجىل بولۇپ دېمىگەن.

— بىر ئوبدانلا ئېيتىدىكەنسىزغۇ؟ ئەمدى ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇڭ.

— ئەگەر سىزلا خالىسىڭىز، ناخشامنى ئاڭلاپ مەسخىرە قىلمىسىڭىز، ئاۋازىم كەلمىسىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن.

— چوقۇم ئاڭلايمەن.

ئۇلار جىلغا يېزىسىغا يېتىپ كېلىپ يېڭى مەھەللە كەنتىنىڭ ئاق مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى توپىلىق يولغا چۈشۈپ، ئىشىك ئالدىدا ئېگىز ۋە باراقسان ئۆسكەن چىلان دەرىخى بار ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۆمەر سۇلايمان قىزىقچى بىلەن ئالاقىلاشقاندا بۇلارنى سوراپ بىلىۋالغانىدى.

ماشىنا توختىشى بىلەن چىرايلىق نەقىشلەنگەن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ پاكار بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. بويى ئون ياشلىق بالىلارنىڭكىدەك پاكار، چىرايىدىن ھەيبارلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىلا بىر كۈلكە ئىدى. ئۆمەر بىلەن رابىيە بىر — بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! مەن سىلەرنى ساقلاپ تۇرغان، — سۇلايمان قىزىقچى شۇنداق دەپ ئۇلار ئەھۋال سورىغۇچە تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇدى:

مېنىڭ ئىسمىم سۇلايمان،
ئاپام خۇشياقماي تۇغقان.
مۇشتنى يۆگەپ گېپىمگە،
بىزەڭ نوچىغا ئاتقان.

ئۇلار كۆلكە بىلەن ھويلىغا كىرىشتى. سۇلايماننىڭ ھويلىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان ياشانغان ئاتىسى سورىدى:

— بۇلار كىم، سۇلايمان؟

— لاۋبەنلەر.

— نېمە قىلغىلى كەپتۇ؟

— ماڭا پۇل بەرگىلى، ئۆزلىرى پۇل تاپقىلى.

— جىق بەرسە گەپ قىلماي بەر.

— غەم قىلما، ئاتا. پۇلنى جىق بەرسە مەنمۇ گەپنى ھېچىرلاپ قىلمەن، ئاز بەرسە سانتىلاپ قىلمەن.

سۇلايمان شۇنداق دەپ ئۆمەرلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— بىز ئالدىرايمىز، — دېدى ئۆمەر ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، — شۇڭا يېزا بازىرىغا بېرىپ بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ بىرەر رومكىدىن ئىچكەچ پاراڭلاشقان بولساق.

— ھۇنىرىمنى كۆرمەكچىمۇ؟

— ئەمدى... ھە...

— ئۇنداق بولسا ماڭا گىرىم قىلىش كەتمەيدۇ، — سۇلايمان شۇنداق دەپ كاڭدىن پەگاھقا كىچىك باللاردەك ھەرىكەت قىلىپ سەكرەپ چۈشتى، — ئەمىسە مانا باشلىدىم:

— مېنىڭ سۆزلەيدىغىنىم يالغان. 41 يالغان ئۇيغۇرلاردىن قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرگە كەڭ تارقالغان. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تا مۇشۇ

كەمگىچە بىزگە مىراس بولۇپ ساقلىنىپ قالغان. مېنىڭ سۆزلەيدىغىنىم يالغان.

تاققا ـ تۇققا زەنجىر ھالقا، پاقا دەرەخكە چىقتى قۇيرۇقى شاخقا. كىگىز ئۆتۈككە ناھال قاقا، خورۇم ئۆتۈككە پاختىلىق ياقا. پەشمەت چاپانغا بۆرەك ياقا، قاپ كۆڭلەككە ئۆرە ياقا. ياش چوكانغا كۈمۈش ھالقا، قېرى خوتۇنغا ئالتۇن ھالقا. بوجەنتۇردىن خوتۇن ئالسام بېشىنىڭ بىر تەرىپى سوقا، بىر تەرىپى دوقا. كەينىگە ئۆتۈپ قاراپ باقسام پېشانىسى ئېگىزرەك چوققا.

مەن بىر كۈنى ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىۋاتسام ماڭا ئۇچراپ قالدى توققۇز بۇقا، مەن قوشۇلۇپ بولدۇق ئون بۇقا. سوقۇشۇپ كەتتۇق جاقىلداق ـ جۇققا. بىز ھەممىمىز يىقىلىپ چۈشتۇق بىر لوقاقلىق شورتاڭلىققا. مەن ئۇ بۇقىلارنى تۇتۇپ ئەكېلىپ سولاپ قويدۇم ئاغزى يوق بىر توڭ قاپاققا. ئەتىسى قاراپ باقسام ئوخشاپ قاپتۇ بىر قېشى يوق لىڭگىرچاققا.

مەن بىر كۈنى ئېشەككە تەتۈر مىنىپ كېتىۋاتسام تۆت سوقما ھاڭگىراپ يۈرىدۇ. «بۇ نېمە بولغان سوقمىلاركەن؟» دېسەم، «كۈرسۈكقا كىرگەن سوقمىلاركەن» دەيدۇ. مەن ئۇلارغا 13 تال چەڭزە ئېلىپ بۇسۇرپىرىۋىدىم 14 تال كاڭمەنزە چىقاردى. 14 تال كاڭمەنزىنى 12 دانە پاختىلىق ئىشتانغا تېگىشەي، دەپ كېتىۋاتسام، «ۋاي ئەمەت، ۋاي سەمەت، ھېكىم پايپاقنىڭ مۇزخانىسىغا ئوت كەتتى» دەيدۇ. ئۇنىڭغا 12 ھارۋا گۈڭگۈرت، 14 ھارۋا يانتاق ئاپىرىپ قالاۋەردىم ـ

قالاۋەردىم، بىر دەمدىن كېيىن ئۆچتى. شۇنداق كەينىمگە يېنىپ مۇزنىڭ ئاستىغا قارىسام مۇز دېگەن قۇرتلاپ كېتىپتۇ، ۋاي ـ ۋاي!

6 ـ ئاي ۋاقتىدا ئۇسساپ كېتىپتىمەن. سۇ دېگەننى شۇنداق ئىچىپتىمەن. شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام بېشىمنىڭ يېرىمى يوق. بۇ «نەگە كەتكەندۇ» دەپ قارىسام ئارغىبۇلاقنىڭ نېرىسىدا، ئۇششاقتالنىڭ بېرىسىدا غىر ـ غىر مۇز تېيىلىپ يۈرىدۇ. ئۇنى تۇتۇپ ئەكېلىپ «جاڭگىمدە» بىرنى قويۇۋىدىم، تۇتۇپلا قالدى. شۇنداق كەينىمگە يېنىشىمغا ئۇنىمگەن بىر لوقاق تۆۋىدە تۇغۇلمىغان بىر توشقان بالىسى يېتىپتۇ. ئۇنى كەسمىگەن ھاسا بىلەن بىرنى قويۇۋىدىم، كولىمىغان ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنى ئالتە ئادەمگە باستۇردۇم، يەتتە ئادەمگە سويدۇردۇم. ئالتە پاتمان يېغى چىقتى، يەتتە پاتمان چاۋىسى. ئاشۇ دەمدىن ھازىرغىچە يەۋاتىمىز ھېلىمۇ بار تەڭ يارىمىسى. ھەرقايسىلىرىڭىزمۇ ئەپ قويدۇم ئۆيدە بار بىر چاتىسى. ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار ئىشىكتە ئېسىقلىق كاللىسى.

بىز بىر ۋاقىتتا شۇنداق ئەرلەر ئىدۇق، تام بېشىغا چىقىۋالساق ئىتتىن قورقمايدىغان، جوۋا ـ جەنتۇڭنى سىلىۋالساق پىتتىنمۇ قورقمايدىغان ئەرلەر ئىدۇق. بىز بىر ۋاقىتلاردا شۇنداق ئەرلەر ئىدۇق، بىر تونۇر نان يېقىۋالساق يوقتىن قورقمايدىغان، جوۋا ـ جەنتۇڭنى كىيىۋالساق سوغۇقتىنمۇ قورقمايدىغان ئەرلەر ئىدۇق. بىز بىر ۋاقىتتا شۇنداق ئەرلەر ئىدۇق، ئورمانلىقتا ئۆي

سىلىقۋالساق ئوتتۇندىن قورقمايدىغان، ئۆيدىن تالاغا چىقىپلىقۋالساق خوتتۇندىنمۇ قورقمايدىغان ئەرلەر ئىدۇق.

ۋاق ـ ۋاق، ئالتە توخۇيۇم بار ھەممىسى ئاق. كۇندۇزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، ئاخشىمى گەپ قىلساڭ ئېغىزنى قۇلاققا ياق. مۇنداق گەپنى ئاڭلايمەن دېسەڭ مېنىڭدەك 70 سانتىمېتىرلىق كېلىشكەن يىگىتنىڭ ئاغزىغا باق.

ئۇنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتى ماسلىشىپ شۇنداق بىر قىزىق ھالنى شەكىللەندۇردىكى، ئۆمەر بىلەن رابىيە توختىماي كۇلۇپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. كۇلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتقان ئۆمەر رابىيەگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرەر سائەتتەك سۆزلىشىپ كېلىشىم ھاسىل قىلىشتى. سۇلايمان قىزىقچى ئەتىسى شەھەرگە بارىدىغان، ئىككى كۇن رادىيو ۋە تېلېۋىزىيەدە ئېلان بېرىپ داغدۇغىسىنى قىلغاندىن كېيىن «1 ـ ماي» دەم ئېلىشتىن باشلاپ ئويۇننى رەسمىي باشلايدىغان بولدى.

ماشىنا قوزغالدى.

ــ ئۆمەرجان، سۇلايمان ئەجەبمۇ قىزىقچى ئادەم ئىكەن. رېستورانغا جان كىرىپ كېتىدىغان بولدى.

ــ ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، رابىيە.

ــ ئىككىڭلا پۇل تاپىدىغان ئوبدان ئىش بولدى.

— ئاشۇنداق تۇغما مېيىپلىققا بەندىنىڭ نېمە ئامالى؟ بىراق سۇلايمانىنىڭ جىسمى مېيىپ بولغان بىلەن ئەقلى ساغلام ئىكەن.

ماشىنا ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولغا چىقتى.

— بۇ جىلغىغا كېلىپ باققانمۇ؟ — سوردى ئۆمەر.

— ياق، ئەمما داڭقىنى بەك ئاڭلىغان.

— كەلگەندىكىن، ئۇ يەرنىمۇ زىيارەت قىلىۋېلىپ كېتەيلى.

— تازا كۆڭلۇمدىكىدەك گەپ بولدى.

شۇ نىيەت بىلەن ئۇلار تاغ باغرىدىكى سىرلىق جىلغىغا قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

شەھەرلىك كىنو - تىياتىرخانا ئادەمگە لىق تولغانىدى. سەھنە ئارقىدىكى بۆلۈمچىلەردە ھەر خىل پاسوندا كىيىنگەن ياشلار جىددىيلىكىنى بېسىش ئۈچۈن بەند ئىدى. بەزىلىرى قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى، بەزىلىرى كۆزىنى يۇمغىنىچە ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇشاتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا ئالىلىقاندىق ياخشى - يامان خىياللار بىلەن ئېيتماقچى بولغان ناخشىسىغا غىڭشىپ ئولتۇرۇشاتتى... ئەمەلىيەتتە، شۇ تاپتا ئۇلار قارشى تەرەپنى — ئۆزىگە قىزغىن سۆزلەۋاتقان، چاقچاق قىلىۋاتقانلارنى بۇگۈن ئاخشام ئەشەددىي رەقىب

بىلىشىدۇ، پىنھان تۇيغۇلىرىدا ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قارىغۇچىلارنى «ئىلاھىم، ناخشىنى باشلىشىغىلا ئاۋازى پۇتۇپ قالغىيدى» دەپ قارغاۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس.

بۇ يەردە ناخشا ـ مۇزىكىدىن ئىبارەت پاك، توسالغۇسىز، يۈرەكنىڭ بېغىشىنى ئوينىتىدىغان سەنئەت ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلىغانلار ياكى ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىغانلار بۇگۇن شۇ سەنئەتنىڭ ئۆزلىرىگە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغان قورالغا ئايلانغانلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار تىرىكىشىدۇ.

يۇتكۇل زالدا ھاياجانغا، جۇشقۇنلۇققا تولغان مۇزىكىلار، ناخشىلار ياڭراشقا باشلىدى. ھەربىر ناخشا ئۆزگىچە مەزمۇنى ۋە ئاھاڭى بىلەن يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالاتتى، ئۆزىگە خاس ئاۋاز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ناخشىچىلار ئۆزلىرى تاللىغان ناخشىلارنى ئۆز ھېسسىياتى بويىچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىشقا تىرىشاتتى. گۇلپەرى ھەربىر ناخشىنى زەن قويۇپ تىڭشىدى. ناخشىچىلارنىڭ تەسىرلىك، مەزمۇنلۇق ناخشىلىرىدىن ئۇ قايىل بولۇپ قالدى.

ھەربىر ناخشىدىن كېيىن باھالىغۇچىلار قويغان نومۇرلار ئادەمنى دەقىقىلىك ھاياجانغا ھەم ئەندىشىگە سېلىپ تۇراتتى.

نۆۋەت گۇلپەرىگە كەلدى.

ئۇ يېنىك قەدەم ۋە سۇس جىلۋە بىلەن سەھنىگە

چىقتى. ئۇنىڭ قولىدىكى مىكروفون بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. گۈلپەرى بىر نەچچە قېتىم يېنىك نەپەس ئالغاندىن كېيىن خىرە يورۇپ تۇرغان زال ئىچىگە دادىللىق بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭغا زالنىڭ چېكى يوقتەك، پايانسىزلىقتا سوزۇلغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ناخشىنىڭ پائۇزىسى چېلىنىۋاتقاندا ئاشۇ چەكسىزلىككە تىكىلگىنىچە كەيپىياتىنى تەڭشىدى.

سەلدىن كېيىن زالغا ئۇنىڭ مۇڭغا تولغان، يۈرەكنى ئېزىپ سىغىنىشقا، ھەسرەتكە تولدۇرىدىغان ئاۋازى يېيىلىشقا باشلىدى:

قىزىلگۈللەر ئېچىلغاندا،
مەن بىر غۇنچە ئىدىم.
لېكىن ئېچىلىش ئالدىدا،
سىزدىن ئايرىلدىم.

ئۇ ئۆزىنى يەنە باسالمىدى، ناخشىدىكى، ئاۋازىدىكى مۇڭ ۋە سېغىنىش چوڭقۇرلاشقانچە، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنچە ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ھازىر ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك، بەلكى كۆز ئالدىدىكى نۇرغۇن دىلكەش دوستلىرىغا دادىسىغا بولغان سېغىنىشىنى، ئاتىسىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى، چوڭقۇر مېھرىنى، ئامراقلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئاتا ئەگەر بولسىڭىز،
يىغلىماس ئىدىم.
بەختلىك بۇ دۇنيادا،
زارلىماس ئىدىم.

گۇلپەرى ئاۋازى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا يەتكەندە ئاتىسىدىن ئىككىنچى قېتىم ئايرىلىپ قالغاندەك بولدى، گېلىغا يىغا ئولاشتى. لېكىن، بۇ هال ئۇنىڭ ناخشىسىغا تەسىر يەتكۈزمەستىن ئەكسىچە ئاۋازىغا ناخشىنىڭ مۇڭى، ئاهاڭى، مەزمۇنى بىلەن تەبىئىي بىرلىشىپ كەتكەن يىغلاڭغۇ بىر تۈس بېغىشلىدى. ئاۋازىدىكى بارغانچە بەرق ئۇرۇۋاتقان مەڭگۈلۈك هىجران ئازابى زالدىكى ئاتىسى بار، ئاتىسىدىن ئايرىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ يۈرەك بېغىشىنى تىلىپ ئۆتتى.

ناخشا تۈگىگەندە زال بىرپەس سۈكۈتكە چۆمدى. گۈلپەرىمۇ ئۆزىنى هالسىزلىنىۋاتقاندەك سەزدى. شۇ چاغدا ياڭرىغان ئالقىش ساداسى زالنى بىر ئالدى.

تاماشىبىنلارنىڭ هاياجىنى، كۆزلىرىدىكى نەملەرنىڭ تۈگىشىگە ئۇلىشىپ دۇتار بىلەن ئورۇنلانغان ۋەزمىن، سالماق مۇزىكا ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى.

گۇلپەرى تۆرتىنچى ۋە ئاۋازىغا قەتئىيلىك بېغىشلاپ ناخشىغا تەييارلاندى:

يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشىسۇن.

ناخشا باشلىنىپلا يەنە كۈچلۈك ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. گۈلپەرى ھۆرمەتكە سازاۋەر خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىن تېكىستىنى يازغان «ياشىسۇن» ناملىق داڭلىق ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى.

ئۆزى ئالماي، يامبۇ ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشىسۇن.

سۇغارغاندەك سايە بەرگەن چىنارنى،
ئاتا قەرزىن تۆلىگەنلەر ياشىسۇن.

ئېتى ھارسا ئانا چۈشكەن ھارۋىنىڭ،
ئۆزى ئات بوپ سۆرىگەنلەر ياشىسۇن.

ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆزى راھەت كۆرمىگەنلەر ياشىسۇن.

يوقسۇزلۇقتا ئوتى ئۆچكەن يالغۇزنىڭ،
ئوچۇقىنى پۈۋلىگەنلەر ياشىسۇن.

ھالدىن كەتكەن غېرىبلارنىڭ بېشىدا،
چىراغ يېقىپ تۈنىگەنلەر ياشىسۇن.

ئۈنتۈلمىسۇن ئارمان بىلەن كەتكەنلەر،
ئۈمىدلىرى ئۆلمىگەنلەر ياشىسۇن.

ياخشى قەلبلەرنىڭ قۇدرىتى بىلەن جاھان بۇگۇنگە ئۇلىنىپ كەلگەن. شۇنداقلا ياخشىلىق — يۈلەش بولغاچقىلا بۇ جاھان يەنە داۋاملىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ دۇنيادا ياشىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياخشىلىقنىڭ — يۆلەشنىڭ تاتلىق تەمىنى تېتىپ مىننەتدار بولمىغىنى يوق. شۇڭلاشقا ياخشىلىق تىلغا ئېلىنسا كىشىلەرنىڭ قەلبى چەكسىز سۆيۈنۈشكە تولىدۇ، ياخشىلىقتا مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچ تىلەيدۇ...

بىر ناخشىچى نومۇر ھېسابلاش ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتا خالىس ناخشىدىن بىرنى ئېيتىپ بولۇپ تۇرۇۋىدى، مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى چىقتى. گۈلپەرى ئىككىنچى بولدى. ئۇ چەكسىز ھاياجانغا چۆمدى، كۆزىدىن خۇشاللىق يېشى تۆكۈلدى.

يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئايگۈل مۇئەللىم ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى:

— مەن سىزدە ھەقىقىي تالانتنىڭ بارلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن. سىز... سىز... سىڭلىم، قالتىس ئىش قىلدىڭىز، يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولدۇم...

يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى باسالماي ھېلىغىچە ئۆزىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان ئىشنىڭ شەپىسىنى بىلدۈرۈپ قويدى: مەكتەپ رەھبەرلىكى «قىلغان ئىشىڭلارنىڭ بىرەر نەتىجىسى يوق. ھە دەپ دەرسكە تەسىر يەتكەن» دەپ مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكىنى تارقىتىۋەتمەكچى بولۇپ قەلبى سەنئەت ئىشقىغا تولغان

ئايگۈل مۇئەللىمنىڭ قىزغىن كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سەپكەندى. نەتىجىگە ئېرىشىشتىن باشقا بۇمۇ بىر مۇھىم سەۋەب بولغاچقا ئايگۈل مۇئەللىم گۈلپەرىنى ماختاپ، ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

نەتىجىگە ئېرىشىپ گىدىيىشىۋالغانلار، نەتىجىگە ئېرىشەلمەي سالپىيىپ قالغانلار، ئۆز دىيارىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان بۇ ناخشىچىلاردىن كۆڭلى سۆيۈنۈشكە تولغان تاماشىبىنلار، ناخشىسىغا قارىغاندا ئۆزىگە بەكرەك قىزىقىپ قالغان يۇرىكى ئوت يىگىتلەر بۇ چىرايلىق، ئامەتلىك قىزغا قارىشىپ قويۇشاتتى.

بۇلاردىن ئۆزىگە چەكسىز ئىشەنچ قونۇۋاتقان گۈلپەرى ئەركىن قەدەملەر بىلەن ئارقا سەھنىدىن چىقتى. ئىشىكتىن چىقىشىغىلا بىرەيلەن ئۇنى تۇيۇقسىز قۇچاقلاپ چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئامىنە ئىدى. ئارقىدىن يەنە بىرنەچچە ساۋاقدىشى يېتىپ كەلدى.

— مۇبارەك بولسۇن، گۈلپەرى!

ئامىنەنى كۆرۈپ غەلىبە خۇشاللىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان گۈلپەرى ئامىنەنى تېخىمۇ بەك قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭ، باشقىلار شۇ تاپتا نەتىجىگە ئېرىشەلمەي يىغلاۋاتسا، سىز نەتىجىگە ئېرىشكىنىڭىزگە يىغلايسىزغۇ.

— ئىككىنچى بولۇپ قالدىم، دەپ يىغلاۋاتامسىز؟

— مۇكاپاتنى ئاز كۆرۈۋاتقان گەپ.

— كەمتەرلىك قىلاي دەۋاتىدۇ. «كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق، سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.»

شۇنداق گەپلەر بىلەن دوستلىرى گۈلپەرىنىڭ كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىردەم كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئايگۈل مۇئەللىم ئۇلارنىڭ قايتىشىنى ئېيتتى:

— ئۆگۈنلۈكتىن باشلاپ نەچچە كۈن دەم ئېلىش بولغاندىكىن، شۇ ۋاقىتتا تەبرىكلەيلى. هازىر كەچ بولۇپ قالدى. ئەمدى قايتىڭلار.

ئۇلار ئامالسىز كۆزى قىيمىغان هالدا خوشلاشتى.

## بەشىنچى باب

## كۆڭۈل سىرى

گۈلپەرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرەيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يېتىپ كەلدى.

— ئەۋلىيا جۇمۇ مەن.

گۈلپەرى ئالىمنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. گۈلپەرى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى. ئالىم مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەممىمىزنى خۇش قىلىۋەتتىڭىز جۇمۇ،— دېدى ئالىم بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ،— مەكتەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆچەپ چاۋاك چالدى، دېگەنىبىلەن ناخشىنى كارامەت ئېيتىۋەتتىڭىز، مەنمۇ يىغلاپ تاشلىدىم.

گۈلپەرى يېنىك كۈلۈمسىرەپ ئارتۇق سۆز قىلمىدى. ئۇ بەك خۇشال ئىدى.

— كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

گۈلپەرى شۇ تاپتا ھاياجاندىن، ئۆز - ئۆزىگە بولغان پەخىرلىنىشتىن، بېسىپ بولغۇسىز شادلىقتىن مەست

بولغاچقا ئالىمنىڭ تەلىپىنى تەبئىيلا قوبۇل قىلىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە يولىنى داۋام قىلدى.

— سىزگە بېرىدىغان نەرسە بار، — دېدى ئالىم بەلبېغىغا بېكىتىلىۋالغان مىكرو تىپتىكى ئۈنئالغۇنى ئېلىپ، — مەن سىزنىڭ ناخشىڭىزنى لېنتىغا ئېلىۋالدىم.

بۇ گەپتىن گۈلپەرى ئۆزىگە تېخىچە سىرلىق تۇيۇلىدىغان تولىمۇ قىزغىنلىقنى ھېس قىلىپ، يۈرىكىگە ئىسسىق ئېقىم تارىغاندەك بولدى.

ئالىم يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئارزۇسىنى قىمىرلىتىۋەتكەن ئېسىل ئۈنئالغۇسىدىن لېنتىنى ئالدى، ئاندىن لېنتىنى سېلىپ گۈلپەرىگە ئۆزاتتى. شۇندىلا گۈلپەرى ئالىمنىڭ بوينىدا نائۇشنىك بارلىقىغا دىققەت قىلدى.

ئەتراپتىكى تىۋىشلار تۈپەيلى ناخشا لېنتىغا تازا دېگەندەك ياخشى ئېلىنمىغان بولسىمۇ، گۈلپەرى ناخشىنى بېرىلىپ تىڭشىدى. «ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئېيتىپتىمەن» دەپ ئويلىدى گۈلپەرى، ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى ئالىمغا قايتۇرۇپ بەردى. ئالىم بولسا لېنتىنى قايتۇرۇپ گۈلپەرىگە سۇندى:

— سىزدە قالسۇن.

— رەھمەت، — دېدى گۈلپەرى لېنتىنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئالىمغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى، — لېنتىغا ئېلىش قانداقلارچە خىيالىڭىزغا كېلىپ قالدى؟

ئالىم بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەستىن باشقا گەپنى سورىدى:

— ئىسىڭىزدە بارمىكىن؟ مۇسابىقىدىن بۇرۇن بىر كۈنى سىز بىلەن باغلاشقانىدىم.

— ھەئە، ئېسىمدە.

— شۇ چاغدا سىزگە دېدىمغۇ «نەتىجىگە ئېرىشىسىز» دەپ. مەن بىلىپ ئېيتقان جۇمۇڭ.

— سىز قانداق بىلگەن؟ — چاقچاق ئارىلاش سورىدى گۈلپەرى.

— ئىشقىلىپ، كۆڭلۈم تۇيغان.

— قانداق تۇيغان؟

ئالىم يېنىككىنە كۈلۈپ كەتتى:

— بىز باغلاشقانغۇ؟ مانا نەتىجىگە ئېرىشتىڭىز، ئەمدى مەن ھەممىگە تەييار، — دېدى. گۈلپەرى ئالىمنىڭ ئۇ چاغدىكى گېپىنى چاقچاق ئورنىدا چۈشەنگەچكە، ئۇ گەپنى بۇ يەرلەرگىچە سۆرەپ كېلەر، دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. نېمىلا بولسۇن خەقنىڭ ياخشى كۆڭلىدە.

— رەھمەت، — دېدى گۈلپەرى چىن كۆڭلى بىلەن، — نەتىجىگە ئېرىشكىنىمىز چوڭ ئىش. ھەرقايسىڭلارنىڭ مەدىتى، ياخشى تىلىكى بولمىغان بولسا...

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا گۈلپەرى كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتتى. ئالىم شېرىن ھېسسىياتقا چۆمگىنىچە گۈلپەرىگە تويماي قارايتتى.

ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بولسا بۇ چىرايلىق قىز بىلەن سۆلەتلىك يىگىتكە ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى.

ــ ئۇ ھېساب ئەمەس، ــ دېدى ئالىم گۈلپەرىنىڭ تارتىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ. ئۇنىڭ تەلپۈنۈشكە تولغان قەلبى ئەلۋەتتە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ گۈلپەرىگە بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايدۇ ـ دە.

ــ راستلا، ــ دېدى گۈلپەرى ئالىمنىڭ بارغانچە قىزىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ. ئالىم بۇنىڭدىن سەل ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى.

بۇ چاغدا ئۇلار گۈلپەرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانىدى. چوڭ كوچىدىن شىمالغا 200 مېتىردەك ماڭسىلا گۈلپەرىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار يانغا بۇرۇلۇپ قاراڭغۇ، ئادەمسىز كوچىغا كىردى.

ئالىم ئەمدى ھەم ھودۇقۇپ، ھەم ئالدىراپ قالدى. ئەسلى بۈگۈن ئاخشام نېمىلا بولسۇن، گۈلپەرىگە كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاشنى ئويلىغانىدى. بولۇپمۇ گۈلپەرىنىڭ بۈگۈن ئاخشامقى ياخشى مۇئامىلىسى ئۇنىڭغا يەنىمۇ جۈرئەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلپەرىنىڭ تازا خۇشال بولغان پەيتى...

ئالىم تەۋەككۇل قىلىش قارارىغا كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە گۈلپەرى ئادەتتىكى قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئېھتىيات قىلمىسىمۇ بولمايتتى.

ــ گۈلپەرى، ــ دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا، ــ سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار.

گۈلپەرى توختىدى. ئالىم جىمىپ كەتتى.

بىر نەرسىنى تويغان گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.
— خاپا بولارسىزمۇ؟ — ئالىم يەنە ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى.
— نېمە گەپ بولسا... ئاۋۋال دېمەمسىز؟ — گۈلپەرىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئېيتتى.
— ئەتىگەنكى گېپىڭىز... نېمە ئۈچۈن ناخشىڭىزنى لېنتىغا ئالغانلىقىم... — ئالىم سۆزىنى داۋام قىلالمىدى.
گۈلپەرى كۈتتى.
— نېمىشقا لېنتىغا ئالدىم؟ نېمىشقا - ھە؟ — ئالىم ھودۇقۇشقا باشلىدى، — كۆڭلۈم يېقىنلىق قىلىپ، كۆڭلىڭىزنى ئىزدەپ...
— بۇنىڭدىن خۇش بولدۇم.
ئالىم بۇ سۆزدىن سەل جىلە بولدى. لېكىن... ئالىم بىر جۈرئەتلىنىپ يەنە ئۆزىنى باستى. ئىنتايىن خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈلپەرى ئالىم ئۈچۈن بىر ۋەھىمىگە ئايلىنىۋاتاتتى. ئالىم راستتىنلا قورقۇپ قالدى. گۈلپەرى تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى دوستانە مۇئامىدىلا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئالىم لېۋىنى چىشلىدى، يەنە غەيرەتكە كەلدى. نېمىلا بولسا دېيىش كېرەك.
— گۈلپەرى...
— ھە...
— ناۋادا سىزگە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن بىرى بولسا نېمە دەيتتىڭىز؟

— نېمە دەيتتىم، ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. چۈنكى ئۇ شۇ خەقنىڭ خاھىشى. مېنىڭ خەقنىڭ ھېسسىياتىنى توسۇپ كېتەلىشىم مۇمكىن ئەمەسقۇ.

— ئەگەر شۇنداق بىرى سىزگە تەلەپ قويسىچۇ؟

— كىم؟

— ئالدى بىلەن جاۋاب بېرىڭ؟

— قىزىق ئىكەنسىز، ئادەمنى بىلىپ بىرنەرسە دېيىشىم كېرەكقۇ ئاخىر.

— ئۇغۇ شۇنداق...

— ئۇنداقتا دەڭا، ئۇ كىم؟

ئالىم بىرپەس تۇرۇپ كېتىپ ئېيتتى:

— مەسىلەن... مەن...

گۈلپەرى ئالىمنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزگىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، مۇنچە تېز تەلەپ قويۇشىنى ۋە تەلەپ قويسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى زىنھار ئويلىمىغانىدى. تېخى بۇلارنى ئويلاش ئارتۇقچە بىر ئىش دەپ بىلگەنىدى.

— قېنى دەڭ، مەن بولۇپ قالسامچۇ...

ئالىمنىڭ ئاۋازى تىترەپ تۇراتتى. گۈلپەرى ئۆزىدە خىيال يوقاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— ئالىم... سىز... بۇ...

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

— مەن دەيمەن...

— ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى ئەمەس، سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى

بىلەتتىم. لېكىن سىز ئۇيلاپ باققان ئەمەس، سىز ئۇچۇن، سىزنىڭ خۇشال يۈرۈشىڭىز ئۇچۇن نېمە خىياللارنى قىلىپ چىقىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە سىز بىلمەيسىز. سىزنى كۆرۈپ، سىز بىلەن پاراڭلىشىپ قىينىلىپ كېتىۋاتقان كۆڭلۈمگە ئارام ئىزدەيدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز. قانچىلىك ئازابلارغا دۇچار بولدۇم، شۇ ئۇزۇن كېچىلەردە سىزنى ئويلاپ قانچىلىك ھەسرەتلەندىم؟ لېكىن بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىزگىمۇ كىرىپ چىققىنى يوق. سىز پۈتۈنلەي ئۆز خىيالىڭىز، ئۆز ئىشىڭىز بىلەن يۈرىسىز. مېنىڭ قانچىلىك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمغا دىققەت قىلماي دېمەيسىز. ئەگەر مۇشۇ مۇھەببەت دېگەن نېمىنى تاشلىۋەتكىلى بولغان بولسىدى، مەن ئاللىقاچان...

ئالىمنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، ئاۋازىمۇ ئۆكسۈگەندەك چىقتى، لېكىن راست ئۆكسۈدىمۇ، بۇنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى.

گۈلپەرى چۈشىنىكسىز تەلەپپۇز بىلەن:

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئالىم، — دېدى.

— راست، گۈلپەرى، سىزنى سىز ئويلاپ باقمىغان دەرىجىدە... ياخشى كۆرىمەن....

گۈلپەرى نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئاخىرى بولماي قىزلارنىڭ ئەڭ ئاسان جاۋابىنى بەردى:

— ئويلىنىپ باقاي...

— گۈلپەرى...

— قالدى گەپنى ئەتە دېيىشەيلى...

گۈلپەرى كىرىپ كەتتى. ئالىم چوڭقۇر ھەسرەتلەنگىنىچە كەينىگە ياندى.

※ ※ ※

ئالىم چوڭ يولغا چىققۇچە ئۆزىدىكى ھودۇقۇشنى باسالمىدى. «بۇرۇنلاردا مۇنداق گەپلەرنى ئويۇن ئورنىدىلا قىلىۋېتەتتىم. ئەجەب بۈگۈن نېمە بولغاندىمەن؟ تۈزۈك ئىككى ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدىم دېسە. تەمتىرەپ — ھودۇقۇپ ئارقا — ئالدى گەپ قىلىپ يۈرگىنىمنى. بۇ گۈلپەرى زادى قانداق قىزدۇ؟ نېمىشقا مېنى ئۆزىگە شۇنچە باغلىۋالىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىدا مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغاندىمەن؟» ئالىم شۇ خىياللار بىلەن تېلېفون ئىزدەشكە باشلىدى. «بوپتۇلا، نېمىلا بولسا ئېچىمدىكىنى دەۋالدىم. قالغان ئىشنى ئاستا — ئاستا پۈتكۈزۈۋالارمەن. مانا، تونۇشمايدىغان گۈلپەرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇنچە يەرگە ئەكېلىۋالدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، قالغان يېرى ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتەمدۇ تېخى!» ئاخىرى شۇ خىيال بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلغان ئالىم تېلېفونغا يۈرەكلىك ھالدا قول ئۇزىتىپ بىرەيلەنگە چاقىرغۇ قىلدى. ئالىم بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇۋىدى، تېلېفون كەلدى.

— سىلەر نەدە؟ — دەپ سورىدى ئالىم.

— ھازىر «سىرداشلار تېز تاماقخانىسى»غا يۆتكەلدۇق. بىرىنچى ئايرىمخانىسىغا كەل.

شۇ تاپتا ئالىمنىڭ ئاغىنىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۇنى ساقلاۋاتاتتى. ئالىم گۈلپەرى بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلىشىش مەقسىتىدە ماشىنىسىنى «ئوردا مېھمانسارىيى»نىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويغانىدى. ئۇ بېرىپ ماشىنىسىنى ئالدى ۋە ئاغىنىلىرى ئولتۇرغان تاماقخانىغا تېزلىكتە يېتىپ باردى.

ئايرىمخانىغا ئالىم بىلەن «قەدىناسلار»چە دوستلۇق ئورناتقان، «قىيامەتلىك دوستلار»دىن بولۇشقا قەسەم ئىچىشكەن ئوندەك دوستى يىغىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىر تۈرلۈك يوللار بىلەن خىزمەتكە چۈشۈۋالغان بولسا، بەزىلىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئىككىسى يەنىلا جەمئىيەتتىكى قۇلاق كەستىلەرنى كەينىگە سېلىۋېلىپ «كوچا نوچىسى» بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى. ئۇلاردىن پەقەت پەرھات ئىسىملىك بىرەيلەنلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، باشقا گۆرۈپپىدىكى باللار «ئاراڭلاردىن مۇشۇ پەرھات چىقىپ قاپتۇ. بولمىغان بولسا، سىلەر بىر گۆرۈپپىدىكى باللار ئالىي مەكتەپ دېگەننىڭ قانداقلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتەتتىڭلار» دەپ ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار پەرھاتنى چوڭ كۆرەتتى. بۈگۈن ئۇمۇ ئۈرۈمچىدىن دەم ئېلىشقا كېلىپ بۇ سورۇنغا داخىل بولۇپ ئولتۇراتتى.

ئالىم كىرىشى بىلەن ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق بىلدۈرۈشتى. ئالىم تۆردىكى ئورۇنغا بېرىپ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا ئورۇندۇقتا يانچە ئولتۇرۇپ، تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلەپ تۇرغان سېلىم «كۈچۈك» مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزى بىلەن:

— ئالىم، ئاغىنىلەرنى شۇنچە ساقلاتتىڭ، ئۇ بۇلبۇلىڭغىمۇ يېتەرلىك خۇشامەت قىلىۋالدىڭ. شۇڭا، بۈگۈن بىزنى راسا بىر مېھمان قىلارسەن؟ — دېدى.

باياتىندىن بېرى ئاغىنىلەر ئارىسىدا «گۇر - گۇر» پاراڭ سالغاچقا، باشقىلار ئۇنىڭ پۇل خەجلىگەنلىك يۈزى ئۇچۇن ئۇنىڭ گېپىگە «ھە» دېسە «ھە» دەپ ئولتۇرغانىدى، شۇڭا سېلىم «كۈچۈك» ئۆزىنى بىردىنلا دوستلىرى ئارىسىدىكى نوپۇزلۇق ئادەمدەك سېزىپ قالغانىدى. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭچە بولغاندا ئەلۋەتتە ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ گېپىگە داپ چالىدۇ - دە! ئەمما ئىش ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ سۆزىگە قارىتا ھېچبىر جانلىق پوزىتسىيە تۇتمىدى، ئەكسىچە ھەممىسى ئالىمغا قاراشتى.

ئالىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ بىرپەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن:

— سېلىم، سەن خىزمەتكە چىقىپ بەك خۇمسىلىشىپ كېتىۋاتىسەن، ئەسلى سەن خىزمەتچى، بىز ئوقۇغۇچى. بىكارچى بولغاندىكىن، بالىلارغا ئېغىز ئاچتۇرماي، ئۆزۈڭ بىلىپلا قىلىپ تۇرساڭ بولاتتى، — دېۋىدى، قالغانلار تۇشمۇتۇشتىن:

— ئالىملا مۇشۇنداق جايغا كەلتۈرۈپ دېيەلەيدۇ...
— ئۆزىچىلا بىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتتى بۇ كۈچۈك...
— بىزنى ئىچى ئېچىشىپ ئۆلسۇن، دېگەندەك چاقىرغۇسىنى كۆز - كۆز قىلىپ كەتكىنىنى خوتۇن كىشىدەك،— دېيىشىپ كەتتى. ئالىم سۆزىنى داۋام قىلدى:
— سېلىم، سېنى مائاش ئېلىۋاتقاندىكىن باللارنى زېرىكتۈرۈپ قويماي بىر ئىش قىلار، دېسەم، ئۇنىڭ ئەكسىچە نوچىلىقىڭنى كۆرسەتكۈڭ كېلىپ كېتىۋاتىدۇ. تېخى بايىقى گېپىڭ ماڭا ئىش ئورۇنلاشتۇرغىنىڭمۇ؟
سېلىم سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ بېقىپ، ئۆزىنىڭ پايدىسىز، پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا بوشاپ كەتتى، شۇنداقلا بايا ئالىمغا گەپ قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى.
— سېلىم، ئېسىڭدە تۇت،— دېدى ئالىم تەلەپپۇزىنى تېخىمۇ زەھەرلىك قىلىپ،— ئۇنداق دېسەم، بىز سېنىڭ قولۇڭغا قاراپ قالغىنىمىز يوق. ئۆزاقتىن بۇيان سەن بىلەن ھەر ئويۇنلارنى ئوينىدۇق، لېكىن سېنى بىرەر قېتىم پۇل چىقار دەپ مەجبۇرلاپ باقتۇقمۇ؟ ئاز بەرسەڭمۇ خۇش بولدۇق. بىرەلمىسەڭ سېنى خىجىل قىلمىدۇق...
ئەمدى سېلىم ئۈلتۈرالماي قالدى:
— بولدى، ئاداش، شۇنداقلا دەپ قويغان گەپكە...
يەنە باشقىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ھەي، سىلىم، ئالىم سىنى مېھمان قىلىپ باقمىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ.

— ئالىم بىرسىنىڭ مېھمان قىلىشىغا قاراپ قالىدىغان ئادەم ئەمەس.

— كۆپىنچە مېھماندارچىلىقنى ئۆزى قىلىۋاتسا. بىزنىڭ ئالىمنى مېھمان قىلمىغىمىزنىڭ تەسلىكىنى بىلمىدىمىكىنە.

— سىلەر بولدى قىلىڭلار، — دېدى ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېھماندارچىلىق توغرۇلۇق تالىشىشمۇ بىر گەپمۇ؟ مەن ئۇزاق بولدى سىلىمنىڭ نوچىلىقى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقىلى. سىلىم، ئېسىڭدە بارمۇ؟ ئۆتكەندە دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ماڭا نوچىلىقىڭنى كۆرسىتىپ قويغىنىڭ. ئاڭلاڭلار ئۇنىڭ قىلغىنىنى...

— ئالىم، بولدى ئاداش، مەن...

— سىلەر ئاڭلاپ بېقىڭلار، ئۇ يېڭى موتوسىكلىت، چاقىرغۇ ئاپتىكەن. گىدىيىپ كېتىپتۇ، گەپلىرىچۇ تېخى «چاقىرغۇ نومۇرۇمنى يېزىۋالارسەن» دېيىشلىرىنى... سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، سىلىم نوچىلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئادەم مەنمۇ؟

— سىلىم، رېنما نى (ئادەممۇ سەن)؟

— «كۇچۇكۇم، كۇچۇكۇم» دېسەڭ، ئۇنىڭ قىلىدىغىنى ئېنىققۇ!

— دېمىسىمۇ سەن مۇشۇ كۈنلەردە ھەددىڭدىن بەك ئېشىپ كېتىۋاتىسەن.

ئالىم سۆزلىۋىدى، باشقىلار جىمىدى:

— شۇنداق نوچىلىق قىلساڭمۇ بالىلارنى ئويىنىتىپ يۈرسەڭمۇ مەيلىدى. ئەمدى بولغاندا... بىلىپ قوي، سېلىم، سېنىڭ ئۇ نوچىلىقىڭ ۋاقتىلىقلا. چاقىرغۇ هازىر كىمدە يوق. ئارىمىزدا يوقلارغا ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ياخشىلار ياردەم قىلىپ ئېلىپ بېرىمىز. سەن بىر قوتۇر موتوسىكلىت مىنگەن بولساڭ، ماڭ، سىرتقا چىقىپ قاراپ باق، مەن پىتىمقداپ ھەيدەۋاتقان ماشىنىنىڭ ئىشىكىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغانسەن.

بۇ گەپلەر بىلەن سېلىمنىڭ بېشى چۈشۈپلا كەتتى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئالىم، — سېلىم شۇ ۋاقىتتا «موتوسىكلىتىمنى يۇيۇڭلار» دېگەن. ئارىدا ۋاقىت چىقماي قالدى. قانداق، بۈگۈن يۇيۇۋېتىمىزمۇ؟

— يۇيىمىز!

— سوپۇنداپ...

— هاراق موتوسىكلىتىنىڭ كىرىنى ئوبدان چىقىرىدۇ.

— جاهىل كىرغا توخو قوردىقىدىن باشقىسى بىكار.

— قوي گۆشىمۇ بوش ئەمەس.

— كاۋاپىنىڭ زىخىغۇ كىر دېگەننىڭ ئانا - مانىسىنى...

سېلىم ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى:

— چاتاق يوق، ئاغىنىلەر، مانا مەن تەييار!

شۇنىڭ بىلەن سورۇن تۈزۈلدى. كۆلكىدىن ئېغىزىنى يۇمالماي قالغان ئاغىنىلىرى بارماقلىرىنى چىقىرىشىپ ئالىمنى ماختاشتى.

يەپ ـ ئىچىش باشلاندى.

ــ ئاغىنىلەر،ــ دېدى ئالىم چاي ئىستاكىنىغا لىق هاراق قۇيۇپ،ــ سىلىمنىڭ ئارىمىزغا قايتىپ كەلگىنىنى تەبرىكلەپ تۇنجى هاراقنى مۇشۇنداق ئىچىمىز. «ياق» دېيىشكە رۇخسەت يوق!

ئۇ گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. هەممىسى ئاشۇنداق ئىچكەندىن كېيىن ئېچىلىشقا باشلىدى.

ــ ئاداشلار،ــ دېدى پەرهات ئورنىدىن تۇرۇپ،ــ ماركس: «ئىنسانلار ئالدى بىلەن يېيىشى، ئىچىشى... كېرەك. ئاندىن خاتىرجەم هالدا باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ» دېگەن. بىزمۇ مانا ئىچىۋاتىمىز، يەۋاتىمىز، شۇڭا بىز هازىر مۇهەببەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە.

بۇ گەپ بىلەن سورۇن قىزىدى:

ــ سۆزلە، پەرهات!

ــ ئىچىمىزدىكى گەپنى قىلدىڭ.

ــ سېنى سۆزلەيدۇ، دەپ بېقىۋاتىمىز جۇمۇ!

ــ ئۇنداقتا،ــ دېدى پەرهات ئالىمغا قاراپ،ــ گەپنى ئاتامانىمىز ئالىمدىن باشلايمىز، قانداق؟

ئالىم مىيىقىدا كۈلۈپ:

ــ بوپتۇ، بىر يىلدىن بۇيان قانچىلىك بىرنېمە ئۆگەنگىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقايلى. مېنىڭ ئىشلىرىمنى دېسەڭ دە، بىراق ئوقۇغاندەك گەپ قىل. مېنىڭ ئىشىمنى ئادەتتىكى گەپتەك قىلىپ قويىدىغان بولساڭ

جازا ئۆچۈن بىر بوتۇلكا هاراقنى يالغۇز ئىچىۋېتىسەن. قانداق، بۇرادەرلەر؟ — دېدى.

— جىق گەپ.

— «يۇرۇۋۋاتىدۇ»، «تەلەپ قويۇۋاتىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدىغان بولساڭ، بولدى، ئەتىلا ئوقۇشتىن توختا.

— گېزىتكە بېسىلغان ھېكايەڭدەك سۆزلەيسەن.

— ئوقۇشتىن توختىسىلا بولمايدۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇنىڭغا خەجلىگەن پۇللارنى تۆلىسۇن.

سورۇن ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى.

ئالىم پەرھاتقا گۈلپەرى بىلەن بولغان ئىشلارنى دەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىشىدىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشتا مەقسىتى بار ئىدى، يەنى ئۇ گۈلپەرىگە تەلەپ قويۇشتا ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلغانىدى. ئەگەر گۈلپەرى بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغۇدەك ياكى كېيىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقۇدەك بولسا، گۈلپەرىگە كۆڭلىنى خەت ئارقىلىق ئىزهار قىلماقچى بولغانىدى. ئۇ خەتنى ئەلۋەتتە مۇشۇ پەرهات يازاتتى.

— بولىدۇ، — پەرهات ئىككى رومكا هاراقنى قولىغا ئالدى، — بىزنىڭ ئاتامانىمىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى مۇنداق: باياشات تۇرمۇش قويىنىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئالىم تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپلا ئوقۇشنى بىراقلا تاشلاپ دېگەندەك مۇهەببەتكە بېرىلىپ، قىزلارنى خىيالىدىن نېرى قىلمايدىغان بولدى. مۇهەببەتنىڭ شېرىن ۋە

سىرلىق مەزمۇنلىرى دەرستە ئەسلىدىنلا ناچار ئالىمنى مەپتۇن قىلىپ ئوقۇشتىن بەزدۈردى. ئاران ـ ئاران سىنىپ كۆچكەن ئالىم ئۆيىدىكىلەر ھەرقانچە كۈچىسىمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي تەكرار ئوقۇدى. گۈلپەرى ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كۆزىگە روشەن چىلىقتى. بىر كۆرۈش بىلەن گۈلپەرى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئاخىرى ئالىم ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كېلىپ گۈلپەرى بىلەن تونۇشۇشنىڭ ئەپچىل، پايدىلىق پۇرسىتىنى كۈتۈپ ئىزدىدى. ئۇنىڭچە گۈلپەرىدەك ھۆسن ـ جامالدا مۇنچىلىك تولغان قىزچاق مەۋجۇت ئەمەستەك ئىدى. شۇنداق ئويلىغان چاغلىرىدا ئۇ نېمىشقىمۇ گۈلپەرىنى بۇرۇنراق بايقىمىغىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ كېتەتتى. بىرنەچچە قىز بىلەن گۆدەكلەرچە مۇھەببەتلىشىپ، مۇھەببەتنىڭ يولىنى ئانچە ـ مۇنچە بىلىپ، ھېسسىياتقا خېلى بايلىشىپ قالغان ئالىم ئۆزى تۇيمايلا گۈلپەرىگە ئاشىق بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران. ئۇ بۇرۇن ھېچبىر قىزغا مۇنداق خۇدىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ باقمىغانىدى. شۇندىلا ئۆزى ئىلگىرى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتىپ مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىغاندا قىزلارنىڭ زار ـ زار قاقشاپ قالغان كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇلارمۇ ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالغان ـ دە!!

— ھوششەرە، پەرھات!

— خېلى ئۆگىنىپتۇ جۇمۇ بۇ.

— قىسقا بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟

— ئەمىسە سەن دېگىن.
— مەن ئۈنچىلىك دېيەلىسەم...
— شۇنداق بولغاندىكىن غىت قىسىپ تاماكاڭنى چەك.
— داۋامى بار، — دېدى پەرھات، — ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە، گۈلپەرى بۇ ئاتامانىمىزنى ياخشى كۆردىمۇ، يوق؟ يەنە كېلىپ گۈلپەرى «ھە» دېگەن تەقدىردىمۇ ئاتامانىمىز ئۇنى ئاخىرغىچە ئىلكىدە تۇتالامدۇ؟ يا باشقا قىزلارغا قىلغانغا ئوخشاش غۇنچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ پوق قوڭغا تېپەمدۇ؟ شۇڭا ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئىنساب تىلەيلى.
ھە دەپ كۈلۈۋاتقان باللار تەڭلا ۋارقىراشتى:
— ئىنساب!!
ئالىم كۈلۈپ كەتتى. گەرچە پەرھاتنىڭ بەزى گەپلىرى ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىم ئۇنىڭ ئۆزىنى «ئاتامان» دەپ ئاتىغىنىدىن خۇش بولۇپ قالدى.
پەرھات قولىدىكى رومكىدىن بىرنى ئالىمغا سۇندى:
— ئاداش، بىز ھەممىمىز سېنى چوڭ بىلىمىز، ساڭا بولغان ھۆرمىتىمىنى بىلدۈرۈۋالاي.
— رەھمەت، پەرھات، جايىغا كەلتۈردۈڭ، — دېدى ئالىم قىزغىنلىق بىلەن رومكىنى ئېلىپ، — لېكىن ئۇ ئىشلىرىمنى ھېكايە قىلىپ يېزىپ قويما جۇمۇ.
بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرغانلار «ئالىم قورقتى» دەپ ۋارقىراشتى.
— قورقتۇم، لېكىن خۇش بولدۇم، — دېدى ئالىم،

ئاندىن بېشى چۆشۈپ كەتكەن سىلىمغا دېدى،— مۇشۇ خۇشلۇقىمىزنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، سىلىم، كۆتكۆچىگە ئېيت، ھەربىر ئاغىنىگە قىممەت پۇللۇق تاماكىدىن بىر قاپتىن كەلتۈرسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باشقا باللار خۇش بولۇپ كەتكەن بىلەن سىلىمنىڭ كۆزى چەكچەيدى. ئۇ كېكەچلەپ ئورنىدىن تۇردى:

— تاماكا... چىقىم كۆپ بولۇپ كەتتى. مەن ئەمدى...

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم سىلىمغا چەكچىيىپ قارىدى، ئاندىن ۋارقىرىدى:

— كۆتكۆچى!

سىلىم «ھەي» دەپ بېشىنى چايقىدى. كۆتكۆچى كىردى.

— نەچچە پۇل بوپتۇ؟— سورىدى ئالىم.

— 154 كوي بوپتۇ. 150 كوي بېرىڭلار،— دېدى كۆتكۆچى.

سىلىم ئېرىنچەكلىك بىلەن يانچۇق كولىغۇىدى، ئالىم «شارت»لا قىلىپ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، قالغانلار: «ھوي، بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟» دېگۈچە 150 يۈەننى كۆتكۆچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن جايىدا تۇرۇپلا قالغان سىلىمغا قارىدى:

— سىلىم، ھالىڭ شۇنچىلىكمىدى؟ ئەمدى ئۆزۈڭنى ئوڭشىۋال!

ئالىم شۇنداق دەپ ھېچكىم كۈتمىگەن بىر ئىشنى

قىلدى: ئۇ قولىدىكى هاراقنى سىلىمىنىڭ يۈزىگە چېچىۋەتتى. ئاندىن:
— يۈرۈڭلار، ئاغىنىلەر، — دەپ سىرتقا ماڭدى. قالغانلار نېرى ـ بېرى دېيىشمەي ئالىمنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.
ماشىنىسىدا پەرهاتنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىلى كېتىۋاتقان ئالىم يېرىم يولغا كەلگەندە:
— ئاداش، ئىش سەل ئەپلەشمەي تۇرىدۇ، شۇڭا ساڭا دېگىنىم بويىچە بىر سالام خەت يېزىپ بەر، — دېدى.
— قاچانغىچە؟
— ئەتە چۈشكىچە.
— چاتاق يوق، ئاداش.

※ ※ ※

ئەتىسى گۈلپەرى سەل خامۇشراق ئورنىدىن تۇرۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ناچار ئەھۋالىدىن ئەنسىرىگەن گۈلپەرى سىرتنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى. ئاخشامقى ئىشلارنى ئۇنىڭ پەقەت ئويلىغۇسى كەلمىدى. نېمىشقا؟ ئۇ ئۆزىدىكى ئەركىن ھۇزۇرنىڭ بۇگۈن سەھەردە سۇسلاپ قالغانلىقىنى، ئىچكى بىر تۇيغۇسىدا ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئالىم ھەققىدە خىيال قىلماسلىق ئۈچۈن كارىزنىڭ سەھەردىكى مۇزدەك سۈيىگە قولىنى تىقىپ ئۆزىنى سەگىتىشكە تىرىشتى.

ئەسىرلەردىن بۇيان زېمىنغا ھاياتلىق بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان كارىز ئۆزىنىڭ پاكىز، ساپ سۇيى بىلەن گۇلپەرىنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلاپ، سېزىملىرىنى ئويغىتىشقا باشلىدى. گۇلپەرى يۈزىنى قايتا ـ قايتا يۇيۇپ ئۆزىدىكى چارچاش ھېسسىياتىنى پەسەيتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يېشىللىققا پۈركەنگەن كارىزنى بويلاپ ئۆيىگە قايتتى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئانىسى ئەتىگەنلىك چاينى تەييارلاپ بولۇپ، گۇلپەرىنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئانا قىزىنىڭ چىرايىدىكى ھارغىنلىقنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى:

ــ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ناخشا مەشىق قىلىمەن، دەپ بەك چارچىغان ئوخشايسىز؟

ــ ياق، ئاپا، بەك قاتتىق ئۇخلاپتىمەن.

ئانا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى. قىزىنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىدىن ياخشى بىر ئىستىقبالنى بايقىغاندەك بولغان ئانىنىڭ قىلمىغان تاتلىق خىيالى قالمىغانىدى. شۇ ۋاقىتتا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ چىققان گۇلنۇر ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ دەم ئېلىش بولغاندىكىن، يەنە بىر ئاز ئۇخلىۋېلىڭ، قىزىم،ــ دېدى خەلچەم گۇلنۇرغا.

ــ ئاخشام بالدۇرلا يېتىۋالغان بولغاچقا ئۇيقۇم قېنىپتۇ،ــ دېدى گۇلنۇر، ئاندىن ئاچىسىدىن سورىدى،ــ ئاخشام قاچان كەلدىڭىز؟

ــ كەلسەم ئۇخلاپ كېتىپسىز.

ئۇيقۇسى خېلى ئېچىلغان گۈلنۇر ئاپىسىنىڭ قولىدىكى شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى كۆردى.

— كىمنىڭ ئۇ؟ ئەكېلىڭە، ئاپا، كۆرۈپ باقاي.

خەلچەم كۈلۈپ گۇۋاھنامىنى سۇندى. گۈلنۇر گۇۋاھنامىنى قولىغا ئېلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاچا، بۇ راستلا سىزنىڭمۇ؟! ئاپا، بۇ راستمۇ؟

خەلچەم بېشىنى لىڭشىتتى. خۇشاللىقتىن گۈلنۇرنىڭ ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى:

— قاچان بولغان مۇسابىقە بۇ؟

— تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن.

شۇ ھامان گۈلنۇرنىڭ چىرايى تۈرۈلدى:

— ماڭا نېمىشقا دېمەيسىلەر؟

خەلچەم بىلەن گۈلپەرى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

— مەن ئاچامنىڭ سەھنىدە ناخشا ئېيتقىنىنى كۆرسەم بولاتتى، مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى ماڭا دېمەپسىلەر...

— قىزىم، ئۇنداق ئويلىسىڭىز بولمايدۇ،— دېدى خەلچەم گۈلنۇرنىڭ ئاچىسىغا كۆيۈنۈپ دەۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ،— بىز بۇ ئىشنى سىزگە ئاچىڭىز تەييارلىق قىلىۋاتقاندىلا دېمەكچى بولغانىدۇق، لېكىن سىزنىڭ دىققىتىڭىزنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدۇق. تۈنۈگۈن سىزگە مۇسابىقە ئىشىنى دېگەن بولساق، دەرسىڭىزنى تاشلاپ كېلىشتىن يانمايتتىڭىز، كەچلىك ئۆگىنىشىڭىزگىمۇ تەسىر يېتەتتى. قىزىم گۈلنۇر،

سىز تىرىشىپ ئۆگەنمىسىڭىز بولمايدۇ. ۋاقتىڭىز ئاز قالدى. ئازراق ۋاقىتنى بولسىمۇ چىڭ تۇتمىسىڭىز بولمايدۇ. ئاڭلاۋاتىمىز، يېڭى قۇرۇلغان تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە نومۇرى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىكەن. سىز ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسىڭىز ئۇ مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيىڭىز قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟

تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندا كىشىلەرگە بۇ مەكتەپ بەكمۇ يېڭى تۇيۇلغان، شۇنداقلا كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق مەكتەپلىكىنىمۇ تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدى. سەرخىل ئوقۇتقۇچىلارنى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن بۇ مەكتەپ قوبۇل قىلغان تۇنجى قارارلىق تولۇق 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنىش نىسبىتىنىڭ يۈز پىرسەنت بولۇشى بۇ مەكتەپنىڭ داڭقىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ھازىر نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارغا نىسبەتەن پەرزەنتلىرىنى بۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش چوڭ ئارمان بولسا، «ھەي، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتەلىگەن بولسام» دەپ پاراڭ قىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆھبەت تېمىسىغا ئايلانغانىدى. گۈلنۇرمۇ كېچە - كۈندۈز تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئولتۇرسا - قوپسا شۇ مەكتەپنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شۇڭا، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گېپى چىقىۋىدى، گۈلنۇرنىڭ خاپىلىقى ئاستا - ئاستا تارىدى.

سىڭلىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن كۆڭلى جايىغا چۈشكەن گۈلپەرى سائەتكە قاراپ قويۇپ سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

— بىز تەكرار سىنىپتىكىلەر بۈگۈنمۇ بىر كۈن ئوقۇپ ئاندىن دەم ئالىدىكەنمىز، — شۇنداق دەپ مەكتەپكە ماڭغان گۈلپەرى بىرنەرسىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ توختىدى ۋە يانچۇقىدىن لېنتىنى ئالدى، — تىڭشاپ بېقىڭلار، مەن ئېيتقان ناخشا. خوش...

— ۋاھ، بەك ياخشى بولدى. ئەكېلە، ئاچا، ئۆگىنىش قىلىپ چارچىسام تازا ئاڭلايمەن. كېلىڭە، ئاپا، ھازىر بىر ئاڭلاپ باقايلى.

گۈلپەرى لېنتىنى سىڭلىسىغا تۇتقۇزۇپ خوشلاشتى.

※ ※ ※

بۈگۈن گۈلپەرىنىڭ قەدەملىرى ئاستا ئىدى. شەھەرنىڭ ئەتىگەنلىك قايناقلىقى ئۇنىڭغا دىققىتىنى يىغىش ئىمكانىيىتىنى بەرمىدى. ئۇ كىشىلەر قايىنىمىدىن چىقىپ باراڭلىق كوچىغا كىرگەندىن كېيىنلا ئالىم ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئاخشاممۇ بۇ ھەقتە خېلى ئويلىغان، ھەيرانمۇ بولغان. ئىلگىرى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز دوستلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەرەڭ - سەرەڭ چالۋاقاشلىرىنى ئاڭلاپ، مۇھەببەتنى يۈكسەك تۇيغۇدا تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. ئەمدى

گۈلپەرى ئالىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دوستلىرىنىڭ مۇھەببەت ھەقىقىدىكى كاتتا گەپلىرىدە بىر خاتالىق يوشۇرۇنغاندەك غەلىتە تۇيغۇ ئىچىدە قالدى. «شۇنچىلىكلا ئىشىمدى؟ ھېچكىمدە، ھېچنېمىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوققۇ... يا مەن ھېچ نەرسىنى تۇيالماي قالدىمىمۇ؟...» گۈلپەرى ئاخشام شۇ خىياللار ئىلكىدە ئۇخلاپ قالغانىدى.

ئۇ ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ساماۋى چۈشىمۇ كۆرمىدى. چۈشىدە ئالىم بىلەن گۈلگە پۈركەنگەن باغلاردا قوغلىشىپ ئويناشمىدى، سۈزۈك سۇلۇق كۆل بويىدا سۇ چېچىشىپ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشمىدى. بۇ ئەجەب بىر ئىش ـ ھە؟

يولدا ئەمدى شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈلپەرىنىڭ خىيالىغا تەلتۆكۈس باستۇرۇپ كەلدى. ئەقلىمۇ خېلى جانلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۆيگۈ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ساددا قىزلاردىنمۇ ئەمەس. ھازىرقى قايسىبىر كىنو، كىتابتا بۇ ھەقتىكى ئىشلار يېزىلمايدۇ دەيسىز، شۇڭا گۈلپەرى مەكتەپكە بارغۇچە ياخشى ئويلىنىۋېلىشنى لايىق كۆردى، شۇنداق قىلىشمۇ زۆرۈر. بىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمگە «ياخشى كۆرىمەن» دېيىشى ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭغا جۈرئەت، غەيرەت، ۋاقىت كېرەك. مۇھىمى، جاھاندا بىرىنى ياخشى كۆرمەك ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. ئەگەر ئۇ ساپ ھېسسىياتلا بولىدىغان بولسا، ھېسسىياتى ۋايىغا يېتىپ ئاشكارا

بولغۇچە نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى چېكىدۇ. ھەربىر تۇيغۇ، ھەربىر تىنىق، ھەربىر يۈرەك تىۋىشى ھەركىمنىڭ ئۆزىگىلا ئايان بولغان سىرھەرگە، ئازابقا، شۇنداقلا كىشى رەت قىلمايدىغان زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر بۇ ھېسسىياتنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. قەدىرلەش ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىش ئەمەس. يېسىنىن: «سۆيگۈنى بىلمەيدىغان تەنتەككە پەقەت ئېچىنىش كېرەك» دېگەن. سۆيگۈگە كاچات بىلەن جاۋاب قايتۇرغان قىزچاق ھەقىقىي سۆيۈشكە ئەرزىمەيدۇ.

گۈلپەرىمۇ بۇ تەرەپلەرنى ئويلاشقا ئۈلگۈرگەن. بىراقلا زەربە بېرىپ يامانلاشقاننىڭ نېمە پايدىسى؟ جاھاندا سېنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ لېكىن مۇشۇنداق چاغلاردا سۆيگۈ ئادەمنى تولىمۇ تەڭلىكتە قويىدۇ. گۈلپەرى خېلى ئويلىنىپ ئالىمغا قارىتا ئۆزىدە پەقەت ئىللىق تۇيغۇسىدىن، دوستلۇق مىننەتدارلىقىدىن باشقا ھېسسىياتنىڭ يوقلۇقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداقلا تۇرۇۋېرىشكە بىرنەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىغا ئىقرارمۇ بولدى. شۇنداق ئىكەن، بۇگۈن ئالىم بىلەن كۆرۈشكەندە نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدىغان جاۋابنى قانداق تېپىش كېرەك؟ قانداق چۈشەندۈرۈپ كېتەلىشى مۇمكىن؟ لېكىن ئوغۇللار مۇھەببەت ئىشىدا... ئوغۇللار خۇددى تاجاۋۇزچى قوشۇندەك ھېچنېمە بىلەن ھېسابلاشماي قارشى تەرەپكە

ھۇجۇم قىلىدۇ، ئالىممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

گۈلپەرى باشتا ئېھتىيات قىلىشنى ئويلىدى. ئارقىدىنلا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى ئەۋزەل كۆردى. بۇنىڭدا ئۇ نېمىنى كۆزلىگەنلىكىنى بىلەلمىدى.

ئۇ مەكتەپكە يېقىنلىغاندا ئالىمنى ساقلاپ تۇرغان بولمىسۇن، دېگەن ئوي بىلەن دەرۋازا ئەتراپىغا ئوغرىلىقچە قارىدى، لېكىن ئالىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بۇنىڭدىن خۇش بولدى، ئارقىدىنلا ئالىمنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغاندەك، شۇ سەۋەبتىن ئالىمنى ساقلىغۇسى كەلگەندەك بىر خىل تۇيغۇدا دەرۋازا ئالدىدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن سىنىپقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىدە بۇنداق تۇيغۇنىڭ بولغىنىدىن ھەيران قالدى.

ئۇنى سىنىپتا، كارىدوردا نۇرغۇن ئالقىش كۈتۈۋالدى. دەرسكە كىرگەن ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن گۈلپەرىنى ماختاپ، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن دەرس باشلىدى. ھەتتا تۆت ـ بەش ئايدىن بۇيان گۈلپەرىگە قاپاق ئاچمىغان ماتېماتىكا مۇئەللىممۇ:

ــ ياخشى قىلدىڭىز، ئۇكام، سىزنى تەبرىكلەيمەن، ــ دېدى. گۈلپەرى بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن ھەيران قالدى. بۇنىڭغا سەۋەب بولغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى گۈلپەرىنىڭ بىر كېچىدىلا شان ـ شەرەپنى قولغا كەلتۈرگەن «ناخشا چولپىنى» غا ئايلانغانلىقى.

دەرستىن چۈشكىچىمۇ ئالىمنىڭ ئۇنى ئىزدەپ

كەلمىگەنلىكى ئۇنى بىر ئاز ئەنسىرىتىپ قويدى. «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ يا تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى؟ ئەمدى يۈزىگە قانداق قارايمەن، دەپ خىجىل بولۇپ يۈرەمدىغاندۇ؟» دېگەن سوئال گۈلپەرىنى بىئارام قىلدى. شۇڭا ئۇ غەشلىكتىن خالىي بولالمىدى.

بىرەيلەن دەرستىن چۈشكەندىلا سىرلىق كۈلگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزدى. بۇ ئالىمنىڭ خېتى ئىدى.

«گۈلپەرى:

سىزنىڭ تەڭداشسىز جامالىڭىز ئالدىدا خىجىل ھەم ئامالسىز ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. لېكىن، يۈرىكىم بۇنى ئۇقمايدىكەن، ماڭا بويسۇنمايدىكەن. ئەگەر ئادەمدىكى ھېس - تۇيغۇ شۇ كىشىنىڭ ئىلكىدە بولسا ياكى ماڭىلا نىسبەتەن شۇنداق ئىمكانىيەت بولغان بولسىدى، مەن ئاخشام دېگەندەك ئۆزۈمنى مۇنچە قىينىمىغان، سىزنى ئورۇنسىز بىئارام قىلمىغان بولاتتىم. ئەپسۇس، ئاللا بۇ قۇدرەتنى بەندىلىرىگە بەرمىگەنىكەن. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ، شۇنداقلا ھېچكىم باشقىلارنىڭ ئوي - خىيالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، مەنمۇ شۇنداق. مەن ھەرقانچە تىرىشىپمۇ سىزدىن چەتنەپ كېتەلمەيدىغان خىياللىرىمنى باشقا ياققا بۇرىيالمىدىم. كىتابتىمۇ سىز، كوچىدىمۇ سىز، تېلېۋىزوردىمۇ سىز، يولدىمۇ سىز، رولدىمۇ سىز... كۆزۈمنى يۇمسامىمۇ ئىللىق جىلمىيىپ تۇرىسىز. لېكىن، مەن سىزنى ئۇنتۇشقا، نەزىرىمدىن نېرى قىلىشقا ئۇرۇنمىدىم. ئۆزۈمنى، ھېسسىياتىمنى ئالداپ نېمە

قىلاي. چۈنكى، ئادەم مەڭگۈ ئۆزىنى ئالدىيالمايدىغۇ؟ شۇڭا مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق نېمىلا بولسا، ھەتتا سىزنىڭ مەسخىرىڭىزگە، نەپرىتىڭىزگە قالسامۇ ئېچىمدىكىنى دەۋېلىشنى لايىق كۆرۈپ سىزنىڭ ئەڭ خۇشال پەيتىڭىزنى تاللىدىم (خاپا بولسىڭىزمۇ ئادەتتىكىگە قارىغاندا ھەرھالدا يېنىك بولىدۇ). بەلكى سىزگە ئالدىراپ ئېغىز ئاچقاندىمەن ياكى مەڭگۈ سىزگە نىسبەتەن بالدۇرلۇق قىلىدىغان ئادەمدۇرمەن؟

ھەي... ياخشى كۆرۈپ قېلىشنىڭ قانداقلىقىنى سىزمۇ بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. شۇنداقلا ئەڭ يۇقىرى پەللىدىكى ياخشى كۆرۈشنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. مەن سىزنى شۇ دەرىجىدە، شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن سىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر، يەنىمۇ كۆپ ئويلىنىپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

گۈلپەرى، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم گۇناھ ئەمەستۇ؟

سىزنى يەنە سېغىنىپ: ئالىم

2000 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.»

خەت ھەقىقەتەن تەسىرلىك يېزىلغانىدى. گۈلپەرى خېلىغىچە ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمۈلدى ھەم خەتنى ئالىمنىڭ ئۆزى يازغانلىقىدىن گۇمانلىنىپمۇ قالدى. ئۇنىڭچە مۇنداق گەپلەر پەقەت كىتابلاردىلا بار ئىدى، لېكىن قولىدىكىسى ئالىمنىڭ يۈرەك ئىزھارى. ئۇنى يەنە جاۋابسىز قالدۇرۇشقا، «ئويلىنىپ باقاي» دەپ

تومتاقلا بىرنەرسە دېيىشكە ياكى ئەتىگەنكى ئويى بويىچە ئۆندىمەي تۇرۇۋېلىشقا بولمايتتى. ھەي، ھەرنېمە بولسا ئالىم ئۆنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشكەن بولسىچۇ؟ گۆلپەرى قانداق ھېسسىياتلاردا بولاتتىدىكىن؟ «ئالىم نېمىشقا كۆرۈنمەيدىغاندۇ؟ مەكتەپكە مېنى ئىزدەپ كەلمىگەندىمۇ؟ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ماڭا قېيىداپمۇ؟ خېتىمدىن قارىغاندا ئۆنداق ئەمەستەك قىلىدۇ؟ ئۆنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟» گۆلپەرى ئۆيگە بارغاندىمۇ ئۆزى سەزمەي ئالىمدىن ئەنسىرەپلا يۈردى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنمۇ گۆلپەرى مۆرەككەپ خىيالدىن ئۆزىنى نېرى قىلالمىدى. «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» بىلەن «ئادەتتىكى شوپۇر»؛ «مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلى» بىلەن «ئادەتتىكى پۇقرانىڭ يېتىم قىزى»؛ «مۇھەببەت» بىلەن «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» دېگەن ئاتالغۇلار دەممۇدەم ئالىمىشىپ ئۆنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتتى.

گۆلپەرى خىيالغا پاتتى: «بۇ ھەقتە نېمانچە جىق خىيال قىلىدىغاندىمەن؟ نېمىشقا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش خىيالىمغا ئالىمنىڭ سۆزلىرى ئارىلىشىۋالىدۇ؟ يا مەنمۇ ئالىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ ياق، ياق. ئىمتىھان يېقىنلاپ كېلىۋاتسا، بۇ خىياللارغا چىرمىلىپ يۈرگىنىم نېمىسى. ئالىمغۇ ئەمدى ئىمتىھان بەرمەيدۇ، لېكىن ئۆلارنىڭ ھەممە ئىشى تەييار. مەنچۇ؟ ئەگەر مەن

ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمىسام نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئائىلىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچى بار؟ شۇڭا مەن ئۇنداق خىياللارنى قىلماي، دىققىتىمنى ئۆگىنىشكە قارىتاي. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش قىلاي...»

گۈلپەرى چۈشتىن كېيىن ئالىمغا جاۋاب خەت يازدى:

«ئالىم:

ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن. مېنىڭچە، سىزنىڭ ئۇ تەلىپىنى قويۇشىڭىز ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئىشى ماڭا نىسبەتەن سەل بالدۇرلۇق قىلار، دەپ ئويلايمەن.

ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ھازىر كۆپىنچە مۇشۇ ئىشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ، ئوڭ قانتىدىن ئايرىلغان مەن بۇ جەھەتتىن كۆپ ئويلاشمىسام، ئۆز ئىستىقبالىم ئۈچۈن باش قاتۇرمىسام بولمايدۇ. شۇڭا ھازىرچە ئوقۇشتىن باشقا ئىشلارنى ئويلاشقۇم يوق. سىزنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنگەنلىكىڭىزنى ھازىرمۇ ياخشى بوپتۇ، دېيەلمەيمەن، (بۇنداق دېگەنلىكىمنى كەچۈرۈڭ). مېنىڭچە سىز ئالدى بىلەن ئوقۇشىڭىز كېرەك ئىدى. تەقدىرىڭىزنى ئاسانلا ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان بىر خىزمەتكە باغلاپ قويغانلىقىڭىز ياخشى بولمىغىنى. ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكۈلۈك، ئاندىن باشقا ئىشلارنى ئويلاشساقمۇ كېچىكمەيمىز.

مەن سىزدىن كۆپ مىننەتدار، ئالىم. سىز ماڭا روھىي جەھەتتىن نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلدىڭىز. ماڭا مەدەتكار

بولىدىكەنسىز، ئىشىنىچ بېغىشلىيدىكەنسىز. غەمكىن كۆڭلۈمگە مۇڭداش بولىدىكەنسىز...

مەن تۇساتتىنلا سىزدەك بىر دوستنى تېپىۋالغىنىمغا ھەقىقەتەن سۆيۈندۈم، سىزنى ئەڭ يېقىن سىرداش دوستۇم دەپ بىلىمەن.

گۈلبەرى.

2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.»

# ئالتىنچى باب

## ئىمتىھان ۋە سۆيگۈ

5 ـ ئايدىكى دەم ئېلىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى. مەكتەپنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا قىسقا دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ، ئوقۇشنى باشلىغانىدى. چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتقان گۈلپەرى ياشلار يولىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئالىمنى كۆردى. ئالىم بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيگەن بولۇپ، كىيىملىرى ئۇنىڭغا بەك يارىشىپ كەتكەنىدى. گۈلپەرى سالاپەت ۋە قامەت «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇرغان ئالىمدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

ئالىم مۇھەببەت بىلەن، گۈلپەرى ھەۋەس بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بىرپەس تۇرۇپ قېلىشقاندىن كېيىن ئالىم:

— گۈلپەرى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى.

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ — دەپ گۈلپەرىمۇ قىزغىن

ئەھۋال سورىدى ۋە تاتلىق كۈلگىنىچە ئالىمنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— مەنمۇ ئوبدان تۇردۇم، لېكىن بۇ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزمەك بەك تەسكە توختىدى. بەلكىم سىز «ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ مۆكۈۋالدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىغانسىز. مەن 2 ـ چېسلا باشلىقنى قومۇلدىكى بىر يىغىنغا ئاپىرىپ كەلگىلى مانا يېرىم سائەتتەك بولدى.

دېمىسىمۇ، گۈلپەرى بۇ ئىككى كۈندە ئالىم توغرۇلۇق جىق خىياللارنى قىلدى. گۈلپەرى جاۋاب خەت يېزىپ: ئەتىسى ئالىمنى «چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ» ياكى «جاۋاب خېتى يازىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئالىمنىڭ ئۆزى تۇرماق خېتىمۇ يوق. شۇڭا گۈلپەرى: «مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا مەن خەتتە قاتتىق گەپلەرنىمۇ قىلمىغان. يا ماڭا ئانچە بىلىنمىگەن گەپلەر ئالىمغا قاتتىق كەتكەندىمۇ؟ شۇنىڭغا رەنجىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قوياي. ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشكە مېنىڭ نېمە ھەددىم؟» دەپ ئويلاپ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالىمغا چاقىرغۇ قىلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ چاقىرغۇسى ئۇلانمىدى.

— قارىسام جىمىپ كەتتىڭىز، شۇڭا چاقىرغۇ قىلدىم، لېكىن چاقىرغۇڭىز ئۇلانمىدى.

گۈلپەرىنىڭ «چاقىرغۇڭىز ئۇلانمىدى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئالىم خۇش بولۇپ كەتتى. «ئۇ ماڭا

تېلېفون قىپتۇ، مېنى ئىزدەپتۇ! ئەستا، گۇلپەرى تۇنجى قېتىم چاقىرغۇ قىلغاندا ئېلىنمىغىنىنى...»

— دۆتلۇكىمنى دېمەمسىز،— دېدى ئالىم خىجىللىقىنى ئىپادىلەپ،— قومۇلغا بېرىشتىن بۇرۇن چاقىرغۇمنىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئىشلەتمەيلا قومۇلدا يۈرۈۋېرىپتىمەن. جىق ئادەملەر ئىزدەپ تاپالماپتۇ. شۇڭا سىزمۇ... لېكىن، مېنى بىر دېمەڭ، سىزنى كۆرگۈم كېلىپ، سىز بىلەن سۆزلەشكۈم كېلىپ... ئۆيىڭىزگە تېلېفون قىلاي دېگەنىدىم. سىزنى رەنجىپ قالمىسۇن دەپ... نەچچە قېتىم تەمشەلدىم بولمىسا...

— رەھمەت،— دېدى گۇلپەرى،— مانا بۈگۈن ئوبدان دىدارلىشىۋالدۇق. سىزمۇ سەپەردىن ئەمدىلا كېلىپسىز. بېرىپ ئارام ئېلىڭ. ئەتە - ئۆگۈن ئوبدان پاراڭلىشارمىز.

— يۈرۈڭ، بىللە تاماق يەيمىز ئاران كۆرۈشكەندە... سىز بىلەن پاراڭلىشىپ تاماق يېسەم ئاندىن هاردۇقۇم چىقىدۇ مېنىڭ،— ئالىم گۇلپەرىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى يولنىڭ خىلۇەترەك يېرىدىكى بىر ئاشخانىغا باشلاپ ماڭدى.

— بولدى، قورسىقىم ئاچمىدى. ئەتىگەن تۇرسا...

— بولدى، چوڭ كوچىدا تارتىشماڭ، ئۇ ئاشخانىنىڭ كاۋېپى بىلەن سېرىقئېشى ئوخشايدۇ.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

— سىزگە بۇرۇنلا چۈشەندۈرمەكچى ئىدىم، — دېدى ئالىم تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، — نېمىشقىدۇر سىزگە يالغان ئېيتالمايمەن، سىزگە بۇنى بۇرۇنمۇ دېگەن.

گۈلپەرى لېۋىنى چىشلەپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئالىم بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

— ئۇنىڭدىن باشقا، — دېدى ئالىم تاماكىسىنىڭ ئىسىنى بىر چەتكە پۈۋلىگەندىن كېيىن گۈلپەرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، — بۇ ئىشقا سىزمۇ سەۋەب بولۇپ قالدىڭىز، راستىنى ئېيتسام، سىز رەت قىلىۋەتسىڭىز، كۈندىلا كۆرۈپ تۇرۇپ تېخىمۇ ئازابلىنىپ كەتمەي، دەپمۇ ئويلىدىم. شۇڭا بۇ ئىشنى تېزلەتتىم، ئەمدى بىلگەنسىز، ئوقۇشتىن چېكىنىشىم شۇ ئىككى ئىش سەۋەبى بىلەن بولغان...

گۈلپەرى خىيالغا پېتىپ كەتتى: «ئالىم يەنە نېمە دەپ چۈشەندۈرسۇن، قىلغىنى ھەقلىق. لېكىن مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشىگە راستىنلا ئەرزىمدىم؟ يا ئۇمۇ چىرايىمنى دەپلا شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ شۇنداقمىكىن دېسەم، ئۇ شۇنداق سەمىمىي، شۇنداق ئاق كۆڭۈل تۇرسا...»

— گۈلپەرى، ماڭا ئوچۇق جاۋاب بېرەلمىگۈدەكسىزمۇ؟

— ئالىم، ئەڭ ياخشىسى مېنى بۇنىڭغا مەجبۇرلىماڭ.

— سىزنى مەجبۇرلىمىدىم. پەقەت ئۆز كۆڭلۈمنى سىزگە چۈشەندۈرۈۋاتىمەن، ھېچبولمىغاندا سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ قالسىڭىزمۇ بولدى.

— مەن... مەن چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى گۈلپەرى

ئەتراپتا تاماق يەۋاتقانلاردىن خىجىل بولۇپ،ــ لېكىن، مېنىڭچە ھازىر مۇشۇنچىلىك ئارىلىشىپ تۇرايلى.
ــ قاچانغىچە؟
ــ ئالىم، بۈگۈن سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بەك خۇش بولدۇم، سىز بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرۇشنى خالايمەن، لېكىن ھازىرچە بىز دوست بولۇپلا ئۆتۈپ تۇرايلى. مەن... خاتىرجەم ئىمتىھان بېرىۋالاي.
ــ ئىمتىھان بېرىپ بولغاندىن كېيىنچۇ؟
ــ ئىمتىھاندىن بۇرۇن ھەرقانداق نەرسىنى ئويلىغۇم يوق، ئالىم، بۈگۈن مۇشۇنچە پاراڭلاشساق. مەن ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش قىلىۋالسام...
ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈلپەرى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىشىدىن خىجىل بولۇپ قالغانىدى. ئالىمنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇ كىشىلەرگە «نېمىگە قارىشىسەن!» دەپ ھۆركىرىمەكچى بولدى ـ يۇ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. «تاس قالدىم گۈلپەرىنىڭ ئالدىدا چاندۇرغىلى!» ئالىم بۇ ھەرىكىتىدىن ھودۇقۇپ كەتتى.
ــ نېمە بولدى، ئالىم؟
ــ ھېچنېمە،ــ دېدى ئالىم بېشىنى ئېگىپ تۆۋەن ئاۋازدا،ــ ئاۋۇ كىشىلەر ھە دېسە بىزگە قاراپ خىجىل قىلىۋاتىدۇ، چىقىپ كېتەيلى، بولامدۇ...
ــ رەھمەت، ئالىم،ــ دېدى گۈلپەرى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ. ھەتتا گۈلپەرىنىڭ لېۋى ئالىمنىڭ قۇلىقىغا تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى،ــ كۆڭلۈمنى نېمانچە چۈشىنىدىغانسىز...

ئالىم شېرىن سۆز، شېرىن نەپەستىن، گۈلپەرىدىن تارىغان قىزلارغا خاس خۇش ھىدتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى. ئالىم دەممۇدەم ئۇمىد ۋە تەشنالىق بىلەن گۈلپەرىگە تىكىلەتتى. گۈلپەرى بۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ، ئىچى سىيرىلىپلا كەتتى.

ئۇلار خوشلاشتى. ئالىم بۇنداق تېز خوشلىشىشتىن قىيالمىدى. نېمىشقىدۇر گۈلپەرى تېخىمۇ قىيالمىدى. گۈلپەرى ئېغىر تىنىپ قويۇپ يولىغا ماڭدى.

— گۈلپەرى، سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ، سىزنى ئاخىرغىچە كۈتىمەن...

گۈلپەرى كەينىگە بۇرۇلۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئالىمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى.

گۈلپەرى ئۆزى دېگەندەك ئاخىرغىچە تىرىشىپ باقمىسا بولمايتتى، چۈنكى ئۇ تېخىچىلا ئۆزىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. بۇ يىلغۇ ئۇ خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭدا ئۈمىدسىزلىك بار. ئەگەر ئۇ يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە قانداق قىلىدۇ؟ بەزى چاغلاردا ئۇ بۇ ھەقتە داۋاملىق ئويلاشتىن قورقاتتى.

※ ※ ※

چاقىرغۇسى سايرىۋىدى، ئۆمەر چاقىرغۇسىدىكى ئىسىمغا قاراپ دەرھال ئىشخانىسىغا كىرىپ تېلېفون قايتۇردى:

— ۋەي، باتۇرمۇ سەن؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟
— بىزغۇ دائىملا ياخشى. ئۆزۈڭچۇ؟ يەنە ئالدىراشمۇ؟
— ئالدىراشچىلىقلارمۇ تۈگەپ قالدى.
— سېنى بىز بىلەن بىللە بىر دەم - يېرىم دەم ئولتۇرۇشقا ۋاقتى بارمىكىن، دەپ تېلېفون قىلغان.
— چاتاق يوق. سىلەر نەدە؟
— «قەدىناسلار تېز تاماقخانىسى»دا. سېنى ساقلايمىز.
— بولىدۇ، ھازىرلا باراي.
ئۆمەرنى دوستلىرى چاقىرىۋاتاتتى. ئالدىنقى ھەپتە ئۇلار يىغىلىپ ئۆمەرنى چاقىرغاندا ئۆمەر رېستورانىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشچىلىقى سەۋەبىدىن بارالمىغانىدى. مانا ئەمدى ئىشلىرىمۇ ئىزىغا چۈشۈپ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇنى - بۇنى دەپ ئاغىنىلىرىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى ئۆمەر بىئەپ ھېس قىلدى. نېمىلا بولسا دوستلاردىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ - دە. شۇڭا بۈگۈن ئۆمەر دوستلىرىنىڭ يېنىغا بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى.
ئۆمەر ئىشخانىسىدىن چىقىپ ئەمدىلا سەھنىدىن چۈشكەن رابىيە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.
— ئۆمەرجان، بىزدىن قېچىپ نەگە؟ — سورىدى رابىيە ئەركىلەش تەلەپپۇزى بىلەن.
— سىزدىن قېچىپ نەگىمۇ بارارمەن؟ سىزنى ئاران تاپقان جۇمۇڭ مەن.
بۇ گەپتىن رابىيەنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.
— ئەمىسە بۇنچە ئالدىراپ نەگە؟

— دوستلىرىم ئۇلتۇرۇشقا چاقىرىۋاتىدۇ. بېرىپ - كېلەي دېگەن.

— ئەمىسە خوش. بىز بىلەن ئۇلتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ.

— سىز بىلەنلا ئۇلتۇرىدىغان ئىش بولسا مەن تەييار. ئۇنداقتا ئەتە كەچتە ئىككىمىز بىللە تاماق يەيلى.

— سىز بىلەن تاماق يەيدىغان ئىش بولسا مەنمۇ تەييار.

ھەر ئىككىلىسى كۆڭۈللىرى خۇش بولغان ھالدا خوشلاشتى.

ئۆمەر تېز تاماقخانىغا بارغاندا دوستلىرى ئاساسەن يىغىلىپ، ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى.

— يائاللا، ئۆمەر، بىز بىلەنمۇ بىللە ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىڭ چىقىدىكەن - ھە؟ — دېدى بارات ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ.

— قېنى، ئورنۇڭ ئاۋۇ شۇ! — دېدى باتۇر بىر قولى بىلەن ئۆمەر بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۆمەرنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ. ئۇ ئۆمەرگە بولغان يېقىنلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ياكى باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۆمەر بىلەن كۆرۈشكەندە ئاشۇنداق قىلاتتى.

ئۇ دوستلىرى بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن باتۇر كۆرسەتكەن تۆر تەرەپتىكى بوش ئورۇننى كۆردى، ئەمما بىرقانچە دوستىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشنى خالىمىدى:

— بولدى، ئۇ ئورۇندۇقتا سىلەر ئولتۇرۇڭلار، مەن مۇنۇ ئورۇندىلا ئولتۇراي.

— ياق، بولمايدۇ،— دېدى باتۇر،— سەن چەتتە ئولتۇرۇپ قالساڭ يۈزىمىزگە سەت ئەمەسمۇ؟ ھوي، مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرماي، قوپۇپ ئۆمەرگە يول بېرىڭلار، ئاغىنىلەر.

باشقىلار بىر - بىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قوپۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە تەڭقىسلىقتا قالغان ئۆمەرگە:

— كېرەك يوق، ئاداش. قېنى تۆرگە ئۆتۈۋەر،— دېيىشتى. ئۇنىڭغا باتۇر ئۇنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك شۇ ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— كەچۈرۈڭلەر، ئاغىنىلەر، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ قېلىپ سىلەر چاقىرغان يەرگە بارالماي سەت ئىش قىلدىم.

— ئىشمۇ مۇھىم.

— توغرا، ئىشنى ۋاقتىدا قىلىۋالغان ياخشى. ئويۇن دېگەن ھەر ۋاقىت بار.

— بىز سېنى چۈشىنىمىز، ئۆمەر،— دېيىشتى دوستلىرى.

— ئۆمەر ئاداش، بىز ھەر ۋاقىت سېنى يېنىمىزدا باردەك ھېس قىلىمىز، سېنىڭدەك چوڭ ئىش تەۋرەتكەن ئادەمنىڭ تېلېفون قايتۇرغىنىڭنىڭ ئۆزىمۇ بىزنى كۆزگە ئىلغىنىڭ.

— ئۇنداق دەپ مېنى خىجىل قىلما، باتۇر.

— باتۇر توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى بارات، — بىز سېنى ھەر ۋاقىت ئايىمىساق، چۈشەنمىسەك بولمايدۇ.

ئۆمەر دوستلىرىدىن بىر قۇر ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن مەركىزىي سودا بازىرىدا ئاشخانا ئاچقان، باشقىلارغا قارىغاندا ئادەتتىكىچە كىيىنگەن، چىرايىدىن مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرغان ئەسەيدۇللادىن سودىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ بازار كۈندۈزى ئېچىلىپ ئاخشىمى تاقىلىدىغان بولغاچقا، ئەسەيدۇللا ئاغىنىلىرى بىلەن ئارامخۇدا ئولتۇرۇۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ سودىسى ئېقىپ كەتتى، تەلىيىگە ئاپىسىمۇ ئاغرىپ قالمىدى، بۇنداق شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋالغىنى بىلەن پۇل دېگەننى سۇدەك تېپىۋاتىدۇ، — دېدى بارات.

— قانداق، ئەسەيدۇللا؟ — دېدى باتۇر دەرھال پاس چىقىرىپ ۋە باشقىلارغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ، — بۇگۈن يانچۇقىڭغا پاتمايۋاتقان تىيىنلىرىڭدىن بىر ئاز خەجلەرسەن؟

— چاتاق يوق، — دېدى ئەسەيدۇللا ئادەتتىكى ئېغىر مىجەزىگە ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن، — بۇگۈن ئاغىنىلەرگە بىر داستىخان سىلىۋالاي.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۆمەر، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىلەر بىلەن كۆپ بىللە بولالمىدىم، شۇڭا داستىخاننى بۈگۈن مەن سالاي.

— ئەسەيدۇللانى ئاياۋاتىسەن - ھە؟ — دېدى باتۇر.

— ماڭىمۇ پۇرسەت بەر، ئاداش، — دېدى ئەسەيدۇللا.

— ئايىغىنىم ئەمەس، — دېدى ئۆمەر، — مەن راستلا

سىلەردىن خىجىل، بۈگۈنكىسى مېنىڭ ئەپۇ سوراش چېيىم بولسۇن. پەيشەنبە كۈنى مەن رەسمىي بىر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلاي. رېستورانىمدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ياخشى قىزلار بار. ئۇلارغىمۇ دەپ قويسام، ئالدىمىزدىكى پەيشەنبە كەچتە بىرەر ئارامگاھتا ئولتۇرۇش قىلايلى.

— چاتاق يوق.

— ياخشى گەپ.

— ئۇنداق ئويۇنغا بىز تەييار.

— لېكىن ئۇلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىسىلەر جۇمۇ.

— سەن تايىنلىق ھېلىقى شەھەر باشلىقىنىڭ قىزىنى بىزدىن قورۇۋاتىسەن، خاتىرجەم بول، — دېدى بىرەيلەن ھەييارلىق بىلەن.

— يوق گەپنى قىلمىغىنە، — دېدى ئۆمەر ئوڭايسىزلىنىپ.

— راست، — دېدى بارات، — سېنى ئۇ قىز بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە بېرىپ يۈرىدۇ دەيدىغۇ.

— «شەھەر باشلىقىنىڭ قىزىنى كەلتۈرۈۋالدىم» دېگىنە، — دېدى باتۇر.

— ياق، ياق. ھازىرچە ئۇنداق ئىش يوق، — دېدى ئۆمەر بىر تەرەپتىن بۇ گەپنىڭ چىققىنىغا خۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تېمىدىن ئۆزىنى ئەپقاچقۇسى كېلىپ، — رابىيە چوڭچىلىقى يوق ئوبدان قىز ئىكەن. ھازىر ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز. كېيىن قانداق بولۇشىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

— بولدى، يوشۇرما، داۋاملىق ھوجۇم قىلىۋەر،— دېدى باتۇر،— ئەمدى ماۋۇ كوركىراۋاتقان قورساقتا تاماق، قىچىشىۋاتقان گالغا ھاراق بېرىپ ئاندىن قالغان گەپنى قىلىشايلى.

— باتۇر، دېسەڭ تۇزۇك دە، سەن بىر ەيلەننى ئۇنتۇپ قالدىڭ...— دەپ بارات باتۇرنىڭ «كوركىراۋاتقان قورساقتا تاماق، قىچىشىۋاتقان گالغا ھاراق» دېگەن گېپىگە قاپىيە كەلتۈرۈپ بېزەپ گەپتىن بىرنى قىلىۋىدى، سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— نېمە ئەمدى سورۇن باشلىنا - باشلانمايلا بېزەپ گەپكە چۈشتۈڭلارغۇ،— دېدى ئەسەيدۇللا.

— سەن جىم ئولتۇرە،— دېدى باتۇر قاپىقىنى تۈرۈپ،— سورۇن دېگەندە قىزىق گەپ بىلەن ئولتۇرمىسا قانداق بولىدۇ؟ كۈلكە بىلەن ئۆمەر ئاغىنىمىزنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىمىز دەۋاتىمىز. بىزدىن قىزىق گەپ، ئەگەر كەيپى چاغ بولسا ئۆمەر ئاغىنىمىزدىن بىر - ئىككى ناخشا.

ئۆمەر: «بولدى، سورۇن ئۆز يولىدا مېڭىۋەرسۇن» دېگەن مەنىدە ئەسەيدۇللاغا ئىشارەت قىلىپ قويدى.

※ ※ ※

گۈلپەرى سىنىپ بىناسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى گۈللۈكتە ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ قەتئىيەتكە كەلگەنىدى. دىققىتى چېچىلىسىمۇ، كۆڭلى

پاراكەندە بولسىمۇ، چارچىسىمۇ، ئازابلىق خىياللار باستۇرۇپ كەلسىمۇ، ھەممىسىگە پەرۋا قىلماي ئۆگىنىش قىلىشى كېرەك ئىدى. ئالىم بىلەنمۇ لايىقىدا كۆرۈشۈش، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىك، ئىزدىشىگە يول قويماسلىق كېرەك.

— ئاداش، مۇشۇنداق ئۆگىنىش قىلىشقا تىرىشسىڭىز زېھنىڭىزنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كېتىسىز. دەسلەپتە كۆنەلمەي، ئېغىر بېسىم بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئاي ئۇچۇن — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيىمىز ئۇچۇن بەرداشلىق بېرىشىمىز، ھەرقانداق جاپاغا چىدىشىمىز كېرەك،— دېدى ئۇنىڭ يېنىدا تېكىست يادلاۋاتقان ئامىنە.

— مەن تىرىشىمەن، تىرىشىسام بولمايدۇ، ئامىنە. سىز ئەتىگەندە دېگەن ئۇسۇل بويىچە ئۆزۈمگە ئۆگىنىش قىلىش پىلانى تۈزۈۋالدىم. ئۇ ئۇسۇل ماڭا بەك ماس كېلىدىكەن. رەھمەت سىزگە،— دېدى گۈلپەرى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشكە كىرىشۋالغىنىدىن خۇش بولۇپ.

— ئەمدى سىزدىن خاتىرجەم بولدۇم، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قارىسام سىز بەل قويۇۋەتكەندەك... سىزگە دېيەلمەي كېلىۋاتاتتىم. ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى،— ئامىنە شۇنداق دەپ كۆزىنى قىستى،— ئىككى كۈن ئۆگىنىشكە بېرىلگەنگە بىركىم بىر يەرگە قېچىپ كەتمەيدۇ.

— يائاللا، ئامىنە. تولا مېنى جىلە قىلماڭ جۇمۇڭ،—

گۈلپەرى شۇنداق دەپ قولىدىكى غورىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. ئاممىنە سىنىپ تەرەپكە ئىتتىك مېڭىپ كەتتى:

— سىز خاتىرجەم ئۆگىنىش قىلىۋېرىڭ، مەن سىنىپقا كىرىپ تەقلىدىي سوئال ئىشلەيمەن.

گۈلپەرى يەنە كىتابقا تىكىلدى. كۆزى خەتتە، ئەمما خەت مەزمۇنى كاللىسىغا ھەزىم بولمايۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ كىتابقا قادىلىپ تۇرۇۋەردى. بىراق، ئۇ بەزى قۇرلارنى نەچچە رەت ئوقۇغان بولسىمۇ، ئوقۇغانلىرىنى چۈشىنەلمەي تىت - تىت بولۇپ، ئىچى سىقىلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈزىنى تىزىدىكى كىتابقا مەھكەم ياقىنىچە: «مەن نېمە بولغاندىمەن؟ نېمىشقا ھېچنېمە كاللامدا تۇرمايدۇ؟ مەن بىر تال خەتمۇ كاللىسىغا چۈشمەيدىغان مۇشۇنداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىممۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالدىم؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟!» دەپ ئۆز - ئۆزىنى سوراقلاپ كەتتى.

— كىتاب دېگەننى ئوقۇيمىز، ئۇخلايدىغان ياستۇق قىلمايمىز.

گۈلپەرى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە كۈلۈپ قاراپ تۇرغان رابىيەنى كۆردى. ئۇ قونچاقتەك ياسىنىۋالغانىدى. گۈلپەرى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ئەمما، رابىيە چالا - پۇچۇق ئەھۋال سوراپلا ئۇنى خالىي جايغا تارتتى.

— نېمانچە قاتتىقلىق قىلىدىغانسىز، ئاداش؟

گۈلپەرى ئۇ گەپنىڭ نېمە مەقسەتتە دېيىلگەنلىكىنى چۈشەنگەچكە كۈلۈپلا تۇرۇۋەردى.

— بىر نېمە دېمەمسىز؟ — سەل ئۆڭگەندەك بولدى رابىيە.

— كېيىنچە بىر گەپ بولمامدۇ، رابىيە، — دېدى گۈلپەرى بۇ جاھىل دوستىنىڭ مىجەزىنى بىلىپ، — شۇنچە ئالدىراپ نېمە كەپتۇ.

— هوي، نېمە دەۋاتىسىز؟ كىمگە بالدۇرلۇق قىپتۇ - ھە، سىززە، تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ. كۆڭلىڭىزدە باشقا بىرەيلەن بارمۇ - يە؟

— يوق گەپنى قىلماڭە.

— ئەمىسە نېمىشقا ئاكامغا ماقۇل كەلمەيسىز؟ ئۇنى ياراتمايۋاتامسىز؟

— سىز...

— بىلىمەن، گۈلپەرى، سىز دېگەن چىرايلىق قىز، تالانتلىق. لېكىن، ئاكامنىڭمۇ قايسى يېگىتتىن قېلىشقۇچىلىكى بار؟ چىراي دېسىڭىز چىرايى بار، ئۆي ئەھۋالىنى دېسىڭىز شەھىرىمىزدىكى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەكلەرنىڭ بىرى. سىزنىڭ مۇشۇ گۈزەل جامالىڭىزغا ئاشۇنداق بالىلار لايىق كېلىدۇ. توي قىلساڭلار باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىسىلەر.

— ھەددىڭىزدىن ئاشقىلى تۇردىڭىزغۇ؟

— راست ئەمەسمۇ - يە؟

— ئەمدى بىلجىرلاۋەرسىڭىز ئالىمغا قارىماي قويىمەن جۇمۇڭ... تەنتەك رابىيە، — گۈلپەرى يۈزىنىڭ قىزىشىۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدىغا شېرىن ئىسسىقنىڭ

تاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۆزىنى بېسىش ئۈچۈن شۇنداق دېدى.

— ساراڭلىق قىلماڭ دەيمەن، — رابىيە ئەمدى رەسمىي ئاچچىقلاپ، — ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ، ئاكام بىلەن يۇرسىڭىز زىيان تارتمايسىز، چوڭ باشلىقنىڭ كېلىنى بولىسىز، خىزمەت سىزنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ. ھەر ئەۋزەل شارائىتلار، ئىپسىل تۇرمۇش، يېنىڭىزدا شاھزادىلەردەك بىر يىگىت... تەسەۋۋۇر قىلىڭە، ئادەم مۇشۇنداق ھەممە نەرسىسى تەل ئۆيدە ياشىسا نېمە ئارمىنى قالىدۇ...

— سىز بەختلىك تۇرمۇشنى شۇنچىلىك دەرىجىدە ئويلامسىز؟

— ئويلىمايچۇ...

— ئۇنداقتا سىز مۇھەببەت ئىشىدا ئاشۇنداق يول تۇتامسىز.

— ئەلۋەتتە، ئاشۇنداق يول تۇتىمەن، ھەتتا شۇنداق يول تۇتۇش ئالدىدا. سەت بولسىمۇ دەۋېرەي، ئەگەر ئۇ ئاكام بولمىغان بولسا، ئاللىقاچان ھەرىكەت باشلىغان بولاتتىم. سىزدەك ئۆزى كەلگەن بىلەن يۇرسەتنى تۇيماي بىخۇد يۇرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتىم...

گۇلپەرى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ، رابىيە؟

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىسە ياخشى كۆرگۈلۈك. يا ئۆزىڭىزنى مەجبۇرلاپ ساتىدىغان ئىش بولمىغاندىكىن.

قوشۇغۇراق جىرىڭلاپ ئۇلارنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى. گۈلپەرى سىنىپقا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

— گۈلپەرى، ئەقلىڭىز بىلەن ئىش قىلىڭ، ئاداش، ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتمەڭ يەنە، — دېدى رابىيە سىنىپقا ماڭغان گۈلپەرىگە ئۆتۈنۈش ئارىلاش.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاداش، نېمە قىلىشنى بىلىمەن.

— سىزنى دەرستىن چۈشكىچە ساقلايمەن.

شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى سائەتلىك دەرسمۇ، مۇزاكىرىمۇ ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى. ھە دېسە ئويىغا ئالىم كېلىۋېلىپ، دىققىتى بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاھ، ئۇنىڭ ئىرادىسىزلىكى. قېنى ئۇنىڭ بايىلا باشقا نەرسىنى ئويلىماي، زېھنىمنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلىمەن دېگىنى؟ ئۇنىڭ ئىرادىسى، ۋەدىسى، قەتئىيلىكى ئۆتكۈنچى بىردەملىك شامالمىدى؟ رابىيەنىڭ بىر قارىسا ئورۇنلۇقتەك تۇيۇلىدىغان گەپلىرى، گۈلپەرىنىڭ ئالىمغا بولغان سۆيگۈ سېزىملىرىنى ئاشكارا قىلىدىغان، ئاشكارا بولغانلىرىنى كۈچەيتىدىغان تارتىملىق سۆزلىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. رابىيە ھەقىقەتەن يامان قىز ئىكەن، قالتىس قىز ئىكەن. ئۇنىڭ سۆزلىرى گۈلپەرىنىڭ خىيالىدىن دەممۇدەم كېچىپ ئارامىدا قويمىدى. ئۆزى بولسا ئالىم ھەقىقەدە ئويلاپ كەتتى.

مەكتەپتىن قايتقان گۈلپەرى تۆت كوچا تەرەپ بىلەن ماڭماقچى بولۇپ يولغا چىقمىۋېدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

كۆلۈمسىرەپ تۇرغان رابىيە پەيدا بولدى. قارىغاندا بۈگۈن رابىيە ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالدىغاندەك ئىدى. لېكىن، گۈلپەرى بۇنىڭدىن نېمىشقىدۇر خاپا بولۇپ كەتمىدى.

رابىيە يەنە ئالىم ھەققىدە تىنماي سۆزلەپ ماڭدى. ھە دەپ ئۇنى ئالىم بىلەن مۇھەببەتلىشىشكە قىستايتتى.

— ماقۇل، شۇنداقمۇ دەيلى،— دېدى گۈلپەرى،— ناۋادا مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسام، ئۇ مېنى نەچچە يىل ساقلىيالامدۇ؟

— مېنىڭچە ساقلايدۇ.

— سىزنىڭچە ئۇنداق بولغان بىلەن، ئۇنىڭچىچۇ؟

رابىيە بۇ گەپكە جاۋاپ بېرىپ بولغۇچە ئۇلار تۆت كوچىدىكى سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئالىم چىقىپ كەلدى. ئۇ كېلىپ ئەھۋاللاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا سىڭلىسىغا سوئال نەزىرىدە، گۈلپەرىگە بولسا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىشكە ئۈلگۈردى.

— بۇنچە قىزغىن نېمە توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىۋاتىسىزلەر؟— ئالىم ئاۋازىنى تەبىئىي چىقىرىشقا تىرىشتى. لېكىن، گۈلپەرى بەرىبىر بۇنىڭ ئالدىن كېلىشىپ قويۇغان ئىش ئىكەنلىكىنى سەزدى.

— ئاكا، مەن توشقان كۆندۇرۇۋاتىمەن،— دېدى رابىيە شوخلۇق بىلەن.

— كۆنگۈدەكمۇ؟— ئالىم دەرھاللا ماسلاشتى.

ئويلىمىغاندا گۈلپەرى جاۋاب بەردى:

— كۆنمەيدىغاندەك قىلامدۇ قانداق؟

بۇ گەپكە ھەممىسى كۈلۈشتى. ئالىم بولسا كۈلكىگە ئۇلاپلا:

— چىرايلىق توشقانلارنىڭ ياۋىلىرىمۇ بار ئىكەن - دە، — دېدى.

— ياۋا توشقانلارنىڭمۇ چىرايلىقلىرىمۇ بار، — دېدى گۈلپەرى ئالىمنىڭ بۇگۈن گەپدان بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ.

— بولدى، بولدى، توشقان دەپ قويسام زوئولوگلاردەك بولۇپ كەتتىڭلارغۇ، — دېدى رابىيە بۇ چاقچاقنىڭ يامان يەردىن چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — بىرىڭلار توشقان، بىرىڭلار ئوۋچى، بولدىمۇ؟

— مەنمۇ توشقان بولۇپ باققان بولسام، — ئالىم شۇنداق دەپ ئۇھسىنىپ قويدى.

— ئاكا، بىز چارچاپ كەتتۇق جۇمۇ، — دېدى رابىيە ئاكىسىغا كۆزىنى قىسىپ ئاگاھلاندۇرۇپ.

— ۋاي، ئۇنتۇپلا قالغىنىمنى. ئۆتكەندە مەن گۈلپەرىگە مېھمان قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

— ماڭا ۋەدە بەرمەيسەنا سەن، گۈلپەرى، قوشۇلغانسىز؟

گۈلپەرى باھانە كۆرسىتىشكە تەييارلىنىۋىدى، ئالىم يەنە چاققان كەلدى:

— گۈلپەرىمۇ مېھمان بولۇشقا ۋەدە بەرگەن، يورۇقلار.

— ھە، كېلىشىۋالغان ئىش ئىكەنغۇ، — دېدى رابىيە، — مەن ئارىغا قىسىلىۋېلىپ چاتاق قىپتىمەن.

رابىيە گۈلپەرنى قولتۇقلىۋېلىپ قەستەنگە ئۇنى - بۇنى دەپ گۈلپەرنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

— نەگە، رابىيە؟

— ئەجەب يېنىك ئىكەنسىز، گۈلپەرى.

— ئۆيگە بالدۇر...

— قاراڭ، ھەممىسى سىزگە قارىشىۋاتىدۇ.

— خاپا بولۇپ قالىمەن...

— مەنمۇ سىزدەك گۈزەل بولغان بولسام...

ئۇنغىچە ئۇلار «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى.

— رابىيە، نەگە بارساق بولار؟ — ئاستا سورىدى ئالىم.

— يېقىنراق مۇنۇ «مىڭئۆي»گىلا كىرمەيمىزمۇ؟ — دېدى رابىيە «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئىشارەت قىلىپ. ئالىم بىرنەرسىنى تويغاندەك بولۇپ چاندۇرماي رابىيەنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئەمما، رابىيە بولسا ئاكىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا گۈلپەرىنى قولتۇقلىغىنىچە رېستوراننىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى. رېستوراننىڭ ئىشىكىگە پۇت دەسسەپ بولغان گۈلپەرى: «بوپتۇ، كىشىلەر داڭلاۋاتقان بۇ رېستورانغىمۇ كىرىپ باقاي. قانداق بولىدىكىن؟» دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىنى يېنىك تۇتۇشقا تىرىشتى ۋە تۇرۇپلا بۇ ئاكا - سىڭىللىغا مەستلىكى كېلىپ قالدى: «ئۇلار نېمانچە غەمسىز - ھە؟»

ئۇلار رېستوراننىڭ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن زالىغا

كىرىۋىدى، بىرنەچچە كۈتكۈچى رابىيەدىن قىزغىن ئەھۋال سوراپ كەتتى. گۈلپەرى بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. بۇنى بىلگەن رابىيە ئاستا پىچىرلىدى:

— مەن سىزگە بۇرۇن دېيىشكە ئۈلگۈرمىگەن، خېلى بولدى مۇشۇ رېستوراندا بىرنەچچە دوستلىرىم بىلەن ئاخشىمى ئۇسسۇل ئويناۋاتىمەن.

— ۋاھ، سىز نېمىدېگەن قالتىس! ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرىدىغان ئورۇننمۇ تەييار ئىكەن.

شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۆمەرنى كۆرۈپلا رابىيەنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى. «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دەپ ئالىم رابىيەگە ئالىيىپ قاراپ قويدى. رابىيە بولسا بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئۆمەر بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ كەتتى. ئالىم ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى:

— قانداق ئەھۋالىڭىز، ئۆمەر لاۋبەن؟

ئۆمەر قىزارغاندەك بولۇپ خىجىللىقىنى ئىپادىلىدى:

— ئۇنداق دەپ ئادەمنى خىجىل قىلماڭە! ئاڭلىسام ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشىپسىز. مۇبارەك بولسۇن!

— ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق. شوپۇرلۇق.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئالىم، پۇلى بار ئورۇننىڭ باشلىقىنىڭ شوپۇرى، ئېسىل پىكاپ تۇرسا... ئاددىي خىزمەت بولامدۇ؟

ئالىم بۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلىپ رابىيەنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېرگىنىدىن پەيدا بولغان خاپىلىقتىن خالاس بولغاندەك بولدى.

— رابىيە، بۈگۈن ۋاقتىڭىز باردۇ؟

— بار، بار،— رابىيە ئىتتىككىلا جاۋاب بەردى. گۈلپەرى بولسا ھەرقانچە تەمشىلىپمۇ ئۆزىنىڭ ئالدىرايدىغانلىقىنى دېيەلمىدى.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن سىلەر بىلەن تازا بىر مۇڭدىششقا پۇرسەت بوپتۇ،— دېدى ئۆمەر، ئاندىن بىر كۈتكۈچىگە بۇيرۇدى،— بۇ ئەزىز مېھمانلارنى «ئاتەش» ئايرىمخانىسىغا باشلاڭ.

ئۇلار ئايرىمخانىغا كېتىۋاتقاندا گۈلپەرى ئاستا سورىدى:

— بۇ يىگىت كىم؟

رابىيە پەخىرلىك تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:

— مۇشۇ رېستورانىنىڭ خوجايىنى، بەك ئېسىل يىگىت.

گۈلپەرى بېرىلگەن جاۋابنىڭ ئورانىدىن بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئالىم تاماكىسىنى چەككىنىچە ئايرىمخانىغا ئانچە ھەيران قالمىغاندەك نەزەردە بىر قۇر قاراپ چىقتى. رابىيەمۇ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئەركىن ئولتۇرۇشىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. پەقەت گۈلپەرىلا قورۇنۇپ، ئېسىل بېزەلگەن بۇ ئايرىمخانىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتاتتى.

شۇ ۋاقىتتا بىرنەچچە كىشىلەر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ زالدا پەيدا بولغان ئۆمەر ئۇلارنى تۆردىكى

بىر شىرەگە باشلاپ قويۇپ، بىر كۆتكۆچى بىلەن ئايرىمخانىغا كىردى.

— ئۆمەرجان، — دېدى رابىيە ئالدىراپ ئېغىز ئېچىپ، — بۈگۈن بىزنىڭلا ۋاقتىمىز بولسا بولمايدۇ. سىزنىڭچۇ؟ ئەجەب ئولتۇرالماي كەتتىڭىزغۇ؟

— كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۆمەر كۈلۈپ، — بۈگۈن شەھەرلىك يېزا - ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىكىلەر كوللېكتىپ ئولتۇرۇش قىلماقچىكەندۇق. شۇلارغا... قېنى، قانداق تەلىپىڭلار بولسا ئېيتىڭلار. بۈگۈن مەن سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋالاي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم دەرھال رۇس ئولتۇردى:

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، بۈگۈن ئۇلارنى مەن چاقىرغان. سىز بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولدى.

ئۆمەر بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، رابىيە ئورنىدىن تۇردى:

— ئاكا، سىزنىڭ كېيىنگە قېلىپ تۇرسىڭىز، ئۆتكەندە ئۆمەرجان مېنى مېھمان قىلىدىغانغا ۋەدە قىلغان، بۈگۈن پۇرسىتى كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئۆمەر كۆتكۆچىگە بۇيرۇدى:

— بايا مەن دېگەندەك بولسۇن، تېزرەك بولۇڭلار.

دەرۋەقە، تاماق ھايال بولماي تارتىلدى. داستىخان ھەقىقەتەن مول ئىدى. گۈلپەرى تۆت ئادەمگە بۇنچىۋالا تاماق تارتىلغىنىغا ھەيرانلا قالدى. ئۇلار تاماققا تۇتۇش قىلدى. تاماق يېيىش يېرىملاشقاندا ئۆمەر بىر بوتۇلكا

ئاق هاراق بىلەن توّت قوٌتا ئىچىملىك كەلتوٌردى.
— بوٌگوٌن بوٌنى قىلمىساق بولماس، — دېدى ئوّمەر.
— بوپتوٌ.
— بوٌگوٌن پاراڭ موٌھىم، ئىچىش ئاز، كوّڭوٌل ئېچىش كوّپ بولسوٌن، — دېدى رابىيە ئالىمنىڭ جىق ئىچىۋېلىپ ئىشنى بوٌزوٌپ قويىوٌشىدىن، بولوٌپمو ئوّمەر ئالدىدا سەتلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ.
رابىيەنىڭ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتوٌرغانلىقىنى كوّرگەن، ئوٌلارنىڭ قىزغىن ئىلتىپاتىغا دەمموٌدەم نائىل بولوٌپ توٌرغان گوٌلپەرىمو بوٌ يەرگە خېلى كوّنوٌپ قالدى ۋە ئوّزىنى ئازادە توٌتوٌشقا تىرىشتى.
— ئېسىمىزدە بولسوٌن، — دېدى رابىيە ئوّمەرگە قاراپ كوّزىنى قىسىپ، — بوٌگوٌن ئەڭ موٌھىم ئىش دوستوٌم گوٌلپەرىنى زېرىكتوٌروٌپ قويماسلىق.
— رابىيە، ئوٌنداق دېمەڭ، — دېدى گوٌلپەرى قىزىرىپ.
— ھە، دوستىڭىزنىڭ ئىسمى گوٌلپەرى ئىكەندە، — دېدى ئوّمەر، — بوٌ دوستىڭىزمو سىزگە ئوخشاش ئوٌسسوٌلچىمو؟
— ئەسلىي سىزگە ئالدىرىماي تونوٌشتوٌراي دېگەن، — دېدى رابىيە، — لېكىن بوٌ دوستوٌم ئوٌسسوٌلچى ئەمەس، بەلكى كاتتا ناخشىچى! ھە، راست، ئوّمەرجان، ئوّتكەندە سىزگە دېگەن ناخشا موٌسابىقىسى بار دەپ... ھە، شوٌ قېتىمقى موٌسابىقىگە گوٌلپەرىمو قاتناشقان. ئىككىنچى بولدى دەڭا.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئۆمەر گۈلپەرىنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قاراپ. ئۆمەرنىڭ بۇ قارىشىدىن گۈلپەرىنىڭ يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەندەك بولدى.

— ئۆمەر لاۋبەن...

— ئۆمەرلا دەڭە... ئۆزىمىز تۇرۇپ ئۇنداق دېسىڭىز سەل بىئەپ بولىدىكەن.

ئۆمەرنىڭ «ئۆزىمىز تۇرۇپ» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ يۈرىكىگە شېرىن تۇيغۇ تارىدى. ئۇ شۇ خۇشلۇقىنى بىلدۈرگۈسى كەلگەندەك گەپ قىلىشتىن تارتىنىپ تۇرغان گۈلپەرىگە قاراپ قويدى.

— ئۆمەر، ئاڭلىسام بىر قىزىقچى تەكلىپ قىپسىز. رېستورانغا تازا يارىشىپتۇ. ئادەملەرنى بۇ يەردىن كېتەلمەيدىغان قىلىۋەتتىڭىز، — دېدى ئالىم.

— ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. خەلقىمىز كۈلكە - چاقچاقنى بەك ئامراق. مېنىڭچە، رېستوراندا تاماق، سەنئەت نومۇرلىرى، مۇلازىمەتلەردە يېڭىلىق، ئۆزگىچىلىك بولمىسا بولمايدۇ. شۇنى كۆزدە تۇتۇپ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدىم.

— ناھايىتى ياخشى قىلىپسىز، ئىمىتى ئىسمى؟

— سۇلايمان قىزىقچى.

— ھە، توغرا، سۇلايمان قىزىقچى. رابىيە ئۇنىڭ گېپىنى بەك قىلىپ كەتتى. ماھارىتىنى بىر كۆرسەك بولاتتى.

رابىيە يەنە گەپكە ئارىلاشتى:

— ۋاي - ۋۇي، بولىدىلا. بىز بۇ يەرگە خەقنىڭ

ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشقىلى كىردۇق. بۈگۈن رېستوراندا بۇنچە كۆپ مېھمان بولغاندىكىن، سۇلايمان قىزىقچى سەل تۇرۇپ ماھارىتىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

— مېھمانلارنىڭ ئالاھىدە تەلىپىمۇ شۇ،— دېدى ئۆمەر،— شۇڭا سۇلايمان قىزىقچىنى نومۇر كۆرسىتىشكە ئورۇنلاشتۇردۇق.

— ئۆمەرجان،— دېدى رابىيە،— ئۆتكەندە سىز ناخشا ئېيتىپ بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلغان ئىدىڭىز، بۈگۈن ئورۇنلارسىز؟

— بولىدۇ.

— بۇنداق ھۈنەرمۇ بارمۇ تېخى؟— دېدى ئالىم ھەيران بولۇپ،— سىزدىن ھېچ ئىش قۇتۇلالمىغۇدەكقۇ.

— بۇرۇن قىزىقچىلىقتا باشقىلارنى دوراپ ئۆگىنىپ قويغان. بولىدۇ، مەن گىتارنى ئاچىقتۇراي.

ئۆمەر شۇنداق دەپ بىر كۇتكۇچىنى بۇيرۇدى. گىتار كىرىۋىدى، ھەممەيلەن جانلاندى. شۇ چاغدا گۈلپەرىمۇ تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچتى:

— گىتارنىمۇ ئۆزىڭىز چالامسىز؟

— ئۆزى چالىدۇ،— دېدى رابىيە،— بىز بىلمىگەن يەنە قانداق ماھارەتلىرى بار ئىكىن ئۆمەرجاننىڭ؟

ئۆمەر گىتارنىڭ تارلىرىنى تەڭشىدى:

— چولتىلىقىم چىقىپ قالسا، ئەيىبكە بۇيرىماڭلار.

ئۆمەر گىتارنىڭ ئىنچىكە تارىنى يېنىك ئىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پەدە بېسىشى، تارلارنى ئىلىشى جايىدا

ۋە ئەركىن ئىدى. ئۇنىڭ چىۋەرلىك بىلەن ھەربىكەتلىنىۋاتقان بارماقلىرىغا قاراپ قالغان گۈلپەرى: «خېلى پىششىق مەشىق قىلىپتۇ، ناخشىنىڭ مۇڭىنى كۆچلۈك ئىپادىلەۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئالىم ئۇنىڭ گىتار چېلىشىغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتقىنى بىلەن ئىچى تارتىشقاندەك بولدى. رابىيە بولسا ئۆمەرنىڭ چىرايىغا مەستانىلارچە قادىلىپلا قالغانىدى.

ئۆمەر ناخشىسىنى باشلىدى:

سېنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر كۈلسەم دەيمەن،
چىن مۇھەببەت پەيزىنى سۈرسەم دەيمەن.
ساڭا شادلىق، بەخت تىلەيمەن،
سېنىڭ كۆز يېشىڭنى كۆرمىسەم دەيمەن.

ئۆمەر ناخشىنى تولىمۇ مۇڭلۇق باشلىدى. بۇ مىسرالارنى ئاڭلىغان رابىيە ئويغا پاتتى: «مەن سىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە بولۇشقا رازى. كۆز يېشىم سىزدىن ئايرىلسام ئاندىن تۆكۈلىدۇ. شۇڭا كۆز يېشىمنى كۆرمەسلىكىڭىز ئۈچۈن مېنىڭدىن ئايرىلماڭ!»

سېنى ھەر چۈشۈمگە كىرسىكەن دەيمەن،
پەقەت بىر مېنىلا سۆيسىكەن دەيمەن.
ۋە يېنىمدا يۈرسىكەن دەيمەن،
سېنى ھەر ناخشامدا كۈيلىسەم دەيمەن.

رابىيەنىڭ ئۆيى مىسىرالار بىلەن تەڭ قاناتلىنىپ كەتتى: «مەن ھەر دائىم سىزنىڭ يېنىڭىزدىلا. شۇڭا مېنى چۈشىڭىزدە ئەمەس، ئويغىنىپ كۆرۈڭ. ئەگەر خالىسىڭىز ھەممە ناخشىڭىزغا مېنىڭ ئىسمىمنى قوشۇۋېلىڭ...»

خىيالىم كۆپ ئىشقىڭدا ھەر كۈن،
ئاشۇ خىيال بىلەن يۈرىمەن چۈشكۈن.
قۇچاقىڭنى ئاچقىن ئامرىقىم،
ئاھ، يەنە ئازابتا يۈرمىسەم دېيمەن.

رابىيە ھاياجانلاندى: «جېنىم ئۆمەرجان، سىز ماڭا ئەمەس، شۇ تاپتا مەن سىزگە تەشنا. ئوتلۇق قۇچىقىم ھەر ۋاقىت سىزگە ئوچۇق. ئىككىمىزنىڭلا بىھۇدە ئازابلىنىپ يۈرمەسلىكىمىز ئۈچۈن كۆڭلىڭىزنى دەرھال ماڭا ئىزھار قىلىڭ. ئەمدى مېنى بىتاقەت قىلماڭ!»

— بەك ياخشى ئېيتتىڭىز! — دېدى گۈلپەرى چاۋاك چېلىپ.

— كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنىلا ناخشا قىلىپ ئېيتىۋەتتىڭىز جۇمۇ، — دېدى ئالىم.

— شۇنداقمۇ؟ ياخشى ئېيتالىغانلا بولسام بولدىغۇ.

— شۇنداق ياخشى ئېيتتىڭىز، ئۆمەرجان، — دېدى رابىيە سۆيگۈ يالقۇنىدىن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۆمەرگە تىكىپ، — بەك تەسىرلىك ئېيتىۋەتتىڭىز، شۇنداقمۇ، گۈلپەرى؟

— راست، بەك تەسىرلىك ئېيتتى.

شۇ ۋاقىتتا زالدا سەنئەت نومۇرلىرى باشلىنىپ قالدى.

شوخ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چاپلىپىنچە كىيىنگەن سۇلايمان قىزىقچى زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا پەيدا بولدى. بويى پاكار بۇ يىگىتنىڭ چاپلىپىنى دوراپ قىلغان قىزىق ھەرىكەتلىرى، مىيىقىدىكى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئالىملارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئەينەك ئىشىكتىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ كۈلۈشكە باشلىدى.

سۇلايمان قىزىقچى ئاشۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇزىكچىلار مۇزىكا چېلىۋاتقان سەھنىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە سەھنىگە چىقالماي ئېسىلىپ قېلىپ، پۇتىنى ھە دەپ پۇلاڭلىتىپ زال ئىچىدە يەنە كۈلكە پەيدا قىلدى. ئاندىن ئۇ ئارقىغا يېنىپ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ «قىرىق بىر يالغان» دېگەن سۆز ئويۇنىنى باشلىدى. ئۇ چاقماقتەك سۆزلەپ كېلىپ بېشىدىكى شىلەپىسىنى ئېلىپ مەيدانغا يېقىن يەردە ئولتۇرغان بىرەيلەننىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇۋىدى، كىشىلەر يەنە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. سۇلايمان قىزىقچى چاققانلىق بىلەن شىلەپىنى ئېلىپ يان تەرەپتە ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق بىر ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ سەكرەپ چىقىپ شىلەپىنى ئۇ ئايالغا كىيدۈرۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن زال ئىچىدە قاتتىق كۈلكە پەيدا بولدى...

ئۇنىڭ نومۇرى تۈگىۋىدى، كىشىلەر چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋالدى ۋە ئارىدىن بىرەيلەن بېرىپ رىياسەتچىگە

بىرنەرسىلەر دېيىشىدۇ، رىياسەتچى سەھنە ئارقىسىدا تۇرغان سۇلايمان قىزنىقچىغا ئىشارەت قىلدى. سۇلايمان قىزنىقچى يەنە سەھنىدە پەيدا بولدى. ئۇ مىكروفوننى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇپ سۆز باشلىدى:

تۆۋەندىكى سۆز ئويۇنى بەك بەلەن،
ئۇنى ئورۇنلىغۇچى دەل مەن.

سۆز ئويۇنۇمنىڭ ئىسمى «تولا»،
مۇشۇنى سۆزلىۋەتسەم بولا.
سىلى مېنى بىلىشمەيلا،
ئىسمىمنى تونۇشمايلا.

مەن سۆزلىسەم سۆزۈم تولا،
مېنىڭ كۆرگەن ئىشىم تولا.
بىلگەنلەر راستىكەن دەيدۇ،
بىلمىگەنلەر ھەيران قالا(ر).

ئاشپەزدە خۇرۇچ تولا،
ماشىنىچىدا پۇرۇچ تولا.
ئاقسۇدا گۇرۇچ تولا،
جاق - جاق خوتۇندا ئۇرۇش تولا.

ئەسكى تامدا دەز تولا،
قوتۇر ئۆچكىدە بەز تولا.

ئىنسابلىقتا چاتاق يوق،
قىمارۋازدا قەرز تولا.

دەمدىرىڭدە دەم تولا،
بېرىدىغان يەم تولا،
بالىسى كۆپ ئادەمدە
كۆتۈرەلمەس غەم تولا.

باش ئەگمىدە دەڭ تولا،
يۇققا چىتتا رەڭ تولا.
نەشىكەشتە بەڭ تولا،
پەردازچىدا مەڭ تولا.

ئالتاي قويىدا ماي تولا،
قىز بالىلاردا ئاي تولا.
ئېچىۋەتكەن زاماندا،
يېڭى چىققان باي تولا.

جەرەنبۇلاقتا جەرەن تولا،
چۆچەكتە ئايران تولا.
ئالدامچىغا ئالدىناڭ،
ئالدانغان ۋەيران تولا.

تارىمدا يۇلغۇن تولا،
قاغا - قۇش، قۇزغۇن تولا.

ئاق كۆكچى ھەم مايسخان
قومۇلدا قوغۇن تولا.

داۋانچىڭدا دادۇر تولا،
گۇچۇڭدا گازىر تولا،
ئالىمزارنى بەرپا قىلغان،
ئىلىدا سادىر تولا.

كىتابتا چۆچەك تولا،
ياڭاقتا پۇچەك تولا.
بىكاردىن ھاراق بەرسە،
مۇشتلىشار لۈكچەك تولا.

يېزىدا ئاۋۇت تولا،
شەھەردە زاۋۇت تولا،
ئېچىۋەتتى كەڭتاشا،
ھەممە يەر ئاۋات بولا (ر).

دەپ كەلسەم گېپىم تولا،
مۇشۇ يەرگىچە دېسەم بولا (ر).

كۈلكە ئىچىدە چاۋاك ئۇزاققىچە داۋام قىلدى.

— راست قىزىقچى ئىكەن، — دېدى ئالىم قايىل بولۇپ.

— كېيىنكىسىنى نەدىن تاپقاندۇ؟ — سورىدى كۈلكىدىن كۆزىدىن ياش چىققىپ كەتكەن رابىيە.

— ۋاي، رابىيە، ئۇنىڭدا بۇنداق گەپ جىق ئىكەن.
— كۆمۈلۈپ قالغان سەنئەتكار ئىكەن، — دېدى گۈلپەرى تېخىچىلا كۈلۈپ، — مۇشۇنداق كۈلكە بولسا رېستورانىڭىزغا كىمنىڭ كەلگىسى كەلمەيدۇ.
— رېستورانچىلىقتا سىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگۈدەك، — دېدى ئالىممۇ گۈلپەرىگە ماسلىشىپ.
— مېنى ماختاشنى قويۇپ، ئەمدى داڭلىق ناخشىچىمىز گۈلپەرىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايلى، — دېدى ئۆمەر گۈلپەرىگە قاراپ.
ئالىم بىلەن رابىيە: «گۈلپەرى تارتىشىپ تۇرۇۋېلىپ سورۇننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرمىغىيتتى» دېگەن ئەندىشە بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. ئەمما ئويلىمىغاندا گۈلپەرى ئۇلار كۈتمىگەنلا بىر گەپنى قىلدى:
— بولىدۇ، ئېيتسام ئېيتاي. بۈگۈن كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ قالدى. ئۇنداق بولسا، ئۆمەرجان، سىز گىتار بىلەن تەڭكەش قىلىپ بېرىڭ.
— بولىدۇ، قايسى ناخشىنى ئېيتىسىز؟
— «ئۆز يارىم چىرايلىقتۇر»، مەن بۇ ناخشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.
بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر خۇشال بولۇپ كەتتى:
— شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ بۇ ناخشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ئېيتسام ئېيتقۇم كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا باشلىدىم.
ئۆمەر گىتارنى تىرىڭشىتىشقا باشلىدى. ئەمما بۇ چاغدا رابىيەنىڭ ئىچى قىمىرلاپ، چىرايى تاتىرىپ

كەتكەندى. راستىنى ئېيتقاندا، ئىككىسىنىڭ شۇنچە قىزغىن سۆزلىشىپ كېتىشى بىلەن رابىيەنى بىئاراملىق ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭدا ئويغانغان چىدىماسلىق تۇيغۇسى ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. ئالىم بولسا بۇ تەرەپلەرنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا گۈلپەرىنىڭ كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىرايىنىڭ ئېچىلغىنىغا خۇش بولۇپ ئولتۇراتتى.

گۈلپەرى ناخشىسىنى باشلىدى:

شېرىننى سۆيەر بولساڭ،
پەرھاتنىڭ ئۆزى بولغىن.
مەجنۇننى كۆرەر بولساڭ،
لەيلىنىڭ كۆزى بولغىن.

كىم لەيلى پىراقىدا،
مەجنۇندەك كۆيەلەيدۇ؟
كىمنىڭ قەلبى زۆھرەنى،
تاھىردەك سۆيەلەيدۇ؟

ئۆز يارىم سۆيۈملۈكتۇر،
شېرىن، لەيلى، زۆھرەدىن...

ناخشىنىڭ ئەۋجىنى ئۆمەر بىللە ئېيتىۋىدى، قەلبى ئۆرتەپ تۇرغان رابىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى.

ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
ۋىسال ئىزدەپ دۇنيادىن.

— ۋاھ، ناخشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتىدىكەنسىز، — دېدى ئۆمەر گۇلپەرىگە قايىللىق ھەم ھۆرمەت نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— سىز ياخشى تەڭكەش قىلىپ بەردىڭىز ئەمەسمۇ، — دېدى گۇلپەرى رازىمەنلىك بىلەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىدىمىغان رابىيە قىزىلمۇچ قىيامى جىق سېلىنغان لەڭپۇڭنى يېيىشكە باشلىدى. قىزىلمۇچنىڭ ئاچچىقلىقىدىن تىلى قورۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ چىداپ يەۋەردى.

— ھوي، قىزىلمۇچقا ئۆچ ئىدىڭ، ئەمدى ئەجەب يەپ كەتتىڭا؟ — دېدى بىر خىلدا ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغان ئالىم.

— بۈگۈن ئاچچىق نەرسىلەرنى يېگۈم كېلىپلا تۇرىدىغۇتاك.

— شۇنداقتىمۇ ئاز يەڭ، رابىيە، بولمىسا ئاشقازىنىڭىزغا زىيان قىلىدۇ، — دېدى ئۆمەر. ئاندىن گۇلپەرىگە يۈزلەندى، — گۇلپەرى، گەرچە سىز بىلەن تونجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقان بولسامۇ، سىزگە بىر گەپنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ؟

— نېمە گەپ؟

— ئەگەر باشقىچە ئويدا بولمىسىڭىز، سىزنى

رېستورانىمدا ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلسام قوشۇلارسىزمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رابىيە لىغىرلاپ تۇرغان بىر تال لەڭپۇڭنى چوكىغا قىسقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئالىم سوئال نەزىرى بىلەن گۆلپەرىگە تىكىلدى. گۆلپەرى بولسا كۈتۈلمىگەن بۇ تەكلىپكە دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى:

— بۇ... بۇ... مەن...

— ئاخشىمى ئېيتىسىز. بىر ئاخشامدا پەقەت بىرلا ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىزمۇ مەيلى.

— بۇنىڭدا بولماسمىكىن، — دېدى گۆلپەرى ئويلىنىپ قېلىپ، — ھازىر مەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتسام...

— بۇنى بىلىمەن، شۇڭا بىر ئاخشامدا بىرلا ناخشا ئېيتىڭ، بۇنىڭدا ئۆگىنىش قىلىپ چارچىغان نېرۋىڭىزنى ئارامىمۇ ئالدۇرالايسىز. يەنە... سەت بولسىمۇ ئېيتسام، تېگىشلىك ھەقمۇ بېرىمەن...

گۆلپەرى چىرايلىقچە رەت قىلدى:

— رەھمەت، ۋاقىت بەك ئاز قالدى، ئەمدى بېسىپ ئۆگىنىش قىلمىسام بولمايدۇ.

گەپلەرنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ئالىم: «ھەي، گۆلپەرى ماقۇل دېگەن بولسا بەك ئوبدان بولاتتى. ئۇ جەمئىيەتكە بالدۇرراق ئارىلاشسا، مېنى قولىدىن بەرگۈسى كەلمەيدىغان بولاتتى» دەپ ئويلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا رابىيەنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەندى.

— ئىشقىلىپ، ياخشى ئويلىشىپ بېقىڭ،— دېدى ئۆمەر. قارىغاندا ئۇ نىيىتىدىن ياندۇرغاندەك ئەمەس ئىدى،— ئىمتىھان بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭغۇچە بىكار بولۇپ قالىسىز. شۇ چاغدىغۇ كەلسىڭىز بولار؟ ماڭا بىر ياردەم قىلىپ قويۇڭ، بولامدۇ؟

گۈلپەرىگە ئۆمەرنىڭ «ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭغۇچە بىكار قالىسىز» دېگەن گېپى خۇشيېقىپ كەتكەچكە، ئۇ:

— ئۇنداقتا، شۇ چاغدا بىر گەپ بولسۇن،— دەۋەتتى.

— ئۇنداق دەپ تۇرماي، بىكار بولۇپ قالسىڭىز مەن بىلەن چوقۇم ئالاقىلىشىڭ، مەن سىزگە تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىپ بېرەي.

ئۆمەر يېنىدىن قەغەز - قەلەم ئېلىپ گۈلپەرىگە ئۆزىنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى، تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى. ئۆزىمۇ گۈلپەرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالدى.

شۇ چاغدا ئالىم ئېغىز ئاچتى:

— گۈلپەرى، ئۆزىڭىزنىڭمۇ سەنئەت كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇيىڭىز بولغاندىكىن، ئۆگىنىش قىلىپ چارچىغان ۋاقىتلىرىڭىزدا كېلىپ ناخشا ئېيتسىڭىز، بىر تەرەپتىن ئارام ئالىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپرەك مەشىق قىلىپ كەسپىڭىزنى پىششىقلىۋالىسىز ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمەر لاۋبەن بىلەن بىز دوست بولغاندىكىن،

كۆندە كەلمىسىڭىزمۇ، ئارىلاپ كەلسىڭىز بولىدىغۇ. شۇڭا سىز ئالدىراپ «بولمايدۇ» دېمەي...

رابىيە بۇ گەپلەرگە پەقەت چىداپ تۇرالمىدى.

— ئاكا، ئەمدى نېمە ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ بار؟ بىز بۇ يەرگە سىلەرنىڭ سودا ئىشىڭلارنى يۇرۇشتۇرۇپ بەرگىلى ئەمەس، كۆڭۈل ئاچقىلى كەلدۇق، — دېدى رابىيە زەردە بىلەن.

— ئۈرۈمچى ياشلار سەنئەت ئۆمىكى بۈگۈن ئاخشام ئويۇن قويىدىكەن. ياشلار ئۇسلۇبىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىدىكەن، ھەممىسىلا بىز داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ناخشىچىلار، — دەپ گۈلپەرىگە قارىدى ئالىم.

گۈلپەرى ناخشا دېسە ئۆزىنى ئۇراتتى. لېكىن...

— قانداق بولار؟...

— نېمە ئۇ قانداق بولار دېگەن؟ — دېدى رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلپەرىنىڭ قولىدىن تارتىپ، — سىزنى توي قىلىڭ دېمىدۇق، خېنىم، ئويۇن كۆرىمىز دەۋاتىمىز. يۈرۈڭ.

گۈلپەرى بىر ئاز تۇرۇپ قېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىۋاتسا، چوڭ كۆرۈۋاتسا... ئۆتكەندىمۇ باھانە كۆرسىتىپ رەت قىلغان. ئەمدى رەت قىلسا سەت بولار.

ئۇلار تىياتىرخانىغا كىرىشتى. زالدا ئادەم ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ناخشىچىلار ماختىغۇچىلىكى بار يۇقىرى ماھارەتلىك ئىكەن. تەسىرلىك، ئۆزگىچە ئېيتىلغان

ناخشىلارنى ئاڭلاپ گۈلپەرى كەلگىنىنگە خۇشال بولدى ھەم ئالىمدىن رازى بولۇپ قالدى.

يېرىمىغا كەلگەندە چەتتە ئولتۇرغان رابىيە ئۆمەرگە: «ئىچىملىك ئەكىرمەكچىدىم بىللە چىقىشىپ بېرىڭ» دەپ پىچىرلىدى. ئۇلار ئەھۋالنى دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ئەمما شۇ چىقىپ كەتكەنچە يوقاپ كەتتى. ئەھۋال ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولغاچقا، گۈلپەرى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— گۈلپەرى، سىز يەنە بىر ئاز تەربىيەلەنسىڭىز بولاردىن قېلىشمىغۇدەكسىز،— دېدى ئالىم،— ئەينى چاغدا مەنمۇ سىزنىڭ ناخشىڭىزدىن ھازىرقىدەك تەسىرلەنگەنىدىم.

— قويۇڭە، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم.

— راست ياخشى ئېيتتىڭىز،— دېدى ئالىم شۇ چاغدىكى مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولغاندەك ئويلىنىپ،— ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆز يېشى قىلىشتى، ھەقىقەتەن تەسىرلىك مەنزىرە بولدى، سىزمۇ قالتىس ناخشىنى تاللاپسىز. مەزمۇنى ئاممىباب، تەسىرلىك ھەم يېڭى زامان پۇرىقى بار، شۇڭا ئالقىشقا ئېرىشىپ كەتتى، لېكىنزە، ئاۋازىڭىزمۇ شۇ ناخشا ئۈچۈنلا يارالغاندەك...

ئۇ سۆزلەرگە گۈلپەرى يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن ئىپادە بىلدۈردى.

— سىز مېنىڭ شۇ ئاخشىمى كېلىشىمنى ئويلىغانمۇ؟

— راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەپتىمەن.

— مەن شۇ كۈننى بەك كۈتتۇم، چۈنكى... باشقا... خىياللىرىمۇ بار ئىدى ـ دە...

ئۇلار زالدىن كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە چىقىشتى. كۆڭۈلدىكى سىرلار، گەپلەر ئىككىسىگىلا ئايان.

— كۆڭلۈم خاتىرجەم ئەمەس، ئالدىمىزدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بار، پۈتكۈل ئەس ـ يادىم شۇنىڭدىلا. مەن بىر كۆڭۈللۈك ئىمتىھان بېرىۋالسام بولاتتى.

— مېنىڭچە، ئۇنچىلىك ئەندىشە قىلىپ كېتىشىنىڭ هاجىتى يوق.

— ئەندىشە قىلمايدىغان سىز بولمىسام.

گۈلپەرى بۇ گېپىدىن ئۆزى سەل ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى، لېكىن ئالىم ئانچە قىلىپ كەتمىدى:

— راست ئېيتسام، سىزنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىڭىزنى تىلەۋاتىمەن.

گۈلپەرى باشقىچە بولۇپ كەتتى: «هەرگىز ئۇ تەقدىرگە دۇچار بولماي، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا پۈتكۈل ئارزۇلىرىم شۇ پېتى قالىدۇ...»

لېكىن، ئالىمنىڭ ياخشى كۆرۈشى شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەنىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئالىم. ناۋادا راستىلا شۇنداق بولۇپ قالسا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. هېلىمۇ ئاران تۇرۇۋېتىمەن.

— ئەقلىم ئەمەس، ھېسسىياتىم شۇنداق دېگۈزۈۋاتىدۇ،— دېدى ئالىم بارغانچە ھاياجانلىنىپ،— مەن شۇ كۈنلەردە ئۆزۈم ئەمەس بولۇپ قالدىم. خىيالىم سىزدىلا...

— مەن... مەن... ئۆزۈمنى راستلا بىلەلمەيۋاتىمەن،— دېدى گۈلپەرى تولغىنىپ،— ئۇھ، نېمە قىلىشىمنى...

— ماڭا ئىشىنىڭ، گۈلپەرى، مەن سىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن، سىزنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن. ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى...

— مەن... ئالىم، مېنى تولا قىيناۋەرمەڭ...

بۇ چاغدا ئۇلار گۈلپەرىلەرنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالغانىدى. ئالىم ئۆزىنى باسالماي گۈلپەرىنىڭ قولىنى تۇتتى. شۇندىلا گۈلپەرى سەگەكلەشتى. ئالىم بېشىنى چاڭگاللىۋالدى.

— ئالىم... كەچۈرۈڭ...

ئالىم بىر ئېغىز تىنمىدى.

— خوش.

ئالىم يەنە بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى.

— خوش.

ئالىم جىمجىتقىنە تۇرۇپ قالدى. گۈلپەرى ئېغىر تىنىپ بىرپەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئاستا كىرىپ كەتتى. ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ چەكسىز قاراڭغۇلۇققا تىكىلدى. بۇ قېتىم ئۆزى ھەقىقىي دەپ قاراۋاتقان ياخشى كۆرۈشى ئاشۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ مەركىزىگە پېتىپ

قالارمۇ؟ ياكى... بۇ قېتىممۇ يېرىم يولغا بارغاندا ھېرىپ قالارمۇ؟

※ ※ ※

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن سائادەت ئالدىراپ جابدۇنۇشقا باشلىدى. ئۇ كۆنگە قاراپ قويۇپ، باراڭدىكى دان تۇتۇپ قالغان ئۈزۈملەرگە قاراپ خىيالغا پېتىپ ياتقان رابىيەگە دېدى:

— رابىيە، مەن سەل ئالدىراپ قالدىغان ئوخشايمەن، قاچا - قۇچىلارنى سىز يىغىشتۇرۇۋەتكەن بولسىڭىز؟

رابىيە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە خۇشياقماسلىق بىلەن:

— ماقۇل، — دېدى.

— سوزۇلۇپ يېتىۋالماي ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇڭ، بىرەرسى كېلىپ قالسا سەت...

سائادەت قىزىغا جىددىي بىر قاراپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. رابىيە شىرە ئۈستىدىكى چىنىلەرنى دەستىلەشكە باشلىدى، لېكىن بىرنەچچە چىنە كەيپىياتىنىڭ ناچارلىقىدىن خۇددى تاغدەك بىلىندىمۇ ئەيتاۋۇر، دەستىلەنگەن چىنىلەرنى جايىدىن قوزغىتىشقا پەقەت رايى بارمىدى. ئۇ قولى بىلەن ئېڭىكىنى چىڭ تىرىگىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

شۇ چاغدا ئالىم كىرىلگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.

ئۇ رابىيەنىڭ بىچارىلەرچە ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشقۇسى كەلدى:

— ھە، رابىيە، كىمنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟

— كىمنى بولاتتى، سىنى!

— ھىلىقى ئۆمەر دېگەن لاۋبەننى ئويلاپ ئولتۇرغانسەن تايىنلىق. قىز بالا دېگەن ساراڭلا بىر نېمە. بىرەرسى خىيالىغا كىرىۋالدىمۇ بولدى، ئېلىشىپ قالغاندەك خىيالىدىن چىقىرالماي يۈرگەن...

رابىيە سەت ئالىيىپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— تۈنۈگۈن گۈلپەرىنى «رېستوراندا ناخشا ئېيتامدىڭ» دەپ كەتتىڭغۇ.

— ئېيتسا نېمە بولىدۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى ئالىم.

— ئېيتسا نېمە بولماقچى، دەرسىگە تەسىر يېتىدۇ. بۇنىڭغا سەن چىدامسەن؟ ئەتە - ئۆگۈن نومۇرۇم تۆشماپتۇ، دەپ ماڭقىسىنى ئېقىتسا يەنە ئاتامنىڭ بېشىنى ئاغرىتارسەن شۇ؟

— نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ؟ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە ماڭا ياخشى ئەمەسمۇ، شۇنداق بولسا گۈلپەرىنىڭ مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان يېرى قالمايدۇ. خىزمەت، تۇرمۇش ئىشلىرىدا مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدىغان بولىدۇ. تەلپىمنى بالدۇرراق قوبۇل قىلامدۇ تېخى...

رابىيە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاكىسىنىڭ مۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟! ئەمدى رابىيە قانداقمۇ: «ئاكا، ئۆمەرجاندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتىمەن، شۇڭا سەنمۇ ئېھتىيات قىلغىن» دېگەن

گەپنى ئالىمغا قانداق دېيەلەيدۇ؟ «ياق، نېمىلا بولسا مەن بىر ئامال تېپىپ گۈلپەرىنى ئۇ يەردە ناخشا ئېيتىشتىن توسۇشۇم كېرەك!»

— ئاكا، سەن بۇ ئىشنى ئۇنداق كالتە ئويلىما،— دېدى رابىيە ئاكىسىغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە،— ناۋادا گۈلپەرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسە، سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دېسەڭ ئاتاملار ئۇنارمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنىمايدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدىكى خىزمىتى يوق بىر قىز بىلەن توي قىلىشىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا، ئاندىن سەن كۆرسىتىدىغان سەۋەب چىقىدۇ.

ئالىم تۇرۇپلا سىڭلىسىنىڭ بۇ گېپىنى توغرا تېپىپ قالدى، لېكىن گۈلپەرىنىڭ ئەھۋالى...

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن،— دېدى ئالىم خىيالغا پېتىپ قېلىپ،— گۈلپەرىنىڭ دېيىشىچە، دەرسلەردە ئاجىزلىق قىلىۋېتىپتۇ. باشقىلاردىن ئۇقسام نەتىجىسىمۇ تازا دېگەندەك ئەمەس ئىكەن. قارىغاندا ئۇ بەرىبىر ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇرغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق ئالدىراپ باھا بەرمە،— دېدى رابىيە جىلە بولۇپ،— بەلكىم ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن. سەن تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىشقا ئەنسىرەپ گۈلپەرىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزسەڭ قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا ئۇ ھازىر ئۇنداق يەرلەرگە بېرىپ

ناخشا ئېيتىشنى ئەمەس، بەلكى شۇنداق يەرلەرگە بېرىشنىمۇ يادىدىن چىقىرىۋېتىپ ئۆگىنىش قىلىشى كېرەك. ئەمدى ئۇ «مىڭئۆي رېستورانى»غا بارمىسۇن.

ئالىم سىڭلىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە سۆزلىگەنچە قىزىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى: «ھە، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەن ئەمەسمۇ! كۆنلەۋېتىپسەن ـ دە. مەنزە قوغلىشىۋاتقان قىزىمنى خەقكە تارتقۇزۇپ قويىدىغان ئالىممۇ؟ ئۇنداق شەرمەندە ئالىمنىڭ تېخى دۇنياغا كەلگىنى يوق. شۇڭا، سىڭلىم، ئارتۇقچە غەملەرنى قىلىپ يۈرمە. گۈلپەرى بېرىۋەرسۇن، ناخشا ئېيتقۇسى كەلسە ئېيتىۋەرسۇن...— ئالىم شۇنداق دېمەكچى بولدى ـ يۇ، بىراق رابىيەنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىققان ئازاب ئىزنالىرىنى كۆرۈپ سەل چۆچۈپ قالدى،— ھوي، بۇ رابىيە بىر ئىش تاپامدۇ نېمە؟ ناۋادا گۈلپەرىنى رېستورانغا ناخشا ئېيتقىلى بارسۇن، دەيدىغان بولسام، بۇ رابىيە جېدەل تېرىپ ئىشىمنى بۇزامدۇ نېمە؟ ھازىرچە باشقا بىر ئامال قىلىپ تۇرسام بولغۇدەك...» — ئالىم شۇنى ئويلاپ بايىقى قارارىدىن ياندى.

— گۈلپەرىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە ئۆزىنىڭمۇ ئىشەنچىسى يوق ئىكەن، شۇڭا بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىپ تۇرساق بولاتتى.

— ئاتاملارغا قانداق چۈشەندۈرىسەن؟— رابىيە شۇ تاپتا گۈلپەرىنى «مىڭئۆي رېستورانى»غا ئاپارغىنىغا پۇشايمان قىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەنە، ئۆمەر بىلەن

گۈلپەرى بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ قىزغىن ناخشا ئېيتىماقتا، ئۆمەر گىتارغا پۈتۈن ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ تەڭكەش قىلماقتا...

رابىيە ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى.

ــ گۈلپەرى «ھە»لا دېسە ئاتاملارغا دەپ بىر ئامالىنى قىلارمەن؟

ــ ئاتاملار قوشۇلمايدۇ.

ــ مېنىڭ ئامالىم بار، لېكىن ئەمدى ئويلاپ باقسام گۈلپەرى ھازىرچە رېستورانغا بارماي، باشقا بىر ئىشنى قىلىشنى ئويلىشىپ تۇرسا بولغۇدەك. بولمىسا، ئاتاملارنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈش تەسكە چۈشكۇدەك.

شۇندىلا رابىيەنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ــ شۇنداق يېرىمۇ بار ـ ھە؟ مەنچە بولسىغۇ ئاتامغا دەپ يۈرۈپ باشقا بىر خىزمەت تېپىپ بەر.

ــ شۇنداق قىلارمەن.

«تۇۋا، بۇ رابىيەنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىنى. بىچارە رابىيە، نېمانچە ئارتۇقچە خىياللارنى قىلىدىغانسەن. پىشىپ قالغان ئىشلىرىغىمۇ نېمانچە ئەندىشە قىلىدىغاندۇ؟ مېنىڭ ئىشلىرىم تېخى يېرىم يولدا. شۇڭا مەن ئەندىشە قىلسام بولىدۇ. مېنى ساقلا دېگەن بولسىمىغۇ... قانداق قىلسام بولار؟» ئالىم شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى.

بۇ چاغدا رابىيە گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا چىنىلەرنى يۇيۇشقا تۇتۇنغانىدى.

ئالىم ھويلىغا چىقىپ بىر تۈپ قارىياغاچ دەرىخىنىڭ

توۋىگە بېرىپ سايىدىغاچ تورۇپ قالدى. خىيالى بولسا يەنە بايىقى «قانداق قىلسام بولار؟» دېگەن ئەندىشىلىك ئويغا ئۇلاشتى: «زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مۇنداق كېتىۋەرسەم گۈلپەرىنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش تەسىر قىلىپ قالسا ياكى بىرەرسى كۆڭلىگە يېقىپ قالسا، ‹خوش› دەپلا كېتىپ قالمىسۇن يەنە. شۇڭا ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرماي. قېنى، چىرايلىقچە ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۈتۈپ باقاي، لېكىن مەيلى ئىمتىھاندىن ئۆتسۇن ياكى ئۆتمىسۇن چوقۇم بىر ياقلىق قىلىمەن. يەنە تارتىنىشىپ تۇرۇۋالسا بىرەر قاتتىقراق تەدبىر قوللىنارمەن ياكى ‹مانا ئەمىسە› دەپ زورلۇق قىلىۋېتىپ قاراپ تۇرارمەن... ئەجەبمۇ ئارامىمدا قويمىدى دېسە مېنى. قىزلارغا بولغان باغرى تاشلىقىم قېنى مېنىڭ...»

ئالىم شۇ يەردە خېلىغىچە تورۇپ بىرمۇنچە ياخشى ـ يامان خىياللارنى قىلىپ چىقتى.

※ ※ ※

ئىككى ئاي ۋاقىت، ئالىمنىڭ تىنماي تەلەپ قويۇشى، رابىيەنىڭ باشقىچە قىزغىنلىشىپ خىزمەت ئىشلىشى، ئۆمەرنىڭ رېستورانىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئېغىزدا ئۆگىنىش قىلىش، ئەمەلىيەتتە غەمگە پېتىشى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى گۈلپەرى بارلىق ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارغا ئوخشاش كاتتا تىلەكلەر ئىچىدە ئىمتىھانىمۇ بېرىپ بولدى.

ئەمما، «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئويلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بىر قىسىم باللارغا ئوخشاش «ئىمتىھاننى ئۇنداق بېرىۋەتتىم، مۇنداق بېرىۋەتتىم» دەپ يۇ ئېتىپ قويۇپ، نەتىجە چىققاندا يالغاندىن ئەجەبلىنىپ، «هوي، قانداق بولۇپ كەتتى؟... شۇنداق ياخشى بەرگەن تۇرسام... قارىغاندا قەغەز تەكشۈرگەندە مەسىلە كۆرۈلۈپتۇ» دەپ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى ئالداشنى ئويلىمىدى. شۇنداقلا ئۇ ئاشۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلالايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالدى.

شۇڭا، كۆپىنچە هالاردا نەتىجىنىڭ غېمىدە ئېغىر بېسىم بىلەن ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە ئۆزىنى بەزلەپ روھلۇق يۈرسىمۇ، ئەمما بۇنداق يۈرىدىغان ۋاقىتلىرى بەك ئاز ئىدى.

بۈگۈنمۇ گۈلپەرىنىڭ كەيپىياتى سەل جىددىي بولۇپ ئېچىلالماي قالدى. هە دېسە خامۇش هالدا خىيالغا پېتىپ قالاتتى. خەلچەم بۇنىڭدىن ئەنسىرىدى: «نەچچە ۋاقىتتىن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن، دەپ چارچاپ قالدىمىكىن؟ ئىمتىھان جىددىيچىلىكى دېگەن يامان نېمە» دەپمۇ ئويلىدى، لېكىن كۆزىگە گۈلپەرى بارغانچە باشقىچە كۆرۈنۈپ قولى ئىشقا بارمايلا قالدى. دېمىسىمۇ، بىر قارىماققا گۈلپەرىنىڭ ئەھۋالى ئوسال‌لىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

گۈلپەرى ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئانىسىنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىۋاتقاندەك جىمجىت ياتاتتى. سىرتتىن گۈلنۇر كىردى. ئۇنىڭ قولىدا بىرمۇنچە قەغەز ۋە بىر كىچىك قايچا بار ئىدى. ئۇ روھسىز ياتقان ئاچىسىنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئاچا، ئاچا، گۈل قىيىپ بېرىڭە.

گۈلپەرى ئېرىنچەكلىك بىلەن سەل ئۆرە بولدى:

— مەكتەپتىن كېلىپ قىيىپ بېرەي ـ ھە!.

— ياق، ياق.

— راست، گۈلنۇر، ھازىر تازا ياخشى قىيالمايمەن.

ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان ئانا گۈلپەرىگە ھەقىقەتەن بىر ئىش بولغانلىقىنى جەزملەشتۇردى. شۇڭا گۈلنۇرنى چاقىرىۋالدى:

— گۈلنۇر، بۇياققا كېلىڭە، سەيىنىڭ ئىچىدە نېمە باركەن؟

ئاچىسىغا قاراپ دومسىيىشقا تەييارلانغان گۈلنۇر ئاپىسىنىڭ قولىدىكى چوكىدا تۇرغان بىر پارچە گۆشنى كۆرۈپ شۇ ياققا ماڭدى. گۈلپەرى كۆزىنى ئاستا يۇمدى. تاماق كۆڭۈلسىزلا يېيىلدى.

— بىر ئىش بولدىمۇ، قىزىم، نېمىلا بولسا ماڭا دەڭ. مۇنداق ئىچىڭىزگە سولاپ يۈرۈۋەرمەڭ.

— ھېچ ئىش يوق، ئاپا. ئاخشام ئۇيقۇم بۇزۇلۇپ قاپتۇ،— دېدى گۈلپەرى،— شۇڭا سەل باشقىچە...

گۈلپەرى ئاپىسىغا كۈلۈپ قويۇپ مەكتەپكە ماڭدى. گۈلپەرىنىڭ بۇ غەمكىن كۈلكىسى ئانىنى باشقىچە

قىلىپ قويدى. گۈلپەرىگە ھەقىقەتەن بىر ئىش بولغانىدى. چۈشتىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىناتتى.

گۈلپەرى بۇ قېتىم ھەقىقەتەن تىرىشتى. ئىمتىھانلارغىمۇ ھەرھالدا هاردىم ـ تالدىم دېمەي تەييارلىق قىلدى. ئالىممۇ بۇ مەزگىلدە ئۇنى ئانچە كۆپ ئىزدەپ كەلمىدى. بىرنەچچە قېتىم گۈلپەرىنىڭ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان يېرىگە بېرىپ ئۇنى كۆپتىن ـ كۆپ ئىلھاملاندۇردى. نۇرغۇن ئارامبەخش گەپلەرنى قىلدى. گۈلپەرى بۇنىڭدىن خېلى خۇش بولۇپ قالدى. ئادەمگە شۇنچىلىك گەپلەرنى قىلىپ بەرگۈدەك كىشىمۇ كېرەك ـ تە.

شۇنداق قىلىپ جاننى ئالغۇر ئىمتىھانمۇ ئاخىرلاشتى. گۈلپەرىگە كۆپلىگەن ئىمتىھان قاتناشقۇچىلارغا ئوخشاش ئىمتىھاننى خېلىلا ياخشى بەرگەندەك تۇيۇلاتتى. تونۇگۈن كەچكىچە ئاشۇ تۇيغۇنىڭ كۆچىدە كۆڭلىنى توق تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، بۈگۈن سەھەردە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا كۆچلۈك ساراسىمىنىڭ ئىلكىدە قالدى. تۆۋەن نەتىجە ئەندىشىسى ئۇنىڭ روھىنى بىراقلا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆزىنىڭ دەل نەتىجە ئېلان قىلىنىدىغان كۈنى مۇنداق ئۈمىدسىز خىيالغا پېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نېمىشقا مۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش نومۇر سىزىقىغا توشقان ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا كىرەلمەيدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ بارلىق خىياللىرىغا ئارىلىشىشقا ياكى ئۇنى

باشقا خىيال قىلىشقا يول قويماسلىقا ئۇرۇناتتى. ئۇ ھەرقانچە تىرىشىپمۇ بۇ خىيالدىن قۇتۇلالمىدى. دىققىتىنى باشقا نەرسىگە مەركەزلەشتۈرمەكچى بولسىمۇ، ئۆزىمۇ تۇيماي بارلىق پىكرى ئاشۇ ئۈمىدسىز خىيال تورىغا ئىلىنىپ قالاتتى.

ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپمۇ شۇ خىياللاردىن خالىي بولالمىدى. ھەممە نەرسىگە زېرىكىش تۇيغۇسى ئىچىدە پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قوياتتى. يا بۇ بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بېشارىتىمىكىن؟ راستىلا تالىنالماي قالارمىكىن؟ شۇنداق بولۇپ قالسا... ئۇنىڭغا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى. تىزىملىكتە ئۇنىڭ ئىسمى بولمايدىغانلا بولسا... بولدى، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى، روھىي يۆلەكلىرى ھەم ئۆزىنى بەزلەشلىرى... ھەممىسى تۈگەيدۇ. شۇنچە يىل ئوقۇپمۇ... يەنە باشقا ئىشلارمۇ تۇرۇپتۇ. ئۇ تەرەپلەرنى ئويلاشقا گۈلپەرى پېتىنالمايلا قالدى.

مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەر - بۇ يەردە توپلىشىۋېلىپ مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئالدىراپ قېلىپ باللىرى بىلەن تەڭ مەكتەپكە كېلىپ، تىتىلداپ يۈرگەن ئاتا - ئانىلارمۇ خېلى بار ئىدى.

گۈلپەرىنىڭ يۈركى مۇجۇلۇپ بىرەر تويۇقا قوشۇلۇپ پاراڭغا ئارىلىشىشتىن قورقتى.

ۋاقىت توشتى.

ھەممەيلەن سىنىپقا مېڭىشتى. كۆزلەر ئىشىككە تەلمۈرۈشەتتى. مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. قولىدا ئىككى

ۋاراق قەغەز. مۇشۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە بىر خىل تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى سانلار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشۇ ئىككى ۋاراق قەغەزگە تىكىلگەن كۆزلىرىدە ئۈمىد، ئەنسىرەش، ساراسىمە، پەرۋاسىزلىق...

مۇئەللىم ھەممەيلەننىڭ نومۇرىنى ۋە ئالدىنقى يىللاردىكى نومۇر سىزىقىنى تەھلىل قىلىپ يەكۈنلەپ چىققان بۇ يىلقى تەخمىنىي نومۇر سىزىقىنى، بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىك قاراشلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

«گۈلپەرى يوق!»

ئۇ لاسسىدە بولۇپ قالدى. «ئەتىگەن كۆڭلۈممۇ تۇيۇپتىكەن. نېمە دەپمۇ كەلدىم...» ئۇ بەكمۇ روھسىز شىۋىرلايتتى.

مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ئالغان نومۇرى ئالدىنقى يىلدىكى نومۇر سىزىقىدىنمۇ 11 نومۇر كەملەپ قالغانىدى. ئەمما، «بۇ يىلقى نومۇر چېكى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ» دەۋاتسا. ئوقۇتقۇچىنىڭ مۆلچەرىچە، بۇ قېتىم گۈلپەرىنىڭ 21 نومۇرى كەملەپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

مۇشۇ 21 نومۇر ئۇنى قانداق تەقدىرگە دۇچار قىلار؟ ئەسلىي ھايات يولى قانداقكىن؟ ئەمدى قانداق بولاركىن؟

ھەممەيلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. خۇشال ۋارقىراشلار، ئۇھسىنىشلار، ئۆكسۈشلەر...

گۈلپەرى سىنىپتا ئېغىر غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغىسىمۇ كەلمىدى، ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدى، ئويلاشنىمۇ خالىمىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا نۇرى خىرەلىشىپ قالغاندەك بولغان كۆزلىرى

سىنىپنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىگە تىكىلىپ قالغانىدى. تامدىكى ئاشۇ غۇۋا مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: خەرىتە، ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى، چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان رۇبائىيلار، جازىسى چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ماي بوياق رەسمى... تەقدىرنامە...

تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان ئۈمىد — ئادەم ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغاندا پەيدا بولىدىغان، پەقەت شۇ ئادەمنىڭ يېگانە ئارزۇسىغىلا ماس كېلىدىغان ئۈمىد بىلەن ئۇ سىنىپتىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ مەكتەپ ئۈچۈن نۇرغۇن شان - شەرەپلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى. بايىقى تەقدىرنامىمۇ شۇغۇ. گۈلپەرى ناخشا مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشىپ ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغاندا، مەكتەپ سىنىپنى ئاشۇ تەقدىرنامە بىلەن تەقدىرلىگەنغۇ. ئەمدى بۇلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەمدۇ؟ راست، ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى.

شۇنداق، ئۇ نۇرغۇن يېلىنغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى. سىنىپ مۇدىرى قاتارلىقلار: «ئامال يوق، ئۇكام، سىزنىڭ ئۇ تەرەپلىرىڭىزنى ئۇنتۇمىدۇق. لېكىن بۇ بەك چىڭ يېرى كۆپ ئىش. ئوقۇغۇچىلارغا نومۇر قوشۇشتا دۆلەتنىڭ مەخسۇس بەلگىلىمىسى بار. ئۇنى ئۆز ئالدىمىزغا بېكىتەلمەيمىز» دېيىشتى ۋە ھېسداشلىق قىلىشتى. لېكىن مۇنداق چاغدا ھېسداشلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ تەسەللىچۇ؟

ئەمەلىيەتتە، تەسەللى بەزى چاغلاردا ئادەم ئالداش بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. چىرايلىق گەپ بىلەن سىڭىنىڭ كۆڭلۈڭنى ياسايدۇ، يوق باھانىلەر بىلەن ئۆزۈڭنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشقا قىستايدۇ، ئاخىرى بېرىپ شۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئىشەندۈرۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

گۈلپەرى سولىشىپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئاخىرلاشقاندەك، تۈگىگەندەك، ئەمدى قايتا مۇمكىن بولمايدىغاندەك، مۇشۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ، سەنئەت دېگەنلەر كەلمەسكە كەتكەندەك بىلىندى.

— گۈلپەرى، مەن ئۆتۈپتىمەن!

تۇيۇقسىز چىققان ھاياجانلىق ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلگەن ئامىنە ئېغىر - ئېغىر ھاسىرىغىنىچە ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

— مەن ئۆتۈپتىمەن!!

ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالمىغان ئامىنە خۇشاللىقىدىن يىغلىۋەتتى. ئىنسان مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭ يىغىسىمۇ ئوخشىماشىدۇ. مانا، گۈلپەرى ئازابتىن پۇچىلىنىپ يىغلاۋاتسا، ئامىنە شادلىقتىن قىنىغا پاتماي يىغلاۋاتىدۇ.

— گۈلپەرى، مەن ئاخىر ئۆتۈپتىمەن. مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە، بىرىنچى قارارلىق تولۇق كۇرس نومۇرىدىنمۇ يىگىرمە نەچچە نومۇر ئاشۇرۇپتىمەن. مۇئەللىم «ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىڭىزدا گەپ يوق» دەيدۇ.

گەرچە گۈلپەرى «مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشكە شۇنچە

تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئۇ گەپنى ئېغىزىدىن پەقەت چىقىرالمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن لېۋىنى ئەلەم بىلەن چىڭ چىشلىدى.

شۇندىلا ئامىنە گۈلپەرىنىڭ ئەلەملىك چىرايىغا دىققەت قىلدى ۋە سەل پەسكويغا چۈشۈپ سورىدى:

— سىزچۇ؟ قانچە نومۇر ئېلىپسىز؟

گۈلپەرى قىينىلىپ ئولتۇرمايلا ئۇدۇللا ئېيتتى:

— مەن يەنە ئۆتەلمەپتىمەن. نومۇرۇم تۆۋەن ئىكەن. بولۇپمۇ ماتېماتىكا نومۇرۇم توشمايدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى؟ — ئامىنە نېمىلا دېسە بىئەپ بولىدىغاندەك ھېس قىلىپ بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. ئاندىن، — خوش، گۈلپەرى، مەن ماڭاي. بۇ خەۋەرنى ئاتاملارغا تېزرەك يەتكۈزەي...

ئامىنە كەتتى. شۇ تاپتا ئۆيىدە ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىك خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەتتى.

گۈلپەرىچۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ ئائىلىسىدە ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدىغۇ! لېكىن ئۇلارغا يەتكۈزۈلىدىغان خۇش خەۋەر يوق، بەلكى كۆڭۈلسىزلىك بار، ئۇلارغا تولىمۇ تەستە يەتكۈزۈلىدىغان شۇم خەۋەر بار!

ئۇ يېشىنى توختىتىشقا تىرىشىپ خېلىغىچە تۇرۇپ كەتتى. ئەمما، بۇ مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىدىن ئۇنى ئازابقا

باشلايدىغان ئەسلىمىلەر چىقىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئۇنىڭ مەكتەپتە تۇرغۇسى كەلمىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۆيگە قايسى يۈزى بىلەن بېرىشى كېرەك؟ ئەتىگەندىمۇ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ نەتىجىسىنىڭ توۋەن چىقىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىدەك ئەندىشىسىنى ئاپىسىغا دېمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپىسى كوچىلاپ سوراۋەرسە، شۇ چاغدىكى ئەندىشىلىرى ئاشكارىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بەربىر غۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەردى. ئۆيگە بارمايمۇ مۇمكىن ئەمەس. نېمىلا بولسا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ بارغىنى ياخشى. ئاپىسىنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان.

— پاھ...

يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتكەن بىرەيلەننىڭ بۇ شىۋىرلىشى بىلەن ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئويلاپ كەتتى: «چىرايلىقمىشمەن، قۇرۇپ كەتسۇن مۇنداق چىراي. ئەسقاتمايدىغان، ئادەمگە يۈك بولىدىغان نەرسە. ئۇنداق بولمىسا مۇشۇ چىرايلىق ھۆسن - جامالىم، ئېسىل ئاۋازىم، تەسىرلىك ناخشىلىرىم 21 نومۇرغا ئۆتمەسمىدى؟ نۇرغۇنلار ھەۋەس قىلىدىغان بۇ نەرسىلەر 21 نومۇرغىمۇ يارىمىدىغۇ؟ ئادەم دېگەن شۇنداق نېمىكەن. سەن پەقەت مەلۇم نۇقتىدىلا ئەتىۋارلىق...»

ئۇ ئىختىيارسىز قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغدا ھاۋانىڭ ئىسسىقى يانغان، يەرنىڭ تەپتى ئاجىزلىغانىدى. گۈلپەرى ئازراق ماڭغاندىن كېيىن قۇلۇپلاقلىق پېتى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا مۆگدىنىپ تۇرغان مېھرى ئىسسىق دەرۋازىغا سېغىنىش بىلەن قاراپ قويدى. ئەمما، ھېلىقى ئېسىل بوۋاي بۇ يەردىن تاغ باغرىدىكى كەنتكە كۆچۈپ كەتكىلى بىر ئايدەك بولغان ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ قەبرىسىگە قاراپ كەتتى.

## يەتتىنچى باب

## سۆيگۈ ھىيلىسى

شۇ تاپتا يېقىنلا ئەتراپتىكى بىر ياتاقتا يۈرىكى مۇھەببەت ۋە قەبىھلىكتىن غەيرىي سوقۇۋاتقان ئالىم ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن جىددىي كېڭىشىۋاتاتتى.

— گەپ ئوچۇق، — دېدى ئالىم بارغانچە قىزىشىپ مەيدىسىگە ئۇرۇۋاتقان ئويۇنخۇمار ئۈچ ئاغىنىسىگە، — مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنى دەپ قانداق ھالدا يۈرۈۋاتقانلىقىم سىلەرگىمۇ ئايان. ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. ئۇنى پەقەت قورقۇتۇپ قويساڭلارلا بولىدۇ. ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا، ھەتتا قىلچىلىك زەخىملەندۈرۈپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەن...

بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— «مەن قۇتقۇزۇۋالىمەن» دېگىن خۇددى كىنولاردىكىدەك ـ ھە! ھىندىستان كىنولىرىدا شۇنداققۇ؟ گۈزەل قىزنى لۈكچەكلەر بوزەك قىلماقچى

بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قاراپ تۇرغاندەكلا بىر يىگىت قەھرىمانلارچە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىدەك نەچچە يىگىتنى يەر چىشلىتىپ قىزنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە ئاخىرى قىزنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ.

— ئۇنداق ئىشنى كىنولاردا تولا كۆرۈۋەرگەچكىمۇ بۇنداق ياسالما ۋەقەلەرگە كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

باشقىلار كۈلۈپ كەتتى، لېكىن ئالىم ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى ۋە:

— كىنودىكىدەك بولسا نېمە بوپتۇ؟ خەق قانداق ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن، لېكىن نەتىجىسىمۇ كىنودىكىدەك بولسۇن. بۇنىڭدىن باشقا نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىسىلدايدىغان بولساڭلار... مەقسىتىمنى چۈشەنگەن بولساڭلار بولدى، — دېدى. ئاندىن يەنە بايىقى جىددىيلىكى ۋە ئەستايىدىللىقى بىلەن ھېلىقى چاقچاق قىلغان ئاغىنىسىگە:

— بولۇپمۇ سەن مۇھىم رول ئوينايسەن. سەن قورقما، قىلچە چاندۇرماي بىلىكىمگە پىچاق سېلىپ تىلىۋەت، لېكىن دىققەت قىلىپراق بىر ئىش قىل، بەك چوڭقۇر تىلىۋەتمىسۇن، — دېدى.

— ئاداش، — دېدى ئۇ ئاغىنىسى، — بۇ تەلىپىڭ بولمىدى، قانداقمۇ سېنىڭ قولۇڭغا پىچاق سالالايمەن؟ قولۇم بارمايدۇ جۇمۇ.

— قويە بۇنداق گېپىڭنى، گۈلپەرىگە ئېرىشمەمەن دەيدىكەنمەن، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، چاندۇرماڭلار.

— چاتاق يوق.

— بىزگە قىلغان ياردەملىرىڭنى ئۇنتۇمىدۇق، ئاداش...

ئاغىنىلىرى ئالىمغا چوڭ ۋەدىلەرنى بېرىشتى. يەنىلا كۆڭلى تىنمىغان ئالىم يەنە جېكىلىدى:

— ئازراق مۇشتلاشماي بولمايدۇ، قاتتىقراق تېگىپ كەتسە ھەرقايسىمىز خاپا بولۇشمايلى، چىرايىغا ئۇرۇشقا بولمايدۇ...

ئالىمنىڭ گېپى تۈگىمەستىن بىرەيلەن چاقچاق قىلدى:

— ئالاھىدە بۇيرۇق: ساڭا كۆپرەك يول قويىمىز ـ دە.

— ئەمدى ھەقىقىي كىنوغا ئوخشىدى.

ھەممىسى كۈلۈشتى. ئالىم تۇرۇپ ئىككىلەنگەندەك بولدى، تۇرۇپ كەسكىنلەشتى، تۇرۇپ بۇ ئىشىدىن نەپرەتلىنەتتى. لېكىن يەنە دەرھاللا: «مېنىڭ يامان غەرىزىم يوققۇ، بار دېيىلسە ئۇنى ئۈلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە مەدەت بېرەتتى.

ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. گۈگۈم پەردىسى سۈس يېيىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈردى:

— مېڭىڭلار، قارايراق ئىش قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، ئوڭۇشلۇق بولسۇن...

بۇ چاغدا گۈلپەرى ئاتىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

بايا سىنىپتا، يولدا گۈلپەرى ئاران بېسىپ كەلگەن ئەلەملىك ھېسسىياتى دادىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا

يۈكۈنۈشى بىلەنلا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بارلىق تاقەتلىرىنى يىمىرىپ تاشلىدى. بارغانچە كۈچىيىۋاتقان ئەلەم، خورلۇق، نومۇس ئۇنى يۈكلەپ ھالسىرىتىپ قويدى. ئۇ «دادا، دادا...» دەپ كۈچسىز، دەرمانسىز، پاناھلىق بىلەن شىۋىرلاپ، بىخلىنالمىغان ئارزۇلىرىنى خىجىل قىلدى. لېكىن، بۇ خىل نالەشلەر، بۇ يەردىكى كۆز يېشى ھېچنېمىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، ھەركىم ئۆز قەلبى، ئاجىز يۈرىكى، تۇغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن تۇيغۇسى بىلەن ياراتقان تەقدىرى ھەسرەتلىرى بىلەن تەڭ تۇگمەيدۇ. بەلكى ئاشۇ يۈرەك، ئاشۇ تۇيغۇدا مىنۇت ـ سائەتلىك ئۆزگىرىشنى كۈتۈپ ياتىدۇ. ھالبۇكى، ئادەم ئارزۇلىرى ئالدىدا مۇشۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغىنىدا كۆز يېشى ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە، ھەسرەتلىنىش ئارقىلىق مەلۇم ئۈمىد ئىزدەشكە، چوڭقۇر قايغۇغا چۆمۈش ئارقىلىق ئۆكۈنۈش ۋە ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. «تىز پۈكۈش» دېگەن نەرسىلەر كىشى ئۈچۈن ئارتۇقچە، بىمەنە، ھەتتا مەۋجۇتسىز نەرسە.

گۈلپەرى كۆڭلىگە پۈككەن بارلىق ئۈمىد ـ تىلەكلىرىنىڭ ئەمدى باشقىچە بىر تەرزدە تۇرمۇشىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، بولۇپمۇ ھەممە ئادەم ئەتىۋارلاپ پەيدا قىلىپ قويغان مەغرۇر غۇرۇرىنى نەگە قويۇشنى بىلمىگىنىدە، ھەتتا مۇشۇ يەردىلا جىممىدە ئۆلۈپ كېتىشنى ئارمان قىلدى. ئۇنىڭ ھەربىر تامچە كۆز يېشىدا ئاتىسىغا يۈز كېلەلمەسلىك، ئۆزىدىن كۈتكەن

ئۈمىدلەرنى ئاقلىيالماسلىق، گۈزەل تىلەكلىرىنى ئادا قىلالماسلىق، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىدىن نەپرەتلىنىش ۋە پۇشايمان قىلىش ئايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاق ۋە سۇزۇك يۈزىگە ئىز بېسىپ سىرغىۋاتقان ياشلىرى ئۇنىڭ ئازاب ھەم نومۇسلىنىشقا تولغان خىياللىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇراتتى.

ئۇ دەرد - ئەلەمگە تولغان قەلبى بىلەن ئىچىنىشلىق نالە قىلاتتى: «ئاھ، ئاتا، قىزىڭ يەنە سىنىڭ ئۈمىدىڭنى ئاقلىيالمىدى. بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قەبرە بېشىدا نالە قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كەچۈر، ئاتا! مەن سېنىڭ روھىڭنى خۇش قىلالمىدىم، ئاپامغا قالدۇرغان ۋەسىيىتىڭنى ئادا قىلالمىدىم. ئاپامنىڭ دەردلىك قەلبىگە ئەمىنلىك بېرەلمىدىم. كۆلپەت باسقان چېھرىگە شادلىق ئىزنالىرى سالالمىدىم. تارتقان جاپالىرىڭلارغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرالمىدىم... ئاتا، مەن مۇشۇنداق يارامسىز، بولۇمسىز ئادەم بولۇپ قاپتىمەن. مېنىڭ ئەقلىم ھەقىقەتەن ئاجىز ئىكەن، شۇنچە تىرىشساممۇ دەرسلەرنى بىلەلمەيدىكەنمەن... مەن شۇنچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. زادى قانداق ئىشكەن بۇ؟ ئاتا، كۆرۈۋاتقانسەن، شۇ تاپتا قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن، ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنچىلىك ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمەن؟ ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئاھ، ئاتا، مەندەك بىچارە قىزىڭ ئەمدى

قاچانغۇچە مۇشۇنداق ئازابلىنىپ يۈرەر؟ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلارمەن؟...»

ئۇ كۆلپەتلىك، ئازابلىق خىياللىرىدىن ئېغىرلاشقان، گاراڭلاشقان بېشىنى كۆتۈرگىنىدە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى.

گۈلپەرى بايىقى مۈرەككەپ خىياللىرىنىڭ قالدۇقىدىن سەل تۇرۇپ قالدى ـ يۇ، دەرھاللا قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. يىراقتا شەھەرنىڭ كوچا چىراغلىرى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تارقىتىش مۇنارىدىكى قىزىل چىراغ ئۇنىڭ كۆڭلىنى جايىغا چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا جۈرئەت ئاتا قىلغان بولسا، كۆز ئالدىدىكى قەبرىستانلىقتىكى قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ تىترىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى. قەبرىستانلىق دېگەن كۈندۈزى ئادەمدە سېغىنىش ۋە يېقىنلىق پەيدا قىلغان بىلەن كېچىسى سۈر پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، گۈلپەرىدە قاراڭغۇدىلا ئەمەس، كۈندۈزدىمۇ پەيدا بولغان ۋەھىمىلىك خىياللار شۇ تاپتا ئۇنى بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلدۇردى.

ئۇ قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن چوڭ يولغا چاققانراق چىقىۋېلىش ئۈيىدا ئىتتىرلىقنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن قەبرىدىن ئەمدىلا ئايلىنىپ، ئىتتىرلىقنىڭ قىرىغا دەسسەپلا «ئاپا...» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئەرۋاھ كەبى غۇۋا ئۈچ سىما ئۇنىڭ ئالدىدا چوقچىيىپ

تۇراتتى. بىرپەس ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان گۈلپەرى ئۇلارنىڭ قولىدىكى چوغى قىزىرىپ تۇرغان تاماكىلارنى كۆرۈپ ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى ـ يۇ، قاتتىق چۆچۈدى.

«لۈكچەكلەر!» بۇ خىيال بىلەن گۈلپەرىگە بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق تىترەك ئولاشتى. ئۇ تەبىئىي قوغدىنىش تۇيغۇسى بىلەن بىرەر قۇتۇلۇش يولى ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى. كەينى قەبرىستانلىق، ئىككى تەرىپى قاراڭغۇلۇققا چۆمۈپ تۇرغان ئېتىزلىق... بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ كەتتى. «ئۇلار نېمە قىلار؟ نېمە قىلماقچى... ھۇ، نىيىتى بۇزۇق ئۆلگۈرلەر...» گۈلپەرىنىڭ كۆزىگە شۇ ھامان ياش ئولاشتى.

— ئەرۋاھىمىكىن دەپ قالاڭ، — گۈلپەرىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ بىرسى سۆز قىلدى، — يۈرىكى كاۋاپداندىكى چوغدەك بولۇپ كەتكەن يىگىتلەر بىز...

گۈلپەرى كەينىگە بىر قەدەم چېكىندى. بىرەيلەن زەھەرخەندىلىك بىلەن خىرقىرىدى:

— تاماشىمىزنى ئۆلۈكلەر كۆرسۇن دەپسىز ـ دە. بوپتۇ، ئارزۇيىڭىز شۇ بولسا...

ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك ھاسىراپ كەتكەن گۈلپەرى ۋارقىرىغاندەك قىلدى:

— ئاغزىڭنى يۇم!

— ئۇنداق دېمەڭ، گۈزەل قىز، قان تولغان يۈرىكىمدەك قىپقىزىل لەۋلىرىڭىزنى ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئاغزىمنى ئاچمىسام بولمايدۇ.

— ئەبلەخ!
چەتتە تۈرغىنى مەسخىرىلىك كۈلدى:
— چىرايلىق قىزچاق دېگەن نازلىق كېلىدىغان...
گۈلپەرى غەزەپلىنىپ يەرنى سىيپاشتۇردى. قولىغا يۇمشاق توپىدىن باشقا نەرسە ئۇرۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوغۇلۇپ قالدى:
— لۈكچەكلەر، نومۇسسىزلار!
ئۈچىسى ئالدىغا ئىككى چامدىدى. گۈلپەرى هالسىزلىنىپ مىدىر - سىدىر قىلالمىدى. قورقۇنچتىن ئۇ بارغانچە دەرمانسىزلىنىشقا باشلىدى.
ئوتتۇرىدا تۈرغىنى تاماكىسىنى تاشلاپ گۈلپەرىگە يېقىنلىدى:
— بىزنى هاقارەتلىمەڭ، قىزچاق، كالپۇكىڭىزغا سۆيۈپ قانتىۋېتىمەن هېلى...
بۇ گەپتىن گۈلپەرىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. بارغانچە كۈچىيىۋاتقان قورقۇنچتىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتتى.
گۈلپەرى كەينىگە مېڭىۋېرىپ قەبرىگە تاقىلىپ قالدى. بىردىنلا ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. يا بۇ ئۈچ ئەركەك بىلەن ئېلىشقىلى بولمىسا، يا قېچىپ كەتكىلى بولمىسا... بۇ كەچتە بىرەرىنىڭ بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.
— سىڭلىم، شاشلىق قىلماڭ دەيمەن، بىزنى تولا ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇنىڭدا سىزمۇ بىكارلا بىرمۇنچە ئاۋارە بولىسىز. ئۇنىڭدىن كۆرە...

گۈلپەرىنىڭ ئالدىغا بىرى يېقىنلاپ كەلدى. گۈلپەرى ئەمدى پۈتۈنلەي ئېشەنچىسىنى يوقاتقان بولۇپ، ئىختىيارسىز يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئاكىلار، ئۇنداق قىلماڭلار. مەن بىر ئاجىز قىز، مانا كۆرۈۋاتىسىلەر، ئاتامدىن ئايرىلدىم. ھېلى ئاتامنىڭ قەبرىسىدىن كېلىشىم... ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، سىلەرنىڭمۇ سىڭلىڭلار باردۇ، سىلەرنىڭمۇ...

— ھەي، مۇھەببەت دېگەن باشقا... باشقا ئىشلار باشقا بولىدۇ - دە.

گۈلپەرى ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئەمدى ھەممىسىلا باستۇرۇپ كەلدى. بىرەيلەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى. گۈلپەرى ئاجىزغىنا كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇشقا، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— قۇتقۇزۇڭلار!

لېكىن، بۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئاجىز ئىلتىجاسىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

— تارت قولۇڭنى!

زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلار ۋە زوراۋانلىققا ئۇچرىغۇچى بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بىرنەرسىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە گۈلپەرىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالغاننىڭ يۈزىگە «گاچچىدە» بىر مۇشت تېگىپ، ئۇ ۋاي - ۋايلاپ كەتتى. قالغان ئىككىسى بولسا گۈلپەرىنى قويۇۋېتىپ گۈلپەرىنىڭ «نىجاتچىسى» غا يېپىشتى. بۇ «نىجاتچى» نىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— گۈلپەرى، تېز قېچىڭ.

«ھە، ئالىم!» گۈلپەرى ئالىمنى تونۇپ شادلىنىپ كەتتى. ئۇ دەرھاللا بىر چەتكە بىرىۋالدى، لېكىن تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. مۇشتلىشىش ئەۋجىگە چىقىپ «ۋايجان! ۋايىيەي!» دېگەن ئاۋازلار ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىشقا باشلىدى. گۈلپەرى ئالىمدىن بەك ئەنسىرەپ كەتتى: «ئۇلار ئۈچ ياۋۇز لۈكچەكلەر... ئالىم...»

ئۇلارغا ئالاقزەدە قاراپ تۇرغان گۈلپەرى قايسىسىنىڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي جايىدا تۇرالماي قالدى.

— ۋايجان... !

بۇ تونۇش ئاۋازدىن گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق جىغىلداپ كەتتى. ئۇنىڭچە «قان... چاققان... چاققان قاچ...» دېگەن گەپلەر بولۇپ، ئۈچ گەۋدە دۈپۈرلىشىپ بىر ياققا يۈگۈرۈشۈپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا جىمىپ قالدى.

گۈلپەرى كۆكسىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئارانلا چاقىردى:

— ئالىم...

يەردە ياتقان ئالىم ئىڭرىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرگەن گۈلپەرى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالىمغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە غال - غال تىترىگىنىچە ئالىمنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ كەتتى.

— ئالىم، بىرنېمە بولمىغانسىز؟

— سىزچۇ؟

— ئۇلار سىزنى بەك ئۇرۇۋەتمىگەندۇ؟

— ئۆزىڭىز قانداقراق؟

— مەن... ماڭا ھېچنېمە بولمىدى.

ئۆزىنى خېلى بېسىۋالغان گۈلپەرى تېخىچىلا ئالىمنىڭ قۇچىقىدا تۇرغانلىقىنى سېزىپ ئاستا ئاجرىدى. گۈلپەرىدىن تارقىغان ئۆزگىچە قىزلىق پۇراقتىن مەستخۇش بولغان، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزى تەلمۈرگەن، زارىققان بەدەننىڭ چاپلىشىشىدىن چەكسىز ھۇزۇرغا چۆمۈپ قولىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ئالىم گۈلپەرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجرىلىشى بىلەن ئۇھسىنىپ قويدى.

شۇ ھامان ئالىمنىڭ سەزگۈلىرى نورماللىشىپ قولىدىكى ۋازىلداۋاتقان ئاغرىققا چىدىيالماي قالدى. ئۇ يانچۇقىدىن چاقمىقىنى چىقىرىپ چاقتى.

— ۋايجان!

گۈلپەرى قانغا بويالغان ئالىمنىڭ قولىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى. ئالىمنىڭ بېغىشى خېلىلا چوڭ تىلىنغان بولۇپ، ھېلىمۇ قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. ئالىمنىڭ قولى، ھەتتا كىيىملىرىنىڭ ئالدىمۇ قانغا بويالغانىدى. پىچاق خېلى ئىتتىك چېغى، شۇنداق چوڭقۇر تىلىنغان بولسىمۇ دەسلەپتە ئالىم سەزمىگەنىدى. مانا ئەمدى چىدىغۇسىز ئاغرىتقىلى تۇرۇۋۇدى، چىدىماي ئىچىدە تىللاپ كەتتى: «ئەبلەخلەر، شۇنچە چوڭقۇر تىلىۋېتكىنىنى؟ قاچان ساقىيىدۇ ئەمدى؟ بىر ئىش تاپتىما؟ خەپ، ئەتە كۆرۈشكەندە...»

— ھۇ، ئىپلاسلار، تاش يۈرەكلىكنى ئۇلارنىڭ... قانداقمۇ خەققە پىچاق سالغۇسى كېلىدىغاندۇ، —

گۈلپەرى ئالمىنىڭ يارىلانغان قولىنى ئاۋايلاپقىنە تۇتۇپ شۇنداق دېيىشتى، بۇ گەپ ئالمىغىمۇ دېيىلگەندەك (ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق) ئالما ئۆزىچە باشقىچە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى.

— ئەكېلىڭ، تېڭىپ قوياي،— گۈلپەرى شۇنداق دەپ قول ياغلىقىنى چىقاردى.

— بولدى، بولدى،— ئاغرىقى بارغانچە كۈچىيىۋاتقان ئالما قولىنى ئەپقاچتى،— ئاغرىمايۋاتىدۇ.

لېكىن، گۈلپەرى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئاۋايلاپ تېڭىپ قويدى. گۈلپەرىنىڭ سىپايە ھەرىكەتلىرى ۋە ئالمىنى ئاياشلىرى ئالمىنى ئىللىق مېھىر سېزىمىگە چۈمۈلدۈردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، گۈلپەرىنىڭ غەرەزسىز كۆرسىتىۋاتقان كۆيۈمچانلىقى ئالمىدا «ئاپالىمدەكلا» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار ئىككىسىنىڭلا بايىقى ھېسسىياتلىرى بېسىلىپ ئىككىسى جىمىپ قېلىشتى.

— يۈرۈڭ،— دېدى گۈلپەرى ئالمىنى تارتىپ،— دوختۇرغا بېرىپ، قولىڭىزنى تاڭدۇرايلى.

— بولدى، ئالدى بىلەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي. شۇ تاپتا ئاپىڭىز سىزنى ساقلاپ، ئەنسىرەپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟

ئالما گۈلپەرىدە بىردىنلا پەيدا بولغان سىپايىلىك ۋە كۆيۈنۈشتىن بۇگۈنكى ئىشنىڭ خېلى نەتىجىلىك بولغانلىقىنى بىلىپ كۈلۈمسىرىدى: «قول ئاغرىقى كۆپ

بولسا بىر ئايغا قالماي ساقىيىپ كېتىدۇ، گۈلپەرى قولغا كەلسىلا بولدى.»

ئۇلار بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ چوڭ يولغا چىقتى. گۈلپەرى ئالىمنى يۆلەپ ماشىنىسىغا چىقاردى.

ــ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ ــ گۈلپەرى قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن سورىدى.

ــ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلسەم رابىيە سىز توغرۇلۇق گەپ قىلدى، ئاڭلاپ باشقىچە بولۇپ كەتتىم... سىزنىڭ غۇرۇرىڭىزنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلىمەن. شۇڭا سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم. دەرھال مەكتەپكە باردىم. مەكتەپتە خېلى ئىزدىدىم ۋە ساقلىدىم. سىز يوق. ئۆيىڭىزگە تېلېفون قىلسام تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم يوق. بىر سائەت بۇرۇن ئۆيىڭىزگە كېلىپ بىر كىچىك بالىنى كىرگۈزسەم سىڭلىڭىز ئەمدىلا كەلگەن چېغى، ئەمما يەنىلا سىز يوق ئىكەنسىز. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ قالدىم. ئەندىشە ئىچىدە قالدىم، كۈتتۇم، سىز يەنە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. قورقۇپ قالدىم.

ئالىمنىڭ چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىككە ۋە ئەقىدىگە تولغان سۆزلىرىدىن بارغانچە تەسىرلىنىپ كېتىۋاتقان گۈلپەرى ئۇنىڭ ساق قولىدىن «چىڭگىدە» تۇتۇۋالدى.

ئالىم بولسا ئويلاپ قويغىنى بويىچە سۆزلەۋەردى:

ــ شۇنداق قىلىپ كۆپ ئويلاپ كەتتىم، لېكىن قانچە قىلىپمۇ سىزنىڭ كېتىش ئېھتىماللىقىڭىز بولغان

يەرنى جەزم قىلالمىدىم. يولغا چىقىپ توساتتىنلا سىزنىڭ دائىم ئاتىڭىزنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىدىغانلىقىڭىز يادىمغا يەتتى ۋە: «يا ئاتىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېتىپ، ئىمتىھان ئىشىنى غۇرۇرىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ قالدىمۇ ياكى مۇشۇ ئەتراپتا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرامدۇ؟» دېگەن خىيال پەيدا بولدى. مۇنداق چاغلاردا ئادەم يالغۇزلۇقنى خالاپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەپكە ماڭدىم. ئازراق مېڭىشىمغىلا قۇلىقىمغا بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. كەلسەم... قولىدا پىچاق بار ئىكەن ئەبلەخلەرنىڭ، بولمىسا، تازا بىر ئەدىپىنى بېرەي دېسەم...

گۈلپەرى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ئالىمنى ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكىدەك ھېس قىلدى.

— رەھمەت، ئالىم، — دېدى ھېس - تۇيغۇسىغا يېپيېڭى ھېسسىياتلار قوشۇلۇۋاتقان گۈلپەرى، — سىز مېنى دەپ يارىلاندىڭىز، ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز...

— مۇنداق دەپ مېنى خىجىل قىلماڭ، — دېدى ئالىم يارىلانغان قولىنى تەستە كۆتۈرۈپ گۈلپەرىنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ. گۈلپەرىمۇ ئۇنىڭ قولىنى خېلىغىچە تۇتۇپ تۇردى. گۈلپەرى شۇ تاپتا ھاياجانغا چۆمگەنىدى: «مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىكەن... مەن تېخى كىتابلاردىكى بەزى يىگىتلەرنىڭ ئاشىقلىقىغا، مەشۇقىغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي يۈرۈپتىمەن...»

شۇڭا، ئۇنىڭ ئالىمنىڭ قولىنى داۋالىتىش قارارى باشقىدىن چىڭىدى.

— يۇرۇڭ، ئالدى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ قولىڭىزنى تاڭدۇرۇپ كېلەيلى. ۋاقتىدا دورا قىلىغان ياخشى، — گۇلپەرىنىڭ ئاۋازىغا ھەقىقەتەن كۆيۈمچانلىق سىڭگەنىدى.

— بولدى، سىز ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ، — دېدى ئالىم گۇلپەرىنىڭ مۇرىسىدىن قامالالاپ، — ئاپىڭىزنى ئەنسىرەتمەڭ. ئاپىنىڭ مۇنداق چاغلاردىكى كۆڭلىنى چۈشىنىش كېرەك. سىزنى ئاپىرىپ قويۇپ، دوختۇرخانىغا ئۆزۈملا بېرىۋېرىمەن.

ئالىم پەقەتلا ئۇنىماي قويدى. نېمىشقىدۇر گۇلپەرىنىڭ بۈگۈن ئاخشام ئالىم بىلەن كۆپرەك بىللە بولغۇسى كېلىپ قالغانىدى.

ئۇلار گۇلپەرىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

— ئالىم، سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار، — دېدى گۇلپەرى ئايرىلىش ئالدىدا كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولۇپ.

ئالىم گۇلپەرىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ خېلىغىچە تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— سىز مەڭگۈ رەھمەت ئېيتالمايسىز، — دېدى ۋە مېڭىپ كەتتى. گۇلپەرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. تۇرۇپلا ئۇ باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى ۋە ئالىمنىڭ بايا دېگەن «سىز

مەڭگۈ رەھمەت ئېيتالمايسىز» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ، ئۆزىدە ئاستا ـ ئاستا بىر ئىستەكنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئاپىسىنىڭ تېخىچىلا ئويغاق ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقى يادىغا يېتىپ، ئاپىسىغا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى ئويلىنىپ ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇ گۇناھكارلارچە بېشىنى ئاستا كۆتۈردى ۋە ئاپىسىنىڭ كۆزىدىكى ياش ئىزناسىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئۇيۇشۇپ كەتتى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ، ئانىلىق مېھرىگە تولغان تەلەپپۇز بىلەن: «بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ» دېدى، دېمەك، ئاپىسىمۇ ئۇ ئىشنى ئۇققانىدى.

گۈلپەرى ئارانلا خانىسىغا كىرىپ كەتتى، لېكىن خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى، ئازابلاندى، ئۆزىنىڭ شور پېشانە بولۇپ قالغىنىغا ئۆكۈندى. ئەمما، بۇ ئازابلىق خىياللىرى ئاخىرى بېرىپ ئالىمغا ئالمىشىپ كەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ئۆيگە گۈلنۇر كىرىپ كەلدى. گۈلنۇر خاپا بولۇپ، دومسىيىۋالغان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ گۈلپەرى يەنە ئازابلاندى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ قولىنى تارتىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. كۆزىدىن يەنە ياش تامچىدى. ئاچىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئارانلا تۇرغان گۈلنۇرمۇ يىغلىدى.

— سىز يىغلىماڭ، سىڭلىم، سىز بولسىڭىزمۇ تىرىشىپ ئوقۇڭ.

— سەنمۇ يىغلىساڭ، ئاپاممۇ يىغلىسا، مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئاپام قاچان يىغلىدى؟

— سەن ۋاقتىدا كەلمىگەندىكىن ئاپام ئاممىنە ئاچاشقا تېلېفون ئۇردى، ئاندىن يىغلىدى. سورىسام سەن يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپسەن. لېكىن ئاممىنە ئاچاش ئۆتۈپتۇ. سەن كەچكىچە كەلمىگەندىكىن ئاپام ئىككىمىز ئەنسىرەپ مەكتەپكە باردۇق. خېلى ساقلىساقمۇ سەن يوق. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئاپام بولسا سېنى ئىزدەپ قالدى. سەن نەگە باردىڭ، ئاچا؟

بۇنى ئاڭلىغان گۈلپەرى ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغىنىچە تېخىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

※ ※ ※

گۈلپەرى ئۆيگە كىرىپ كېتىۋىدى، خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئالمىنىڭ قولى دەھشەت ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ۋاي - ۋايلىغىنىچە بۇ يەردىن تېز كەتتى. لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىمىغان ئالىم: «نېمە قىلغىنى ئۇلارنىڭ؟ پىچاقنى شۇنچە تېرەن سالغان بارمۇ؟ نېمە ئازاب بۇ؟ يا مېنىڭدىن دەردىنى چىقىرالماي يۈرگەن بولسا بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ... ۋۇ، گۇيلار، خەپ، بىر دەملىككە كۆرۈشكەندە قانداق ھىيلە ئىشلەتكىنىڭنى بىلىپ قالىدىغان بولسام...» دەپ ئاغرىنىلىرى ئۈستىدىن دادلاپلا كەتتى. جان ئەنە شۇنداق

تاتلىق نەرسە! ساختىلار ئۆچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بەلكىم، بايىقى ئىش تەبىئىي بولۇپ، ئالىم گۈلپەرنى راستىنلا قۇتقۇزۇۋالغان بولسا ئۇ چاغدا قولى بۇنداق ئاغرىمىغان، ناۋادا ئاغرىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭدىن رازىمەنلىك ھېس قىلغان بولارمىدىكىن؟

ئۇنىڭ قولىنىڭ ئاغرىقى كۆچەيگەنسېرى ئۇ قورقۇشقا، ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى: «يارا ھەقىقەتەن ئېغىر ئوخشىمامدۇ؟ ماڭا بىرەر ئىش بولماس ـ ھە؟» شۇنىڭ بىلەن ئالىمنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى. قولىدىكى يارىدىن ئېقىۋاتقان قان ئالللىقاچان توختىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تېمىملاپ ئېقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى تۆت كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىغا كەلگەندە قولىغا سىنچىلاپ قارىدى. قان توختاپ، ياغلىقتىكى قان دېغى قېتىپ قالغانىدى.

ياغلىقنى كۆرۈپ ئالىمنىڭ ۋۇجۇدىغا تاتلىق سېزىم يامرىدى. شۇنىڭ بىلەن بايا گۈلپەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكۆچە ئايرىلغۇسى يوقتەك، بۇنچە بالدۇر ئۆيىگە كىرىپ كېتىشكە كۆزى قىيمايۋاتقاندەك كەينىگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالغان ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىپ ئالىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇ ھامان غەلىبە تۇيغۇسى ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا يامراپ خۇددى ئىممۇنىتېت كۈچى ھاسىل قىلغاندەك ئۇنىڭ ئاغرىقى «شاپپىدە» توختىدى.

ئالىم ئاغىنىلىرىگە چاقىرغۇ قىلدى. ئالىم پىلان

بويچە ئۆزى ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان سورۇنغا بارغاندا ئاغىنىلىرى بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ، خۇددى ئالىمغا: «قانداق؟ بىزنىڭمۇ ساڭا ئەسقاتىدىغان يەرلىرىمىز بارمىكەن؟ بۇگۈن شۇنچە چوڭ ئىشقا تەۋەككۈل قىلىپ، سېنىڭ قىيىن ئىشىڭنى ھەل قىلىشىپ بەردۇق» دېيىشمەكچى بولغاندەك غادىيىشىپ ئولتۇراتتى.

— ئالىم، سېنىڭ غەلىبەڭ ئۈچۈن تەبرىك شارابى ھەم سورۇنغا دېگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن جازا شارابى بېرىمىز، ئەمما بېلىق كۆزى قىلىپ، سېنىڭ دەردىڭدە زارلانغان قىزلارنىڭ ياشلىق كۆزى قىلىپ،— دېدى ساقىي چاي ئىستاكانغا لىققىدە ھاراق قويۇپ.

— مەن رازى!— دەپ توۋلىدى ئالىم خۇشاللىقتىن ھاياجاننى باسالماي. ئۇ ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ بىر يولىلا ئىچىۋەتتى.

— ئالىم بىلەن گۈلپەرى ئۈچۈن!

— ئالىمنىڭ بەختى ئۈچۈن!

— ئالىمنىڭ يېڭى ھۇزۇرى ئۈچۈن!

— ئالىمنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك كۈنلىرىنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەسلىكىنى تىلەيمەن!

— ھەممىمىزگە چىرايلىق قىزلار مەشۇق بولغاي!

شۇنىڭ بىلەن تەبرىك سۆزى ۋە تەبرىك ھاراقلىرى كەينى-كەيندىن ئورۇنلىنىشقا باشلىدى.

— ئاداشلار،— دېدى ئالىم پەيتى كەلگەندە،— مەن

باشتىلا شۇنچە ئەسكەرتكەن، پىچاق بىلەن مۇنداقلا قان چىقىرىپ قويساڭلار بولىدۇ، دېسەم، ماڭا رەسمىيلا پىچاق تىقىپسىلەر.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ پىچاقنى يالغاندىنلا شىلتىپ قويغان، — دېيىشتى ھېلىقى ئۈچىسى چۆچۈشۈپ.

— مۇنداقلا شىلتىپ قويغانغا قان ئېقىپ توختىمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ قاننى ئاران توختاتتىم.

— قان جىق ئاققان بولسا سەل قارىساق بولمايدۇ جۇمۇ، — دېدى بىرەيلەن ئالىمغا كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا.

بۇ گەپلەر بىلەن ئالىمنىڭ قولى يەنە زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلاپ (بايا قىزىقچىلىقتا بىلىنمىگەن چېغى)، ئۇ يەنە قورقۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلدى.

— يا مېنى ئۆلتۈرۈشمەكچىمىدىڭ؟! — دەپ ۋارقىرىدى ئالىم.

ئۇنىڭ بۇ چىراي ئىپادىسىنى ھەممىسى بىلدۇ. ئالىمنىڭ چىرايىنىڭ مۇنداق سەت تۇرۇلۇشى ئۇنىڭ ساراڭلىقىنىڭ تۇتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق چاغدا بىرەرىنىڭ بېشىغا كۆلپەت ياغىدىغانلىقى ئېنىق! شۇڭا ھېلىقى ئۈچىسى قولى تىترىگەنچە تاماكا چېكىشكە باشلىدى ۋە: «ھەي، نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنىمىز، دەپ بۇ ئىشنى قىلىشقا باشقىلاردىن قىزغىنىپ ئوتتۇرىغا چىققاندىمىز؟ مانا ئەمدى ئۇ ياخشى كۆڭلىمىز بېشىمىزغا بالا بولىدىغان بولدى» دېگەن پۇشايمانلىق ئويلارنى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

— ئەمىسە، ئالىم، دەرھال دوختۇرغا بارايلى،— دېدى پىچاق شىلتىگىنى قورققان ھالدا.

— ماڭ، بىللە بارىمىز،— ئالىم شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى،— قالغانلار ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئىككىمىز باشتا بېرىپ باقايلى. بىرەر ئىش بولسا خەۋەر قىلىمىز.

ئۇلار بىردەمدىلا شەھەرلىك دوختۇرخانىغا بېرىشتى.

— چوڭ چاتاق يوق ئىكەن. تېرىسى شىلىنىپ كېتىپتۇ. ياللۇغلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا سۈرتۈپ قويساق بولىدۇ،— دېدى دوختۇر ئالىملارنىڭ شۇنچە جىددىيلەشكىنىنىڭ ئەكسىچە تولىمۇ تەمكىنلىك بىلەن،— لېكىن ياللۇغلىنىپ قالماسلىققا، قاتتىق ھەرىكەت قىلىپ زورۇقۇپ قالماسلىققا دىققەت قىلىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىچاق شىلتىگەننىڭ باياتىدىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئالىمنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى. دوختۇر بىر سېستىرانى چاقىرىپ ئالىمنىڭ قولىغا دورا سۈرتۈپ قويۇشقا، سۈرتىدىغان شۇ دورىدىن ئىككى كۈنلۈك بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار سورۇنغا قايتىشتى.

— چاتاق يوق ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكىلەر ئۇھ دېيىشىپ كېتىشتى، بىرەيلەن چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— ئالىم، جاراھەت ئېغىر كەلدىمۇ ياكى قولۇڭنى تىڭشۇالغان ياغلىق ئېغىر كەلدىمۇ؟

شۇندىلا باشقىلارمۇ ياغلىق ھەققىدە باشقىدىن ئويلىنىپ، مەقسەتنى چۈشىنىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئۇ ياغلىقتا بىر گەپ بار جۇمۇ!

— پۇراپ بېقىڭلار، ياغلىقتىن نازىنىن بىر قىزنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ.

— ئالىم، ياغلىقنى دەپ مېھمانخانىدىن ياتاق ئېچىپ يۈرمە يەنە.

— ياغلىقنىمۇ مۇنچىغا سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇما جۇمۇ!

— ھەي، سەت گەپ قىلماڭلار، ياغلىقتىن مۇھەببەت پۇراۋاتىدۇ.

— كىمنىڭ مۇھەببىتى پۇراۋاتىدۇ؟ ئالىمنىڭمۇ ياكى قىزنىڭمۇ؟

— ئالىمدا مۇھەببەت نېمە ئىش قىلسۇن؟

— ئاغىنىلەر،— دېدى كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ بولغان ئالىم بولۇنۇۋاتقان گەپلەردىن خۇش بولۇپ،— مېنى بىرنەرسە دېسەڭلارمۇ مەيلى. مەن گۈلپەرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن. سىلەر دېگەندەك بۇ ئادەتتىكى ياغلىق ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت! شۇڭا سىلەرگە رەھمەت، بولۇپمۇ بۇ ئۈچ ئاغىنەمگە ئالاھىدە رەھمەت!

بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچىسىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى ۋە ماختانغىلى تۇردى:

— دېگەنبىلەن تازا ئوخشىتىۋەتتۇق.

— ھىندىستان كىنوسىغا ئوخشاش يالغاندىن ئۇرۇشۇپ كەتتۇق.

— كىنودىكىدىنمۇ بەك ئوخشىتىۋەتتۇق، كىنودا چاندۇرۇپ قويىدىكەن.

گەپكە ھېلىقى چاقچاقچى ئارىلاشتى:
— ئالىم ئاداش، كىنوغۇ ئاخىرلىشىدۇ، سېنىڭ گۈلپەرى بىلەن بولغان بۇ كىنويىڭ قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟
— بىزنىڭ كىنويىمىزنىڭ ئىسمى دېگەن «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت».
— ئۇ كىنومۇ ئاخىرلىشىدىغۇ.
بۇ گەپكە باشقىلار قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ئالىم بولسا خۇپسەنلىك بىلەن كۈلۈپ ئولتۇرۇۋەردى.
شۇنىڭ بىلەن قالغانلار بۇ تېمىدىكى چاقچاقنى ئەمدى ئۇرۇن يوقلۇقىنى بىلىپ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراشتى.

※ ※ ※

ئەتىسى ئىمتىھان ئىشى تىلغا ئېلىنمىدى، لېكىن ئاندا قىزنى ئاياش، گۈلپەرىدە نومۇسلىنىش ھېسسىياتى بار ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئېغىر ۋە مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىلكىدە ناشتىغا تەييارلىق قىلىشتى.
بۇرۇن مەكتەپكە ياكى سىرتقا جىددىي مېڭىشتىن بۇرۇن ئاچىسىغا بىرمۇنچە چاقچاق قىلىۋالمىسا ياكى ئاچىسىغا ئەركىلىگەن بولۇپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ جىلە قىلىۋالمىسا پەقەت كۆڭلى ئۇنىمايدىغان گۈلنۇرمۇ چالا - بۇلىلا ناشتا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭمۇ كەيپىياتى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ھالىدىن گۈلپەرىگە گەپ قىلغۇدەك ھالى يوق ئىدى.
گۈلنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ جىممىدە ئايىغىنى كىيدى.

بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلىپ كەتكەن گۈلپەرى چىدىماي سورىدى:

— سىزگە دەم ئېلىش تۇرسا، بۇنداق ئەتىگەن نەگە بارىسىز؟

— بۈگۈن تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى دېيىشىۋاتقان. بېرىپ باقاي،— دېدى گۈلنۇر بېشىنى كۆتۈرمەستىن. بۈگۈن شۇ ئىسىملىك راست ئېلان قىلىنامدۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، گۈلپەرى ۋە ئاپىسى ئۇنى توسۇيالمىدى. گۈلنۇر شۇ ناچار روھىي كەيپىياتى بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

گۈلپەرى ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى: «قارىغاندا، تەقدىرىم مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، ئالىي مەكتەپ دېگەن ماڭا بىر چۈش ئوخشايدۇ. سىڭلىم، سىز بۇنىڭدىن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. بۇنىڭلىق بىلەن سىز تىرىشچانلىقىڭىزنى بوشاشتۇرۇپ قويماڭ. سىز چوقۇم تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىسىز. ئاخىرىدا داڭلىق ئالىي مەكتەپكە بارالايسىز. مەن گەرچە يۇقىرى نومۇر ئالالماي ئائىلىمىزنىڭ يۈزىنى تۆككەن بولسامۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ ياخشى ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاتىدىم. مەن شۇنداق قىلىمەن، سىڭلىم، مەن سىز ئارقىلىق بۇ داغنى يۇيىمەن...»

گۈلپەرى ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغۋار ۋەدىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىكى كۆڭۈل يېرىملىقىنى نېرى قىلالمىدى.

ئۇ ئاستا ئاپىسىغا قارىدى، ئەمما ئاپىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە چۈشكۈن ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇزاق يىل كېسەل دەردىنى تارتقان ئادەمدەك چىرايىنى قايغۇ ـ دەرد قاپلىۋالغانىدى. بۇنى كۆرگەن گۈلپەرى ئۆزىنى زورغا بېسىپ ئاپىسىغا دەرد تۆكۈش نىيىتىدىن ياندى.

ئەسلىدە گۈلپەرى پەرزەنتىنىڭ ئانىغا بولغان تەبىئىي يېقىنلىق تۇيغۇسى تۇپەيلى تۇنۇگۈنكى قوشلاپ كەلگەن كۆڭۈلسىزلىك ۋە خورلۇقلىرىنى تۆكۈپ بەرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئاپىسىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا ئازابلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاخشام ئۇچرىغان خورلۇقىنى غەيرەت بىلەن يۇتۇۋەتتى. لېكىن، خىيالىغا ئالىم كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئازابلىق خىيالى تىت ـ تىتلىقتا ئالماشتى: «ئۇ قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئاخشام دوختۇرغا كۆرۈنگەندىمۇ؟ يارىسى خەتەرلىكتىمۇ؟ ئۇ قانداق چىدىغاندۇ؟...»

ئالىمنىڭ ئوبرازى بىر ئاخشامدىلا گۈلپەرىنىڭ نەزىرىدە بىر قەدەم يۇكسەكلىككە چىقىپ، تۇنجى قېتىم قەلبىدە ئۆزگىچە ئىللىق ئېقىم پەيدا قىلدى: ھەقىقىي مەجنۇن ۋە پىداكار پەرھات!

ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغاندا رابىيە ئىزدەپ كەلدى. بۇ قېتىم گۈلپەرى رابىيەنى كۆرۈپ ئالامەت خۇشال بولۇپ كەتتى. رابىيەنى كۆرۈپ خەلچەممۇ خۇش بولدى. «بەرىبىر بولىدىغان ئىش بولدى. گۈلپەرىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەنمۇ يېشىمنى ئاققۇزۇپ

ئولتۇرسام ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر كەلگۈدەك... لېكىن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئىش يامان دەرد ئىكەن. ئادەم خىيال قىلمىسىمۇ...» خەلچەم باياتىندىن بېرى ئاشۇنداق خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي قىينىلىپ ئولتۇرغانىدى. مانا ئەمدى رابىيە كېلىۋىدى، يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. «بىرەر دوستى بىلەن پاراڭلاشسا، بازار ئايلانسا ياكى كۆڭلى تارتقان جايلارغا بارسا يېنىكلەپ قالار، كۆڭۈلسىزلىكنى ئاززاق بولسىمۇ ئۇنتۇپ كېتەر. بولمىسا، ئىچىگە بەك ئېلىپ كەتسە ياخشى بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ داستىخان راسلاش ئۈچۈن پايپېتەك بولدى.

رابىيەنىڭ تۇرقىدىن بىر گېپى باردەك ئىدى.

— تېخى ئۇقمىغانسىز، — دېدى ئۇ گۈلپەرىگە ئۇزاققىچە ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلىپ، — ئاكام ئاخشام پالاكەتكە ئۇچراپتۇ. ئەتىگەن قارىسام قولى چىڭ تېڭىق. ۋاي - ۋايلاپ ياتىدۇ. «نېمە ئىش بولدى؟» دېسەم، «ئاخشام مەستلەر بىلەن مۇشتلىشىپ قالدىم» دەپلا تۇگەشتى. خېلىلا ئېغىر ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ يەنە سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلدى، بېرىپ باق دېدى. قاراڭ، ئۇ سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىكەن.

رابىيەنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا راستىلا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغاندەك ئىدى. شۇڭا گۈلپەرىمۇ بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— باشقا گېپىڭىزنى قويۇپ چاققان دەڭا، ئەھۋالى قانداقراق؟ نېمە بوپتۇ زادى؟

— قارىغاندا مەستلەر چاتاق چىقارغان ئوخشايدۇ،

چىرايىدا قان يوق. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قان بەك كۆپ ئېقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ گۈلپەرى ئولتۇرالمايلا قالدى. «دېمەك... دېمەك... ئېغىر...»

— بۈگۈن يوقلاپ كېلىشكە چولىڭىز تېگەمدۇ؟ — دېدى رابىيە قايغۇرغان هالدا، — ئاكام خۇش بولۇپ قالسۇن.

گۈلپەرى تارتىنىپ ئولتۇرمايلا ئورنىدىن تۇردى.

— رابىيە قىزىم، چاي تەييار قىلىۋاتاتتىم...

— رەھمەت، خەلچەم ئايلا، بىز سىرتنى ئايلىنىپ كېلەيلى، — دېدى رابىيە ئۆزرە ئېيتىپ.

كوچىدا كىشىلەر ئالدىرىشاتتى، ئەمدى گۈلپەرىنىڭ هايات رىتىمىمۇ مۇشۇ شاۋقۇنلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ هايات تارلىرى قانداق ئاۋاز چىقىرىپ بۇ شاۋقۇنلارغا قوشۇلار؟

رابىيە گۈلپەرىنىڭ ئىمتىھان ئەھۋالىنى ئۇققان بولغاچقا، شۇ گەپ چىقىپ قالمىسۇن، دەپ بىردەم هاۋا رايى ھەققىدە، بىردەم ئاكىسى ھەققىدە، يەنە بىردەم ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئىشلىگۈسى يوقلۇقى ھەققىدە سۆزلەپ ماڭدى، ئەمما بۇنى ئاللىقاچان تۇيغان گۈلپەرى نەچچە تەمشىلىپ، ئاخىرى ئۇ گەپنى دەۋەتتى:

— ئاداش، مەن بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تاس قالدىم. نومۇرۇمنى ئاڭلاپلا ئاخشام كەچكىچە يىغلىدىم. بەك ئېغىر كەلدى. مەكتەپكىمۇ بارالمىدىم.

— بولدى، سۆزلىمەك، — دېدى رابىيە.

— دوست - دۈشمەن ئالدىدا نە نومۇس...

— ھەممىسى ئۆزىمىزدىن، — دېدى رابىيە ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، — ياخشى ئوقۇيالمىدۇق. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئەينى ۋاقىتتا مانا مەنمۇ ئالىي مەكتەپكە بىرىنچى كۆزۈم يەتمەي، دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا بىرىنچۋالدىمغۇ.

گۈلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى.

— لېكىن، مەن تەن بەرمەيمەن، ھەرگىز، — دېدى رابىيە بىردىنلا جاھىللىشىپ، — شۇ چاغدىمۇ مېنى نەتىجىسى تۆۋەن دەپ مەسخىرە قىلغانلارنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمەي قويمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. ھېلىھەم شۇ، بىرەر ئىش سەۋەبلىك مېنى تۆۋەن كۆرگەنلەرنىڭ پۇشايمانلىق يېشىنى ئاققۇزماي قويمايمەن.

گۈلپەرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇ ھەقتە سۆزلەشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداقلا رابىيەنىڭ ئۇنداق سۆزلىگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىنى ھېس قىلدى: «رابىيەگە ئوخشاشلارنىڭ ئەلۋەتتە شۇنداق سۆزلەش ئەركىنلىكى بار. چۈنكى ئۇلار تاغدەك يۆلەنچۈككە ئىگە، قورقمايدۇ. ئەمما مەنچۇ؟ نېمىگە تايىنىپ باشقىلارغا چوڭ سۆزلەيمەن؟ باشقىلارنىڭ كۆڭلۈمنى رەنجىتكىنى ئۈچۈن نېمەم بىلەن ئۇلارنىڭ شۇ قىلىقىغا پۇشايمان قىلدۇرالايمەن؟ ئاھ، بىزدەكلەر نېمانچىمۇ ئامالسىز، بىچارە يارىلىپ قالغاندىمىز؟...»

ئەمما، رابىيە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— سىزمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدىم، دەپ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىسىڭىزمۇ قىلىدىغان ئىش دېگەن جىق.

گۈلپەرى كىچىك كوچىغا كەلگەندە بىرئاز تەمتىرەپ قالدى:

— قانداق كىرەرمەن؟

— كىرىۋېرىڭ، — دېدى رابىيە كۆزلىرىنى شەيتانلىق بىلەن ئوينىتىپ، — ئۆي مۇنداق چوڭ بولىغان بىلەن، كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئۆيدە ئادەم تۇرمايدۇ.

※ ※ ※

ئىشىكتىن خۇشال چىققان ئۇ ئىككى كىشى ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئايرىلىشى بىلەن خۇددى كېلىشىۋالغاندەك‌لا چىرايلىرىدىن نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەشتى. ئۇلار رابىيەلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىشماي ئۆتۈپ كېتىشتى.

ئۇلار ئالىم ئىشلەۋاتقان شىركەتنىڭ مەسئۇلى سالام بىلەن ئىشخانا مۇدىرى سادىق ئىدى.

— ئالىم راستىلا مەستلەر بىلەن ئۇرۇشقاندىمۇ ياكى ئۆزى چىقارغان جېدەلمىدۇ؟ — سورىدى سالام.

— ۋايتاڭ، باشلىق، راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ ئالىم دېگەن بالىنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت چۈشەنمەيمەن. بىر قارىسىڭىز شۇنداق ئوڭ، بىر قارىسىڭىز باشقىچىلا. ئۇنىڭ قاراملىقىنى كۆرسىڭىز ئۇنى بەزىدە

لوكچەكمكىن، دەپ قالىسىز، — دېدى سادىق شىركەت مەسئۇلى سالامنىڭ كەيپىياتىدىكى ئالىمغا بولغان نارازىلىقىنى سېزىۋېلىپ.

— قانداق دەيسىز؟ — سورىدى سالام.

— سىزمۇ بىلىسىز، بەزىدە ئالىم تۇغرۇلۇق بىر قىسىم گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇقۇ. بىر قېتىم مائارىپ ئىدارىسىدىكى مۇھەممەتجان دېگەن دوستۇم ئاغىنىلىرىنى ئېلىپ كېلىۋېدى، بىر ئاشخانىغا ئولتۇرغىلى بارغانىدۇق. ئاشخانىدا ئالىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئالىم مېھمانلارنى كۆرۈپ ماڭا ھەمراھ بولدى. سورۇندا چاقچاقلىقى، گەپدانلىقى بىلەن ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىۋالدى. سورۇننىمۇ قىزىتتى. تېخى سورۇن تارىغاندا «ھېساباتنى مەن قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ مېنى خېلى خۇش قىلغانىدى، لېكىن تونۇغان پىرىيوم بۆلۈمىدىكى مۆمىننىڭ دېيىشىچە، ئالدىنقى يەكشەنبە كونى مۆمىن بىر باغقا يېقىنلىرى بىلەن بىللە بېرىپتىكەن. ئۇ يەردە ئالىملارمۇ بار ئىكەن. ئالىم بىر دوستىغا چاي ئىستاكانىدىلىق بىر ئىستاكان ھاراق تۇتۇپتىكەن، دوستى ئىچمىسە شۇ يەردىلا ئىچمىگەن دوستىنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىپ ھاراقنى بېشىغا قۇيۇۋېتىپتۇدەك. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن مۇشتلاشقان، باشقىلارغا زىيان سالغان ئىشلىرى جىقمىش. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېلىمۇ بىرنەچچە قولاق كەستى بار دەيدۇ. ئالىم پالان دېسە جېنىنى سېلىپ بېرىشتىنمۇ يانمىغۇدەك.

— ئالىمغا مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتىدۇ، — دېدى سالام ئۇھ تارتىپ، — بىرەر ئىشقا بۇيرۇسىڭىز ماشىنىنى ۋاقتىدا ئەكەلمىگەن. شۇنداق جىددىي يىغىنلارغا ۋاقتىدا ئېلىپ بارمىغان. ھە دېسە ماشىنىنى بىسوراق ئېلىپ كەتكەن. قانداق قىلساق بولىدىكىن بۇ بالىنى؟

— ئەمدى، سىز بىرنېمە دېمىسىڭىز، باشلىق...

— ئالىمنى بىرەر چوڭ ئىش چىقىرىپ قويامدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ. خۇيى تۇتۇپ قالغاندا باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ ماشىنىنى قوغلىشىپ ھەيدەپ كەتسە جېنىم چىقىدۇ.

— دېمىسىمۇ، ھازىر قاتناش ۋەقەلىرى جىقلاپ كەتتى. مۇنداق دەپقۇ ئاغزىمنى ئۇششۇتكىنىم ئەمەس...

— مېنىڭچىمۇ ئالىم شوپۇرلۇقنىڭ ماتېرىيالى ئەمەس ئىكەن...

— يا مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنى ئۇزاقراق دەم ئالدۇرۇپ، ئىشقا چۈشكەندە ئىشخانىغا يۆتكىۋالامدۇق؟

— مېنى ئويلىمىدى دەمسىز؟ ئاتىسىنى دەپلا چىداپ تۇرۇۋاتىمەن. ھەي، بىزگىمۇ تەس. ئۇ كاتتا باشلىقلارنىڭ ئاغزىغا قارىمىساق تېخى بولمىغان. كونا شوپۇرلارنىڭ غۇدۇراشلىرىغا تېگىشلىك بىرنېمە دېمىسىڭىز يەنە بولمىغان. بەزىدە بىزدەك ئەمەلدارلار يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا يانجىلىپ كېتىدىغان ئىش ئىكەن.

— ئەمىسە ئۇنى قانداق قىلاي دەيسىز؟

― پۈرسەت كۈتۈۋاتىمەن. پەيتى كېلىپمۇ قالار. ئالدىراپ بىر ئىش قىلىپ قويۇپ شەھەر باشلىقىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويساق بېشىمىزغا بالا بولمىسۇن يەنە.

― سىزنىڭ دېگىنىڭىزمۇ راست.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يەنە ئامالسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان بۇ ئىككى كىشى ئېسىل ماشىنىغا چىققاندا ئالىم توغرۇلۇق قايتا قاقشىمىدى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇنداق ئېسىل ماشىنىدا ئولتۇرۇشتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

※ ※ ※

ئۇلار ھويلىغا كىرىشتى. راست دېگەندەك شۇنچە چوڭ ھويلا ناھايىتى جىمجىت ئىدى.

گۈلپەرى ھەيرانلىقىنى يوشۇرۇپ ھويلىغا تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. چوڭ ھويلىنى يېپىپ تۇرغان ئۈزۈم بارىڭى، نەپىس نەقىشلەنگەن مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئۆيلەر پۈتۈنلەي ئاق گەج بىلەن قاپلانغان بولۇپ، سۇس يورۇقلۇق قايتۇرۇپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى. كاھىش بىلەن قىلىنغان تام ئۈستىگە قويۇلغان ھەر خىل گۈللەر ھويلىغا يەنە بىر خىل ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. سېمونتلانغان ھويلا ئادەمگە بىر خىل پاكىزلىق ۋە ئازادىلىك تۇيغۇسى بېغىشلايتتى. ئۆي تۇنجى كۆرگەن ئادەمگە ھەيۋەتلىك ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈپ ئادەمدە ئەجەبلىنىش ۋە ھەۋەس پەيدا قىلاتتى.

شەرق تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ سېلىنغان كىچىكرەك ئۆيدىن ئالدىغا پەرتۇق تارتقان، قىرىق ياشلاردىكى ئىللىققىنە بىر ئايال چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كەلدىڭىزمۇ؟

رابىيە يېنىك كۇلۇپ باش لىڭشىتىپ قويدى. گۇلپەرى بولسا بىرنەچچە ئېغىز ئەھۋاللاشتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ خىزمەتكار ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى. گۇلپەرى مۇنداق ئىشلارنى ئاڭلاپلا كۆرۈپ باقمىغاچقا سەل ئوڭايسىزلاندى. رابىيە كۈنۈپ كەتكەن چېغى، «چاي ئەكىرسىلە» دەپ قويۇپلا گۇلپەرىنى باشلاپ باشقا بىر ئۆيگە ماڭدى ۋە چۈشەندۈرۈشكە ئۇلگۇردى:

— ئاپامنىڭ قولى سوغۇق سۇغا تىقسا ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا كىر - قات يۇيۇشتا، تاماق ئېتىشتە ئاپامغا ھەمدەمدە بولامدىكىن، دەپ بۇ تۇغقىنىمىزنى ئەكەلدۇق. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەچكە تۇرمۇشمۇ قىيىنچىلىق ئىدى...

كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ياسىداق ئۆيدە ئالىم كارىۋاتتا ياتقىنىچە سىنئالغۇ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ گۇلپەرىنى كۆرۈپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزى چاقناپ كەتكەنىدى.

— ھوي، كېلىڭ، كېلىڭلار!

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ چوڭ چاتاق يوقتۇ؟ — گۇلپەرى ئالىمغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلىپ سورىدى. بۇنىڭدىن ئالىم خېلىلا ھودۇقتى:

— كېرەك يوق. ياخشى بولۇپ كەتتىم. ئاغرىقىممۇ ئانچە بىلىنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— مەن رەيھان ھەدەمگە ياردەملىشەي،— رابىيە شۇنداق دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— يوقلاپ كېلىپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز جۇمۇ،— دېدى ئالىم ئۆزىنى باسالماي.

— مېنى دەپ مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى ئويلىسام... — گۇلپەرى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى،— مەن چوقۇم بۇنى قايتۇرىمەن.

— باشقا گېپىڭىز يوقمۇ؟— دېدى ئالىم خاپا بولغاندەك قىلىپ،— بولدى، ئۇ گەپلەرنى قىلماڭ. مەن سىزگە بۇرۇنلا دېگەن، ئۆلۈپ بەر دېسىڭىزمۇ...

— ئۇنداق دېمەڭ، ئالىم،— دېدى گۇلپەرى كۆزلىرىنى ئالىمدىن ئەپقېچىپ،— قاراڭ، مېنى دەپ ھېلىمۇ كۆپ جەبىر تارتتىڭىز، مەن ئۇنچىلىك قىلىشقا ئەرزىمەيمەن.

— ئۇنداق ئويلىماڭ،— دېدى ئالىم بېشىنى چايقاپ،— سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى تېخىچە چۈشەنمەپسىز. خىجىل بولماي دەۋېرەي، قولۇم سەللا ياخشىلانسا مەن سىزگە يەنە تەلەپ قويىمەن.

گۇلپەرى بۇ گەپتىن ھەم خىجىل بولدى، ھەم تاتلىقلىق ھېس قىلدى ۋە «ۋىلللىدە» قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالىمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ تېڭىلغان قولىنى ئاستا سىلىدى. شۇنىڭغىچە ئالىم ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

ئالىم ھاياجانلاندى. گۇلپەرىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى

ئۇنىڭ قانلىرىنى ئۆركەشلىتىپ، ۋۇجۇدىدىكى ئىسسىق ئېقىم پورۇقلاپ قايناپ كەتكەندەك بولدى. پۈتۈن بەدىنى سۇس تىترەپ قىزىدى.

لېكىن، گۈلپەرى شۇ مېھرىبانلىقى، شۇ ئىللىقلىقى بىلەن جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئالىم بۇنىڭدىن بوشاشتى. ئەمدى ئىككىسىلا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. گۈلپەرىنىڭ ھېسسىياتى قالايمىقانلاشقان، ئالىمنىڭ قايناق ھېسسىياتى ئەندىشىگە تولغان، ئۇنىڭ شۇ تاپتا گۈلپەرىنى بارلىق كۈچى بىلەن قۇچاقلىغۇسى، قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگۈسى كەلدى.

ــ گۈلپەرى، ئەتە ئاخشام بىر كۆرۈشسەك،ــ دېدى ئالىم خېلىغىچە جۇرئەتسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن.

گۈلپەرى ئالىمغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ كەچقۇرۇن ئىشىكىڭىز ئالدىدا ساقلايمەن.

گۈلپەرىنىڭ ئالىمنىڭ تېخىچە قولىغا تىكىلگەن كۆزلىرى ئويناق ۋە چاقناق نۇرلىرى بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئالىم يېنىك تىندى. ئەسلى ئۇ ئاخشامقى ئىشى ئۈچۈن تولىمۇ بىئارام بولغانىدى. «بۇ ئىشىم ئۈچۈن بىر مەزگىللەرگىچە ۋىجدان ئازابى تارتارمەنمۇ؟» دەپ ئەندىشە قىلغان، «بۇ يامانلىقىمنىڭ جازاسىنى تارتىپ قالارمەنمۇ؟» دەپ قورققانىدى. نېمىشقىكىن، ئۆز ـ ئۆزىنى «مۇھەببەت ئۈچۈن» دەپ ھەرقانچە ئاقلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى قايىل قىلالمىغان، ئەكسىچە ئۇ

ئىشىنىڭ يامانلىقى ئۇنىڭ ھەربىر خىيالىدا باشقىچە شەكىللەردە قىياسەن پەيدا بولۇپ ئۇنى بەكمۇ قىيىنىدى. شۇنداقلا ئاخشامقى بىرپەس ساختىلىقنىڭ قىزىقچىلىقى تۇگىگەندە گۈلپەرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەي قىينالدى.

مانا ئەمدى بىلدىكى، ئاخشامقى ئىش ئۇنىڭ ئۇچۇن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغان. گۈلپەرىنىڭ بارلىق ھېسسىياتىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشقان. ئالىم بۇلارنى گۈلپەرى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى دەسلەپكى مىنۇتتىلا گۈلپەرىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات مۇجەسسەملەنگەن سېھىرلىك كۆز نۇرلىرىدىنلا بايقىۋالغانىدى. شۇنداقلا ئۇ: «نېمىلا بولسۇن، ئەمدى گۈلپەرىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھېچبولمىسا، ئۇ ماڭا قاراپ بىر قەدەم چامدىدى» دەپ پەرەز قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ بىر قەدەمنىڭ ئەھمىيىتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردا ئوينايدىغان رولى خېلىلا چوڭ. ئالىم بىردەمدىلا بۇلارنى خېلى چوڭقۇر ئويلاپ يەتتى.

ئۇلارنىڭ قېشىغا رابىيە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇلار ئىككىسىگە سىرلىق قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— تاماق تەييار بولدى. ئالاھىدە تاماق، — دېدى. رابىيەنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتقان بۇ سۆزىدىن گۈلپەرى سەل خىجىل بولۇپ قالدى:

— سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ...

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بەك قورۇنۇپ كېتىپسىز - ھە، — دېدى رابىيە

گۈلپەرىنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ،— دائىملا مۇشۇنداق ئۆي بۇ! ئاۋارىچىلىك دېگەن مەۋجۇت ئەمەس. مېھمان ئۆكسۈمەيدۇ.

— ھېچقايسىسى سىزدەك ئەتىۋارلىق ئەمەس،— دېدى ئالىم ھېسسىياتىنى چاقچاققا ئارىلاشتۇرۇپ.

— بىزدىنمۇ قىممەتلىك مېھمانلار باردۇ؟— دېدى خېلى ئەركىنلىشىپ قالغان گۈلپەرى.

— ھازىرچە يوق.

رابىيە ئالىمنى بوش ئىتتىرىپ قويدى.

ئۇلار ئېسىل رېستورانلاردىكى ئايرىمخانىلاردەك زىننەتلەنگەن تاماقخانىغا كىرگەندە پۈتۈن خانىنى مەززىلىك پۇراق بىر ئالغانىدى...

ئۇلار يولدا كېلىۋاتقاندا رابىيە گەپ كوچىلاپ تىنمىدى. ئۇنىڭدا ھەممە نېمىنى بىلگۈسى كېلىدىغاندەك بىر مىجەز بار ئىدى.

— ئاكام سىزگە نېمە دېدى؟ دەڭە، يەنە تەلەپ قويدىمۇ؟

— رابىيە، ئەجەب گەپلەرنى قىلىسىز. قاراڭ، خەق قاراۋاتىدۇ.

— باشقىلار بىلەن چاتىقىمىز نېمە؟ ئەيىبىمىز يوق بىزنىڭ، گۈلپەرى، سىزمۇ بىلىسىز يا بىلگەنسىز. بوش ئائىلىلەردىن ئەمەس جۇمۇ بۇ! «ياق» دەۋېتىپ كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماڭ يەنە.

— مېنى مەجبۇرلاپ نېمە قىلىسىز؟— دېدى گۈلپەرى كەسكىنرەك تەلەپپۇزدا.

— مەندىن يوشۇرماڭ، — دېدى رابىيە شەيتانلىق بىلەن، — كۆزۈمدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، سىز مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىڭىزدە باشقىچە ھېسسىيات يوق دېيەلەمسىز؟ خىيالىڭىغا ھېچكىم كىرمەيدۇ دېيەلەمسىز؟ ھېچنېمىگە ئىنتىلمەمسىز؟ كۆڭلىڭىز بۆلۈنمەمدۇ؟...

گۈلپەرى كۈلۈپ كەتتى:

— بولدى، بولدى، رابىيە، كۆڭلۈمدىكىنى دەي. ھازىر مەن ئالدى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىمنى ئويلىشىۋالاي.

— ۋاي ساراڭ، — دېدى رابىيە خۇددى ساددا گۆدەكلەرگە قارىغاندەك گۈلپەرىگە تىكىلىپ، — شەھەر باشلىقىنىڭ كېلىنى بولسىڭىز ئوقۇشتىن، خىزمەتتىن غەم قىلىش بىھاجەت.

— بۇنداقلا دەپ كەتسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى گۈلپەرى ۋە گەپنىڭ چوڭقۇرلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن گەپنى بۇرۇۋەتتى، — ئۆيىڭىز چوڭ ھەم بەك ئېسىل ئىكەن.

گۈلپەرى ھەرقانچە گەپ بۇراپ باقاي دېسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خۇشيېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

خوشلاشقاندىمۇ رابىيە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ، گۈلپەرىگە خىزمەت ئىشلىگەن بولدى.

※ ※ ※

گۈلپەرى ئۆيىگە قايتىۋېتىپ يەنە خىيالغا پاتتى. بولۇپمۇ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىش ئۇنىڭ

بېشىنى بەك قاتوردى. يەنە تەكرار ئوقۇشتىن رايى قايتتى. شۇڭا ئۇ تونۇشلىرى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ بىرەر خىزمەت تېپىپ ئىشلەشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقى بار؟ بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇ. تېخى خىزمەت تېپىلامدۇ، يوق؟ بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. بۇ — ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن زۆرۈر پىلان ئىدى. چۈنكى، ئائىلىدە بىكار ياشاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ ــ دە. ئۇنداق دېمىگەندىمۇ، ئەل بىلەن تەڭ ياشاش كېرەك.

ئەتىسى ئۇ ئاخشامدىكى ئۈچرىشىش ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. ئالىمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى ئېنىق. گۈلپەرى ئۆزىنىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھازىر ئالىم بۇرۇنقى ئالىم ئەمەس. گۈلپەرى ئۆزىمۇ ئىقرار: گۈلپەرىدىكى بارلىق ئىللىق تۇيغۇلاردا، قايناق سەزگۈلەردە ئالىم مەۋجۇت. گۈلپەرى بۇلارنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بۇنىڭ ھەرگىز ھېلىقى ئاخشامقى قۇتقۇزۇۋېلىش سەۋەبىدىنلا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ھەر قايسى تەرەپلەردىن يار ـ يۆلەكتە بولۇپ كېلىۋاتقان شاپائەتچىسىگە نىسبەتەن گۈلپەرىدە ھۆرمەتمۇ، سۆيگۈ مۇھەببەتمۇ تەڭلا قوزغالغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھۆرمەت يۈكسەكلىكىگە چىقىپ باشقىچە ھېسسىيات پەيدا قىلغاندەكمۇ ئىدى.

ئىشقىلىپ، گۈلپەرىنىڭ يېڭى بىر ھايات سەھىپىسى ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

لېكىن، ئۇ يەنە بىر مەسىلىنىمۇ ئويلاپ بېشى قاتتى.

ئۇ بۇ ھەقتە خېلى جىددىي ئويلاندى: «ئەگەر مۇشۇنداق چارىسىز ئەھۋالىمدا ئالىم بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى چوڭقۇرلاشتۇرسام، ئۇلارنىڭ كېيىنچە چوقۇم ئاتىسى ئارقىلىق مېنى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغۇدەك. ئۇ چاغدا مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەندىكىن خىزمەت تېپىش ئۈچۈن، قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالىمنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان بولۇپ قالامدىمەنمۇ؟ ناۋادا ئالىم شۇنداق ئويلاپ قالسىچۇ؟ باشقىلار شۇنداق ئويلاپ قالسىچۇ؟ بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك. ناۋادا راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا ئاپام بۇنىڭغا قانداق چىدايدۇ؟ سىڭلىمچۇ؟... ھەي، بۇنداق قىلسام بولمىغۇدەك. مەنلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىمىز يامان ئاتلىق بولۇپ قالغۇدەك!»

گۈلپەرى شۇ خىيال بىلەن خىزمەت تاپمىغۇچە ياكى تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇشىنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە ئالىمنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماسلىق قارارىغا كەلدى. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالىم بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش كېرەك. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن ئاخشامقى كۆرۈشۈشنىمۇ ئالىمنىڭ قولىنىڭ زەخمىسىگە باھانە قىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

شۇ قارارغا كېلىش بىلەن گۈلپەرىنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان «مۇھەببەتكە باھانىداپ خىزمەت تېپىش» دەيدىغان يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك بولدى. ئادەم ئازراق مەنپەئەتتىن سەممىيلىك بىلەن كېچەلىسە ئۆز روھىي

دۇنياسىنىڭ تولىمۇ ئازادە، پاكىز ئىكەنلىكىنى، باشقا ئادەملەرنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلۈكىنى ھېس قىلالايدىكەن.

ئەمدى ئۇ ئاپىسى ھەققىدە ئويلاندى: «ئاپام مېنى قايتا ئوقۇتۇش خىيالدا بولۇۋاتقاندىمۇ؟ ئەگەر ئاپام راست شۇ خىيالدا بولۇۋاتقان بولسا ئۇنىڭغا ئوقۇمايدىغانلىقىمنى قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟ ئاپام قوشۇلارمۇ؟ ناۋادا ئوقۇيسىز دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمەن؟... ياق، ئەمدى يوشۇرۇپ ئولتۇرماي. ئوقۇش ئەھۋالىمنى ئېنىق دەي. ئەمدى ئوقۇماي بىرەر خىزمەت تاپىدىغانلىقىمنى ئېيتاي. بېشىمنى تىقىۋېلىپ ئاپامنىڭ گېپىگە ھە دەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋەرسەم ئاپامنى بىھۇدە جاپا تارتقۇزۇپ قويغۇدەكمەن.»

ئەمەلىيەتتىمۇ، خەلچەم قىزىنىڭ ئەمدىكى ئىشلىرى ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى. ئەمما ئۇ قىزى توغرۇلۇق ئويلانغاندا «خىزمەت قىلىش» دېگەننى خۇددى گۈلپەرىنىڭ ئوقۇشتىن باشقا بىر يولى يوقتەك قەتئىي خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. يەنە ئۇ قىزىنى قايتا ئوقۇسا بەك بېسىم بولۇپ كېتىشىدىنمۇ ئەنسىرىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ھەقتە گۈلپەرىگە ئېغىز ئېچىشىنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەۋاتاتتى.

بۈگۈن گۈلنۇر «دوستلىرىم بىلەن باغچىدا ئويناپ كېلىمەن» دەپ ئەتىگەنلا چىقىپ كەتكەنىدى. گۈلپەرى ئەزىز نەسىنىنىڭ «خۇشامەتنى ياقتۇرمايدىغان جاناب» ناملىق ھەجۋىي ھېكايىلەر توپلىمىنى ئوقۇپ كۈلۈپ

ئولتۇراتتى. قىزنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەن خەلچەم خېلى ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن تەستە ئېغىز ئاچتى:

— قىزىم، ئەمدى قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

گۈلپەرى «ئوقۇش» دېگەن سۆزدىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ سۆزىگە كىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن:

— ئاپا، سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟ — دېدى.

— قايتا بىر ئوقۇپ باقامسىز - يە؟ — ئاپىسى ئاخىرى ئۇ قورقۇۋاتقان يەردىن ئېغىز ئاچتى. گۈلپەرى جىددىيلىشىپ قالدى. ئەگەر ئۇ ئەمدى ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ جىم ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولسا يەنە نۇرغۇنلىغان ئورۇنسىز بەدەللەرنى تۆلەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنچە بەدەللەرنى تۆلىگەندىن كېيىنكى ئاقىۋەتچۇ؟... شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ بىر يىل جەريانىدىكى تارتقان روھىي ئازابلىرى، خىجىلچىلىقلار كېلىۋېلىپ تېنىنى تىترەك باستى. شۇڭا ئەمدى قەتئىي قارارغا كېلىدىغان بۇ پەيتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك نىيىتىگە كەلدى.

— ئاپا، ئەمدى ئوقۇمايمىكىن، دەيمەن.

ئاپىسى چۆچۈدى:

— نېمىشقا؟

گۈلپەرى «گەپنى دېگەندىكىن ئاخىرىنى چىقىرىۋېتەي» دەپ كۆڭلىدىكىنى ئۇدۇللا ئېيتتى:

— ئاپا، مەن بۇ بىر يىلدا ئۆزۈمنى خېلى ئوبدان

دەڭسەپ باقتىم. دەرسلەرنى بىلەلمىدىم، شۇنچە زېھىن قويساممۇ، شۇنچە تىرىشساممۇ پەقەتلا ئۇنۇمى بولمىدى. ئۆتۈلگەن دەرسلەر پەقەت كاللامدا تۇرمىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. دەرسلەر ماڭا خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى بېسىم ئېلىپ كەلدى، ئېغىر يۈك بولۇپ تۈيۈلدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن سىنىپقا كىرىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ ھالدا ئۆزۈمنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاپ ئاخىرى ھېرىپ قالدىم. مانا ئەمدى مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. ئاپا، ھازىر راستىنى ئېيتسام قايتا ئوقۇشقا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. «چىشىمنى چىشلەپ قايتا ئوقۇي» دەپمۇ ئويلىغانىدىم، لېكىن بۇنداق قىلسام ئۆزۈمنى، سىزنى ئالدىغان بولغۇدەكمەن، بىر يىل ۋاقتىم قەستەنگە بىكار ئۆتۈپ كەتكۇدەك، ئارتۇقچە روھىي ئازابمۇ تارتىۋالغۇدەكمەن. قېنى شۇنىڭغا تۈشلۇق بىرەر نەتىجە بولغان بولسا... لېكىن، ئاپا، كېلەر يىلىمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشكە كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ، شۇڭا كۆپ ئويلىنىپ ئوقۇماسلىق قارارىغا كەلدىم.

بۇنى ئاڭلىغان خەلچەم ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەرقانچە ئويلىغان بولسىمۇ قىزىنى بۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتەر، دەرستە بۇ قەدەر ناچارلىشىپ كېتەر، چېكىنىپ قالار دەپ ئويلىمىغانىدى. ئەمما، بۇ گەپلەرنى قىزىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتسا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ شۇڭا خەلچەم ئارانلا ئېغىز ئاچتى:

— ئۇنداقتا، سىز...

— ئاپا، مەن ئويلىنىپ قويدۇم، — ئىچىدىكى مۇشكۇل دەپ قارىغان گەپلەرنى دەۋالغاندىن كېيىن خېلى يېنىكلەپ ۋە دادىللىشىپ قالغان گۇلپەرى سۆزلەۋەردى، — نەچچە كۈن دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئورنىغا بېرىپ ئىش ئىزدەيمەن ياكى تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ كومپيۇتېر ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىمەن. بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ كېيىن كومپيۇتېرغا چۈشىدىغان ئېھتىياجى كۆپ بولىدىكەن. بۇنىڭدا خىزمەت تاپماقمۇ ئاسان بولىدۇ، دېگەن گەپ.

خەلچەم قىزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

— شۇنىڭدا مەن مائاش ئالالايمەن. ئىككىمىزنىڭ مائاشى بىلەن كۈنىمىزنى گۇلدەك ئۆتكۈزىمىز. گۇلنۇرمۇ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇيالايدۇ.

گۇلنۇر يادىغا يېتىشى بىلەن خەلچەم سەل سەگەكلەشكەندەك بولدى:

— ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىنى يۇقىرى دەمدۇ نېمە؟

— ھەئە، باشقا مەكتەپلەرگە قارىغاندا خېلى يۇقىرى. شۇڭىمۇ مەن بالدۇرراق خىزمەت قىلاي دەۋاتىمەن، چۈنكى گۇلنۇر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ مۇشۇنداقلا ياخشى ئوقۇيدىغان بولسا ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈشىدە گەپ يوق. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىدىغانغا نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ.

بۇلارنى ئاڭلىغان خەلچەم ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ھازىر رېئاللىق شۇ تۇرسا. شۇنىڭ بىلەن خەلچەم گۈلپەرىنىڭ پىلانىغا قوشۇلۇپمۇ قالدى، لېكىن يەنە كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئۇنىماي:

— شۇنداق بولسىمۇ، قىزىم، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ. كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش چىقمىسۇن، — دېدى.

گۈلپەرى ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، پەقەت ئاپىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا:

— بولىدۇ، ئاپا، مەن يەنىمۇ ئەتراپلىق ئويلىشىپ بىر قارارغا كېلەي، — دېدى. ئەمما، بۇ گەپكە ئىككىسىلا خۇش بولۇشنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى.

# سەككىزىنچى باب

## ئەجەللىك ۋىسال

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈۋىدى، گۈلپەرىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن مەھرۇم بولغاندىكى ئازابلىنىش تۇيغۇسى بارغانسېرى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي قارارغا كېلىپ تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردى. ئۇ مەركەزنىڭ ئوقۇش باشلىنىشىغا يەنە بىر ھەپتىدەك ۋاقىت بولغاچقا، ئۇ كۈنلىرىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئالىمنىڭ يارىسى تېخى ياخشى بولۇپ كەتمىگەچكە ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندىلا كۆرۈشۈپ تۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندى. باشتا قىزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىگە ئىچى ئاچچىق بولغان خەلچەممۇ ئەمدى قىزىنى ئويلايدىغان، قىزىنىڭ بۇ ئىشنى تولا ئويلاپ بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقلا گۈلپەرىنىڭ قايتا ئوقۇماي، خىزمەت قىلىش پىكرىگە قوشۇلغان بولغاچقا، ئۇ ئەمدى ئىمتىھان ئىشىنى خىيالىدىن نېرى قىلىپ، قىزىنىڭ ئۇ ئازابلاردىن خالاس بولۇپ، كۈنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشىنى تىلەيدىغان،

قىزنىغا چاقچاقلىراق بىرەر خىزمەت تېپىپ بېرىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، لېكىن ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ خىزمەت قىلىش تەلىپىنى قاندۇرغۇدەك يولى يوقلۇقىنى بىلگەچكە، ئەتىسىدىن باشلاپ «يول» ئىزدەشكە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە گۇلپەرى ئۆيدە ئىچىنى پۇشۇرۇپ ئولتۇرسا بولمايدۇ ـ دە. خەلچەم قىزىنىڭ تېلېۋىزور بىلەن كىتاب ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى بىلدى. شۇڭا ئۇ كۇتۇپخانىدا ئىشلەيدىغان دوستى ئارقىلىق «ئىزدىنىش»، «يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك»، «قىزچاق، ئەمدى ئۇن توققۇز ياشقا كىردىڭىز» قاتارلىق كىتابلارنى ئەكېلىپ بەرگەندى.

شۇ تاپتا گۇلپەرى «قىزچاق، ئەمدى ئۇن توققۇز ياشقا كىردىڭىز» دېگەن رومانىنى ئوقۇۋاتاتتى. بۇ كىتابلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىزدىنىش، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، ئازابلار ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق روھى ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسەللى ۋە مەدەت بولۇش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا بىر ئىنتىلىش پەيدا قىلىشقا باشلىغانىدى. لېكىن، ئۇ كىتابتىكى سۆيگۈ ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇغاندا كىتابنى يۇزىگە يېپىۋېلىپ ھەرقانچە ئويلىسىمۇ، ئۆزىدىكى ئىنتىلىشنىڭ ئوبيېكتسىز ھالدا سۆيگۈگىلا ئىنتىلىش ئىكەنلىكىنى ياكى ئالىمغا بولغان ئىنتىلىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. «ئالىمغا

ئىنتىلىشمىكىن» دەي دېسە، ئالىمنى كىتابتا دېيىلگەندەك ئۇنچىلا سېغىنىپ كەتمىدى. لېكىن، يۈرىكىدىكى بىر ئوتلۇق سېزىم ئۇنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇ سۆيگۈگە ئىنتىلىۋېتىپتۇ. بىراق، ساپ ھاۋادا جەۋلان قىلىپ تۇرغان بۇ سۆيگۈ يىپىنىڭ كىمنىڭ يۈرەك رىشتى بىلەن چىگىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمەيۋېتىپتۇ. «يا ئالىمنىڭ يۈرەك رىشتى بىلەن چىگىلىپ بولغاندىمۇ؟» گۈلپەرى شۇنداق دەي دېسە، بۇنداق دېيىشكە خۇددى بىرنەرسە كەملىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

تېلېفوننىڭ جىرىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن گۈلپەرىنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇ: «چوقۇم ئالىم» دەپ خۇشال ئورنىدىن تۇردى. دەرۋەقە، تۇرۇپكىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، لېكىن ئۇ ئالىم ئەمەس ئىدى:

— گۈلپەرى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

سىلىق تەلەپپۇز گۈلپەرىگە بىر خىل ئىللىقلىق تۇيغۇسى بەردى، بىراق قارشى تەرەپنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى.

— رەھمەت، سىز...

— مەن ئۆمەر، «مىڭئۆي رېستورانى»دىكى...

گۈلپەرى دەرھال يادىغا ئالدى:

— ھە، ئۆمەرجانمۇ سىز؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ رېستوراننىڭ ئىشلىرى جايىدا كېتىپ بارغاندۇ؟

— رەھمەت، ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق كېتىپ باردۇ.
گۇلپەرى ئەمدى نېمە دېيىشنى بىلمىگەچكە ئارىنى بىر ئاز جىملىق باستى. بولماي يەنە ئۆمەر سۆزلىدى:
— ئىمتىھانلارنى تۈگىتىۋاپسىز، ئەمدىغۇ يېنىك بولۇپ قالغانسىز؟
— شۇ... شۇنداق. ھازىر ئۆيدىلا...
— بۇ بەك ياخشى بوپتۇ، ئىمتىھان غېمى دېگەن يامان نېمە. ئىمتىھاننى غەلىبىلىك تۈگەتكىنىڭىزنى تەبرىكلىسەك بولاتتى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۇلپەرى ھودۇقۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئارمانىغا يېتەلمىگىنى يادىغا يېتىپ نومۇستىن ئۆرتىنىپ كەتتى. شۇنداقلا بايىلا بۇ گەپنى باشقا ياقىقا بۇرىۋەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئەمدى بۇنىڭغا بىرنېمە دېمىسە بولمايدۇ. يالغان ئېيتىشنىڭ ئورنى يوق. شۇڭا، گۇلپەرى لېۋىنى قاتتىق چىشلىۋەتكەندىن كېيىن تەستە ئېغىز ئاچتى:
— لېكىن، ئۆمەرجان، مەن...
ئۆمەر دەررۇ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:
— بولدى، بۇ گەپلەرنى تېلېفوندا دېمەڭ. كەچقۇرۇن سىز بىلەن بىر كۆرۈشكەن بولسام. سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىدى.
— بۇ...
— باھانە كۆرسەتمەڭ. مېنى توغرا چۈشىنىڭ. بىر ئىش بار ئىدى. سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئېلىپ باقاي دېگەن.

گۈلپەرى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى. «ياق» دېسە سەت بولىدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ناتونۇش ئادەم بولمىسا. يەنە كېلىپ مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار دەۋاتسا. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشۇلدى.

— بولىدۇ، يېنىڭىزغا باراي.

— ئۇنداق بولسا سىزگە كەچ سائەت بەشتە تېلېفون قىلاي.

ئۇلار تېلېفوندا خوشلاشتى. گۈلپەرى شۇنچە ئويلاپمۇ ئۆمەرنىڭ زادى نېمە ئىشى بارلىقىنى بىلەلمىدى.

ھەقىقەتەن سائەت بەشتە ئۆمەر تېلېفون قىلدى. ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتى. گۈلپەرى ئۇنىڭغا دوستانە سالام قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۆمەر نېمىشقىدۇر ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان يېقىن ئادىمىنى كۆرگەندەك ئۇنىڭغا مەستانىلىك ۋە ئامراقلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ كەتتى. بۇنىڭدىن گۈلپەرى سەل بىئەپلىك ھېس قىلدى. ئۆمەرمۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— يۈرۈڭ، تورتخانىغا بېرىپ پاراڭلىشايلى،— ئۆمەر ئۇنىڭ ئىنكاسىنى كۈتمەيلا مېڭىپ كەتتى. گۈلپەرىمۇ ئەگىشىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار «لەززەت تورتخانىسى»نىڭ ئەپچىل سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كىچىك خانىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئۆمەر ئىككى كىشىلىك تورت ۋە ئالما ئىچىملىكى بۇيرۇتتى.

— ئۆمەرجان، نېمە ئىش بار ئىدى؟— سورىدى

گۈلپەرى بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزاقراق تۇرۇشنى ئەپسىزدەك ئويلاپ. گۈلپەرى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىپ گەپ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.
شۇڭا ئۇ ئالدىراپ سورىدى.
— باشقا ئىشىمۇ يوق،— دېدى ئۆمەر تەمكىنلىك بىلەن،— بۇرۇن مەن سىزگە بىر تەكلىپنى بەرگەن.
گۈلپەرى ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.
— مەن سىزگە رېستورانغا كېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى ئېيتقۇدىم، سىز ئويلىنىپ باقىدىغان بولغان.
گۈلپەرى چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى.
— مەن سىزنىڭ ئويلىنىپ بولۇشىڭىزنى ساقلاۋاتىمەن. مانا ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىمۇ ئاخىرلاشتى.
— ھەي، مەن... مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم.
— بىلىمەن.
گۈلپەرى ھەيران بولۇپ ئۆمەرگە قارىدى:
— سىز... سىز قانداق بىلىسىز؟ رابىيە دەپ بەردىمۇ؟
— ياق، ئۆزۈم سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىم.
بۇنى ئاڭلىغان گۈلپەرى ئۆمەرگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— بۇ گەپنى قويايلى، ھەممىمىزنىڭلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىمىز شەرت ئەمەس. شۇنداقلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ھەممىمىزنىڭلا بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ئەمەس. مانا مەنمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن، لېكىن

مەن قايتا ئوقۇمىدىم. سودا يولىغا ماڭدىم. سىزچۇ؟ سىزدە ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ بازارلىق ئىستېمالنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىقتىدار بار. يەنى ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىسىز. سىز مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزىڭىزنىڭ چىقىش يولىنى ئويلاڭ.

— ناخشا بىلەمسىز؟ ناخشا ئېيتىشتا شۇنچىلىك ئىقتىدارىم بار دېگەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ ئۆمەكلەرگە ئورۇنلىشىشىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇمغا ئوخشاشلا يوق ئىش.

— مەن سىزنى ئۆمەكتە ئىشلەڭ دېمىدىم. مېنىڭچە، ھازىر سىزگە كېرىكى ئۆز ماھارىتىڭىزنى نامايان قىلىدىغان، ئۆزىڭىزنى تونۇتىدىغان مەيدان. كىشىلەر سىزنى تونۇسۇن، ماھارىتىڭىزنى بىلسۇن. شۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ چىقىش يولىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلەيسىز.

بۇ گەپ بىلەن گۇلپەرى ئويلىنىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش»، «ئىشتاتلىق خىزمەتچى» بولۇشنىلا ئويلاپ، شۇنداقلا مۇشۇنىلا چىقىش يولى ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ناخشا بىلەن باغلاپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۆمەر ئورۇنلۇق گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا ئانچە - مۇنچە تەۋرىنىش پەيدا قىلدى.

— بۇنىڭدا قانداق بولار، ئۆمەرجان؟

— ئويلىنىش كېتەمدۇ؟ سىزمۇ بىلىسىز، ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم ناخشىچىلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ باش كۆتۈرگەن. ھازىر

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رېستورانلاردا ناخشا ئېيتىشنى خىزمىتى دەپ بىلىدۇ، بەزىلىرى بولسا شىركەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ناخشا پىلاستىنكىسى چىقىرىۋاتىدۇ، ناخشا كېچىلىكلىرى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. لېكىن كۆپىنچىسى رېستورانلاردا ناخشا ئېيتىشنى ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى قىلىغان. ئۇلار شۇ ئاساستا چېنىققان، كىشىلەرگە تونۇلغان.

گۈلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ مېنىڭ سىزگە بېرىدىغان تەكلىپىم، سىز هازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن ئازابلىنىپ يۈرمەي، رېستورانىمغا بېرىپ ناخشا ئېيتىشنى باشلاڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر ياخشىراق بىرەر خىزمەتكە ئېرىشىشمۇ تەس. ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە دوقۇرۇپ يۈرسىڭىز ئاسانلا ئۆزىڭىزدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالىسىز.

ــ راست، مۇنداق چاغدا ئادەمگە هېچ ئامال قالمىغاندەك تۇيۇلىدىكەن.

ــ قارىغاندا، سىزنىڭ قايتا ئوقۇغىڭىز يوق، شۇنداققۇ؟

گۈلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئۇنداق بولسا، قايتا ئوقۇش توغرۇلۇق هېچكىم بىلەن مەسلىھەت قىلىشماڭ. باشقىلار پەقەت دەۋەت قىلىشىنىلا، سىزگە ئانچە ـ مۇنچە مەدەت بېرىشىنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئوقۇيدىغان ئادەم سىز. ئۆزىڭىزنىڭ چىن ئەھۋالىنى ئۆزىڭىزلا بىلىسىز. شۇنداق بولغاچقا كەسكىنلىك بىلەن قارار چىقىرىڭ ـ دە، دەرھال

ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ياخشى ئوقۇشقا ئىشەنچىڭىز بولمىسا ئۆزىڭىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىماڭ. ئويلىغىنىڭىزدەك ئوقۇيالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ ئوقۇيالمىغىنىڭىز ئۈچۈن نومۇسلىنىپ خىجىل بولۇپ يۈرمەڭ. چۈنكى، جاھاندا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلەر بىز ئىككىمىزلا ئەمەس. بىز گەرچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بىلەن باشقا ئىشلارنى قىلىش قولىمىزدىن كېلىدۇ.

گۈلپەرى بىردىنلا مىننەتدارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى ھەمدە ئۆمەرنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى مۇنچىلىك چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى.

— سىز مېنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىمنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سورىدى گۈلپەرى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆمەر بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلىشىشنى ئويلاپ.

گۈلپەرى شۇ تاپتا ئۆزىدە ئۆمەرگە نىسبەتەن يېقىنلىق تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىغا، ھەتتا بۇ خىل تۇيغۇسىنىڭ شۇنچە تېز كۈچىيىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى.

— ئەلۋەتتە بىلىمەن - دە، — دېدى ئۆمەر گۈلپەرىگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ، — سىز مېنى يادىڭىزدىن چىقىرىۋەتكىنىڭىز بىلەن، مەن ھەر ۋاقىت سىزنىڭ دېرىكىڭىزنى قىلىپ تۇردۇم.

گۈلپەرى ئۇيىلىپ پەسكە قارىۋالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئالىم كەلدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئالىم بىلەن ئۆمەرنى سېلىشتۇرۇپ قالدى. شۇندىلا ئۇ

ئالىمدىكى كەم نەرسىنى بىلگەندەك بولدى. ئالىم ئۇنى ئۆمەرچىلىك چوڭقۇر چۈشەنمەيدىكەن. ئۇ پەقەت ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىلا، يەنە كېلىپ ئىنتايىن تار دائىرىدىكى ھېسسىيات نۇقتىسىدىكى مۇھەببەتنىلا ئويلايدىكەن، شۇڭا گۈلپەرى ئۆزىنىڭ ئالىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەي كېلىۋېتىپتۇ.

— سوغۇق ئىچىملىكنىڭ باشقا خىلىنى ئىچەمسىز؟

ئۆمەرنىڭ گېپى بىلەن گۈلپەرى خىيالدىن قايتتى ۋە «ئەستا، مەن نېمىلەرنى خىيال قىلىپ يۈرىمەن؟ ئۇزاقتىن بۇيان ئالىم بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن. ئۆمەر پەقەت ئادەتتىكى دوستۇمغۇ؟! باشقىلارنى بۇنداق چوڭقۇر چۈشىنىشى ياخشى پەزىلەتمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا رېستوراندا ناخشا ئېيتىشقا قوشۇلدىڭىز - ھە؟

گۈلپەرى بايىلا بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. ئەگەر شۇنداق بولسا ئالىمغا جاۋاب بېرىشىمۇ ئاسانغا چۈشەر، بالدۇر بولار؟

گۈلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداقتا ئەتىلا بولسۇن، قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدى گۈلپەرى.

— ئۇنداق بولسا ماڭا رۇخسەت قىلىسىز، بۇ ئىشنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مەن بىر بوتۇلكا پىۋا ئىچەي.

ئۆمەر ئايرىمخانىدىن چىقىپ ئىشىكنى ياپتى. شۇ ۋاقىتتا سىرتتىن بىرەيلەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هوي ئۆمەرجان، بۇ يەردە يۈرسىزغۇ؟

ئۇ رابىيەنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان گۈلپەرى بەك بىسەرەمجان بولۇپ كەتتى.

ئۆمەرمۇ رابىيەنى كۆرۈپ سەل ھودۇقتى:

— ھە، گۈلپەرى بىلەن كەلگەن. بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتىمىز.

گۈلپەرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ رابىيەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ، گۈلپەرى بىلەن كۆرۈشۈپ قوياي،— دېدى رابىيە ئارانلا.

ئۆمەر بۇنىڭدىن سەل ھودۇققان بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى:

— گۈلپەرى، رابىيەلەرمۇ بۇ يەردىكەن.

ئۆمەر شۇنداق دەپ پىۋا ئالغىلى ماڭدى. لەۋلىرىدىكى تىترەك بېسىلمىغان رابىيە ئايرىمخانىغا كىرىپ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى ۋە ئورنىدىن تۇرغان گۈلپەرىگە:

— سىزنى مۇنداق يەردە كۆرەرمەن، دەپ پەقەت ئويلىماپتىمەن،— دەۋەتتى.

— ھە، ئۆمەرجان بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتۇق،— دېدى گۈلپەرى بۇ يەرگە كەلگىنىگە سەل پۇشايمان قىلىپ. چۈنكى ئۇ رابىيەنىڭ كۆڭلىدىكىنى بۇرۇنلا سەزگەن. رابىيەگە بولسا ئاكىسىنىڭ ئىشى ئايان. لېكىنغۇ، ئارىدا يوشۇرغۇدەك

نېمە ئىش بار؟ شۇڭا گۈلپەرى ئۈنچىۋالا ئوڭايسىزلىنىپ كەتمىدى.

رابىيە: «نېمە ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقان؟» دەۋېتىشكە تاس قېلىپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

شۇ چاغدا ئۆمەر بىر بوتۇلكا پىۋا بىلەن بىر بوتۇلكا كولا ئېلىپ كىردى. تولىمۇ تەبىئىي قىياپەتكە كىرىۋالغان ئۆمەر رابىيەنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى:

— ئەجەب ماڭا دېمەيلا بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە يا خۇش بولۇشىنى، يا خاپا بولۇشىنى بىلمىگەن رابىيە: «سىزگە دەپ قويسام مۇنداق ئۇچرىشىش بولماس ھەرقاچان؟» دېيىشنىڭ ئورنىغا ئىختىيارسىز راست ئەھۋالنى دەۋەتتى:

— بۈگۈن ئىككىمىزنى سەنئەت ئۆمەككە بۆلۈپتىكەن. دوستلار تەبرىكلەپ ئولتۇرۇپتىمىز. بۇ ئىشنى كەچلىكى سىزگە دېمەكچى ئىدىم.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، سىزنى تەبرىكلەيمەن.

— مەنمۇ تەبرىكلەيمەن. سىز نېمىدېگەن تەلەيلىك، — دېدى گۈلپەرى. ئەمما، ئىككىسىنىڭ بىللە تەبرىكلىشى رابىيەنىڭ كۆنداشلىقىنى قوزغاپ قويدى. شۇڭا ئۇ گۈلپەرىگە بەك قىزغىن بولالمىدى، ھەتتا گۈلپەرىنىڭ «سىز نېمىدېگەن تەلەيلىك» دېگەن گېپىگە قارىتا ئىككى ئېغىز كۆڭۈل سۆزى قىلىشقىمۇ رايى بارمىدى.

— ۋاھ، تەبرىكلەيدىغان ئىشلار جىقلاپ كەتتىغۇ! — دېدى ئۆمەر ئوتتۇرىدىكى ئېغىر كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ھاياجانلىق سۆزلەپ.

رابىيە ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— گۈلپەرى ئەتىدىن باشلاپ بىزنىڭ رېستورانغا بېرىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولدى!
بۇنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي:
— باشقا ئىش قىلالمىدىكىن دېۋىدۇق، — دەۋەتتى.
— ھازىرچە ئۆزۈمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش شۇ بولغاندىكىن، ۋاقتىنچە ئىشلەپ باقاي دېدىم، — دېدى گۈلپەرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نورمال ئىش ئۈچۈن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن.
— ئۇنداق بولسا كەچلىكى رېستوراندا سىزنى كۈتىمەن، — ئۆمەر رابىيەگە شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.
ئۇلار سىرتقا چىقتى.
— ھازىر ئازراق ئىشىم بار. ئۇنداق بولسا، گۈلپەرى، سىز رابىيەلەر بىلەن بىردەم ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۆمەر.
— ھازىر بىكارچى بولغاندىكىن ئۆيگە بالدۇر قايتىپ كەچلىك چاي تەييارلىمىسام بولمايدۇ.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار خوشلاشتى.

※ ※ ※

گۈلنۇرنىڭ خىيالى «تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكەندىمەنمۇ؟» دېگەندىلا بولۇپ قالغاچقا، كۈندە تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۈچۈر ئىگىلەشكە چاپاتتى.

بىر كەتسە «ئۇنچە نومۇر تۇتۇپتۇ، مۇنچە نومۇر تۇتقۇدەك» دېگەن خەۋەرلەرنى ئېلىپ، «نومۇرۇم توشارمۇ، توشماسمۇ؟» دېگەن تىت ـ تىتلىق ئىچىدە چۈشتىلا قايتىپ كېلەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ چايدىن كېيىنلا خەلچەمنىڭ «سىز قانچىلا ئالدىرىغان بىلەن، ۋاقتى بولمىغۇچە نومۇر چېكى ئېلان قىلىنمايدۇ» دېگىنىگە قارىماي تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە كەتتى. گۈلپەرى قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئاخشامقى قارارىنى ئاپىسىغا ئېيتتى:

ــ ئاپا، مەن رېستورانغا بېرىپ ناخشا ئېيتىشنى ئويلاۋاتىمەن.

خەلچەم بۇ گەپتىن ھەيران قالدى.

ــ ئاپا، بۇنىڭ باشقىچە ئويلانغۇدەك يېرى يوق.

ــ شۇنداق بولسىمۇ، قىزىم... ئەمدى دەيمىنا...

ــ ئاپا، بۇمۇ بىر خىزمەت. كۈندۈزى تەربىيەلەش مەركىزىگە بارسام، ئاخشىمى رېستورانغا بارىمەن. مائاشىمۇ خېلى يۇقىرىكەن.

ئەمما، خەلچەم بۇنىڭغا ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالدى.

ــ ئاپا،ــ دېدى گۈلپەرى ئاپىسىنىڭ ئىچىدىكىنى چۈشىنىپ،ــ بىلىمەن، سىز توغرا تاپمايۋاتىسىز، مەن شۇنداق ياخشى ناخشا ئېيتالايدىغان تۇرسام، ئۇنى بىراقلا تاشلىۋېتىپ باشقا ئىشنى ئۆگىنەي دېسەم يەنە قانچىلىك جەريان كېتىدۇ؟ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ئوچۇقراق ئېيتسام، سىز رېستوراندا ناخشا ئېيتىشنى سەت ئىش دەپ ئويلىماڭ. ھازىر كىشىلەرمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى.

— خەقنىڭ ئاغزى يامانچۇ، قىزىم.

گۈلپەرى بۇ ئىشقا ئاپىسىنىڭ تازا رايى يوقلۇقىنى بىلىپ، بولدى قىلىش ئويىغا كەلدى. شۇڭا ئۇ:

— بولمىسا، يەنە بىر قانچە ۋاقىت قاراپ باقاي، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلچەم خاتىرجەم بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

شۇ ۋاقىتتا قورۇغا گۈلنۇر ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى:

— مەن ئۆتتۈپتىمەن، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپتىمەن! شەھەر بويىچە ئۇچىنچى بولۇپ ئۆتۈپتىمەن!!

بۇنى ئاڭلىغان خەلچەم بىلەن گۈلپەرى قوللىرىدىكى ئىشنى تاشلاپ گۈلنۇرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— راستمۇ، قىزىم؟ بۇنى قانداق ئۇقتىڭىز؟

— بايا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلىدى، ئىسمىمنى كۆردۈم. كىنىشكا نومۇرۇمۇ بار ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۆينى خۇشاللىق كەيپىياتى بىر ئالدى. خەلچەم خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە:

— قىزىم، سىزنى نېمە بىلەن مۇكاپاتلىساق بولار؟ — دېدى.

— چۆچۈرە! — دېدى گۈلنۇر خۇشاللىقتىن ئۆزىنى باسالماي، — ئاندىن تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىتىدىغانغا «خاۋجىشىڭ»دىن بىرنى...

خۇشاللىق ياشلىرىنى تېخىچىلا توختىتالمىغان خەلچەم «ماقۇل» دەۋەتتى.

گۈلنۇر ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ياكى گۈلپەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى ئويلىدىمۇ، تاماقتىن كېيىن خەلچەم:
— قىزىم گۈلپەرى، بارسىڭىز بېرىڭ، — دېدى.
— ئاچام نەگە باردۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى گۈلنۇر.
— رېستورانغا بېرىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولدۇم، — دېدى كۆڭلىدىكى چىگىچ يېشىلگەن گۈلپەرى.
— قايسى رېستورانغا؟
— «مىڭئۆي رېستورانى».
— ۋاھ، نوچى رېستوران ئۇ، — دېدى گۈلنۇر چاقچاقلاپ سۆزلەپ، — ئەسلى ئاچام ناخشا ئېيتىپ داڭ چىقىرىشى كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى ساۋاقداشلىرىم «گۈلپەرى دېگەن ناخشىچى ناخشىنى قالتىس ياخشى ئېيتىدىكەن» دېسە، «ئۇ مېنىڭ ئاچام» دەپ ماختىنىدىغان بولدۇم.
گۈلنۇرنىڭ ساددىلارچە ماختاش سۆزى خەلچەم بىلەن گۈلپەرىنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى.
— رابىيە دېگەن دوستۇمنىڭ ئۆمەككە ئورۇنلاشقىنىنى، مېنىڭ ئۇ رېستوراندا ناخشا ئېيتىدىغان بولغانلىقىمنى تەبرىكلەپ شۇ رېستوراندا ئولتۇرماقچى بولغانىدۇق. سىزنى قوشۇپ تەبرىكلىۋېتەيلى، شۇڭا سىزمۇ بىللە بېرىڭ.
— ماقۇل، ئاچا، بەك ياخشى بولدى.
كەچلىكى گۈلدەك ياسانغان قىزلار «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ سەھنىگە يېقىن يېرىدىكى شىرەگە

كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۆمەر ئۇلارنى كۈتۈش ئۈچۈن پايپېتەك بولدى.
قىزلار ئۆزلىرىنى قويۇۋېتىپ چۇۋۇرلىشاتتى، تەبرىك سۆزلىرىنى قىلىشاتتى، سۇلايمان قىزىقچى نومۇر ئورۇنلىسا قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى، تىنىماي چاۋاك چېلىشاتتى، مۇزىكا ئۇسسۇلغا چېلىنسا ئوتتۇرىغا چۇشۇۋېلىپ پاس چىقىرىشىپ پىرقىرىشاتتى، كەينى - كەينىدىن ئۇسسۇلغا مۇزىكا چېلىنسا «ۋالىس» دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئۆمەر بولسا قىزىل ھاراق تولدۇرۇلغان رومكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ رابىيە بىلەن گۈلپەرىنىڭ كولا قويۇلغان ئىستاكىنى بىلەن چېقىشتۇرۇپ ئۇلارنى تەبرىكلەيتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ گۈلنۇرنى ئەركىلىتىپ قوياتتى. ئەمما، رابىيەنىڭ ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ پەقەت ئېچىلالمىدى. باشقىلارغا ئەگىشىپ قاقاھلاپ كۈلۈشلىرىمۇ سۈنئىي بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۆمەر گۈلپەرىنى تەبرىكلىگەندە، گۈلنۇرغا ئاكىلارچە يېقىنچىلىق قىلىپ ئەركىلەتكەندە ئۇنىڭدىكى بۇ خىل تۇيغۇ كۈچىيىپ ئۇنى بەك بىئارام قىلىۋەتتى.
زالدىكى باشقا كىشىلەر بولسا قىزلارغا ۋە گۈزەل قىزلار بىلەن ئەركىن چاقچاقلىشىپ يۈرگەن ئۆمەرگە ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى.
ئۇلار گەرچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇزىكىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ تولىلىقىدىن پاراڭلىشىش، مۇڭدىشىش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتاتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان

مۇيەسسەر ئۆمەرگە ئاڭلىتىپ قەستەنگە:

— بۇنداق يۇقىرى ئاۋازدا ئادەم قانداقمۇ ئارام ئالالىسۇن؟ بۇرۇن سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناپ بىلەلمەيتتىكەنمىز، — دېدى. ئەمما، باشقىلار بىر نېمە دېگۈچە ئۆمەر دەررۇلا ئىنكاس قايتۇردى:

— بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ خەق شۇنى خالايدىكەن ئەمەسمۇ!

— بۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن قانداقمۇ ھۇزۇر ئالالىسۇن؟

— بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ بەزىدە مېنىڭمۇ قۇلاق - مېڭەمنى يەپ پەقەت چىدىيالماي قالىمەن، — دېدى ئۆمەر، — پۇل خەجلەپ خەق چىدىغاندىكىن، پۇل تېپىۋاتقان مەن ئەلۋەتتە چىدىشىم كېرەك - تە.

— ئۇنداق دېگۈچە ياڭراتقۇنىڭ ئاۋازىنى تۆۋەن قىلسىڭىزلا بولمامدۇ؟

— بىزنىڭغۇ شۇنداق قىلغىمىز بار، بىراق بەزىدە مەرىكە ئىگىلىرى ئۇنىمىسا، بەزىدە خېرىدارلار ئۇنىمايدۇ.

— ئۇغۇ راست، — دېدى رىسالەت گەپكە ئارىلىشىپ، — بەزى ئادەملەر بار، ئاشۇنداق مۇھىتتا ئوينىمىسا پۇخادىن چىقمايدۇ.

— مەنمۇ بەزىدە ئويلايمەن، تاماقلانغاندا بولسىمۇ يېنىك مۇزىكىلار تۆۋەن ئاۋازدا قويۇلسا، ئوينىغاندا ئاندىن... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە گۈمبۈرلەپ مۇزىكا باشلىنىپ ئۆمەرنىڭ سۆزىنى ئۈزدى. بۇنىڭدىن ئۆمەر

كۆلدى، ـــ مانا، بۇنىڭغا بەزىدە مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.
باشقىلار بۇنىڭغا كۈلۈشتى ۋە تانسىغا يۈگۈرۈشتى.
ئارىدا ناخشا ـ مۇزىكا بىر ئاز بېسىقىپ ئارامچىلىق بولۇۋىدى، ئۆمەر سۆزگە قوپتى:
ـــ مەن بۇ بىر رومكا هاراق بىلەن سىلەرگە بولغان رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، بۈرۈن رابىيە، مۇيەسسەر قاتارلىق گۈللىرىمىز رېستورانىمىغا كېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ماڭا مەدەت بېرىپ ئىشلىرىمنى روناق تاپقۇزدى. ئەمدى ئۇلار ئۆمەككە ئۆچۈپ كەتتى. كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى خىزمەتنىڭ بولغىنىنى بەك ئوبدان بولدى. ئەمما، ئۇلارغا ئوبدان بولغىنى بىلەن ماڭا يامان بولدى. مەن كۈچلۈك سەنئەتكارلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئاخىرىغۇ ئۇنداقمۇ بولمىدى. تەلىيىمگە ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن كاتتا ناخشىچى گۈلپەرى ماڭا مەدەت بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. كۆڭلۈم ئەمدى ئارامىغا چۈشتى. مېنى قوللاۋاتقان سىلەرگە ئوخشاش قەدىردانلىرىمغا مىڭ رەھمەت.
شۇ چاغدا رابىيە كېلىپ گۈلپەرىگە پىچىرلىدى ۋە ئۆمەرگە:
ـــ ئۆمەرجان، بىئەپ بولمىسا گۈلپەرى ئىشخانىڭىزدا تېلېفون قىلىۋالغان بولسا، ـــ دېدى.
ـــ بولىدۇ، ئاۋۇ ئىشىكتىن چىقىپ ئوڭغا بۇرۇلۇڭ، ئىشىك ئوچۇق.
گۈلپەرى ئىشخانىغا كىرىپ رابىيە دېگەن نومۇرغا تېلېفون قىلدى:

— ۋەي، ئالىم، تىنچلىقمۇ؟

— گۈلپەرى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ كۆرۈشمىگىلى خېلى كۈن بوپتۇ.

— نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىدا تاماق يېدۇققۇ؟

— شۇنداقمىدى؟ لېكىن ماڭا بەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

گۈلپەرى ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن خۇش بولدى:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— سىزنى كۆرگۈم كېلىپ... بايا ئۆيىڭىزگە تېلېفون قىلسام سىزنى بىر يەرگە كەتتى، دېدى. شۇڭا «رابىيە بىلەن بىللىمىكىن» دەپ ئويلاپ رابىيەگە چاقىرغۇ قىلىپ سۆز قالدۇرغانىدىم. ھازىر شۇنداق كۆرۈشكۈم بار ئىدى، لېكىن دوستلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇۋېتىپسىز. بوپتۇ، بۇگۈن دوستلىرىڭىز بىلەن كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇۋېلىڭ، لېكىن ئەتە كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ.

— بولىدۇ، سائەت قانچىدە؟

— كەچتە، سائەت يەتتىدە.

— كەچتە؟

— ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن ساقايغاندا ئىككىمىز ياخشى پاراڭلىشىدىغان بولغان، ھازىر تەلتۆكۈس ساقايدىم.

— بولىدۇ.

ئۇلار خوشلاشتى. گۈلپەرى ئۆزىنىڭ شۇ تاپتا ئالىم بىلەن چىن كۆڭلىدىن كۆرۈشكۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئەمدى ئارقىغا بۇرۇلۇشىغا شىرەدىكى يېزىق ئەينىكىنىڭ ئاستىدا ئىسمىنى كۆرگەندەك قىلىپ توختاپ قالدى. دەرۋەقە، ئەينەك ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرى بار ئىدى. بۇ چوڭ بىر ۋاراق قەغەز بولۇپ، ئۇستى تەرىپىگە «ئۆز يارىم سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن ناخشىنىڭ تېكىستى، ئاستىغا گۇلپەرىنىڭ ئىسمى، تېلېفون نومۇرى يېزىلغانىدى. گۇلپەرى باشتا بۇنى سەل غەلىتە ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن: «بەلكىم ئالاقىلىشىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن يېزىپ قويغاندۇ» دەپ ئويلاپ ئىشخانىدىن چىقتى.

زالدا ئۇلار كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدا بىر كۇتكۇچى كېلىپ «ئۇلار ئايرىمخانىدا» دېدى. دەرۋەقە، ئۇلار ۋاراڭ – چۇرۇڭدىن قېچىپ ئايرىمخانىغا كىرىۋالغانىدى.

ئۇ ئايرىمخانىغا كىرگەندە سۇلايمان قىزىقچى پاراڭغا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. ئېنىقكى، سۇلايمان قىزىقچى قىزلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆمەرنىڭ يۈزىنى دەپ بۇ يەرگە كىرگەنىدى.

— مەن سىلەرگە بىر شېئىر ئوقۇپ بېرەي، — دېدى سۇلايمان قىزىقچى ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ. بۇنىڭدىن ئولتۇرغانلار كۇلۇپ كېتىشتى، — مەن تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ «مەيخورلار مارشى» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي:

قورال قىلىپ چوكىنى، بومبا قىلىپ شېشىنى،
رومكا بىلەن ئاتىمىز.

ئاكوپ قىلىپ ئېرىقنى، تاڭدۆرالماي يېرىقنى،
يول بويىدا ياتىمىز.
نەدە قانداق ئوق تەگدى، كىملەرگە گۆش لوق تەگدى،
ئويلاپ غەمگە پاتىمىز.
تاشلاپ ئاخىر غەملەرنى، ئىزدەپ شۇ دەم كەملەرنى،
قاۋاقىلا چاپىمىز.
قۇلاق سالماي ئەرزىگە، پەرۋا قىلماي قەرزىگە،
ناشتىغىلا قاقىمىز.
بىر ئىستاكان مەي بىلەن، بەزى قۇرۇق قەي بىلەن،
چىشىنىمۇ چاقىمىز.
قايتا جەڭگە كىرەلمەي، تۇز يولدىمۇ يۇرەلمەي،
يەنە ئاكوپ تاپىمىز.
ئاكوپتا بىر ياتقانچە، بىر ئىستاكان ئاتقانچە،
پولات بولۇپ قاتىمىز.
باشقىلاردەك بېلى بوش، بوينى يۇمشاق چالا گۆش،
ئەمەس ئۇنداق لاتىمىز.
پىرىمىز بار ھەييامدەك، كۆڭلى باھار ئەييامدەك،
شۇنداق ئۇلۇغ زاتىمىز.
زاتىمىزدىن تانماستىن، مەيگە مەڭگۇ قانماستىن،
ھەتتا جاننى ساتىمىز.
كىم ئالايسا بىزلەرگە، جاكاردۇر بۇ سىزلەرگە،
تانابىنى تارتىمىز.
بىلسىڭىز دەل شۇڭلاشقا، سىزدەكلەرنى ئوڭلاشقا،
مانا ئىچىۋاتىمىز.

سۇلايمان قىزنىقچىنىڭ ھەربىر مىسرانى ئوقۇغاندا شۇ مىسرانىڭ مەزمۇنىغا ماس قىلغان ھەرىكەتلىرى ئولتۇرغانلارنى تازا كۈلدۈردى.

— ئەمدى بىرەر - ئىككى يۇمۇر سۆزلەپ بەرمەمسىز ،— دېدى مۇيەسسەر.

— بولىدۇ، خېنىم،— دېدى سۇلايمان قىزىقچى،— لېكىن مەن يۇمۇر سۆزلەپ تومۇر تۇتىمەن جۇمۇڭ.

— ئىشەنمەيمەن،— دېدى مۇيەسسەر چېقىشىپ.

— سۇن ۋۇكۇڭ يىپ باغلاپ تومۇر تۇتسا ئىشىنىسىز، مەن يۇمۇر سۆزلەپ تومۇر تۇتسام ئىشەنمەمسىز؟

— ئۇنداق بولسا دەپ بېقىڭە.

— شۇ تاپتا سىزنىڭ تومۇرىڭىز: «يۇمۇر، يۇمۇر. سۇلايمانغا يۇگۇر» دەپ سوقۇۋاتىدۇ.

قىزلار بۇ چاقچاقتىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

— ئۇنداقتا مەن بىر يۇمۇر سۆزلەي:

«بىر ئادەم چېركاۋغا توۋا قىلغىلى بېرىپتۇ ۋە:

— پوپ جانابلىرى، مەن بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم،— دەپتۇ.

— قېنى سۆزلىگىنە، بالام،— دەپتۇ پوپ،— قانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇڭ؟

— ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلار قوغلاپ يۈرگەن بىر يەھۇدىينى يوشۇرۇپ قويغان ئىدىم،— دەپتۇ ئۇ ئادەم.

— بۇ ياخشى ئىش ئىكەنغۇ،— دەپتۇ پوپ،— نېمىشقا

ئۆزۈڭنى گۇناھكار ھېس قىلىسەن؟
— مەن ئۇنى يەر ئاستى ئۆيىمىزگە يوشۇرۇپ قويغان، لېكىن ئۇنىڭدىن ھەركۈنلۈك ئىجارە ھەققى ئۈچۈن 1500 فىرانىك ئالغانىدىم.
— سەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن توۋا قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ھاياتى قىلىشنىڭ ئالدىدا 1500 فىرانىك دېگەن نېمىتتى، بالام؟
— لېكىن، — دېدى ئۇ كىشى، — مەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم.»
ئۇلار بەدىنى غەيرىي ئۆسكەن سۇلايماننىڭ شۇنچىۋالا قىزىق يۇمۇر سۆزلىيەلەيدىغانلىقىغا ھەيرانلا قالدى.
— يەنە بىرنى، — دېيىشتى ئۇلار.
— ماقۇل، — دېدى سۇلايمان قىزىقچى دەرھاللا:
«بىر نازىر بىر كۈنى ئايال شوپۇرى بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ. يېرىم يولدا ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ئايال شوپۇر چۈشۈپ:
— مەن ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماشىنا ئاستىغا كىرمىسەم بولاتتى. بىراق، شوپۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن كىرمەي ئامالىم يوق، — دەپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن نازىر چۈشۈپ:
— مەن نازىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن چۈشمىسەم بولاتتى. لېكىن، ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرمەي ئامالىم يوق، — دەپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپتۇ.

بىر چاغدا قاتناش ساقچىسى كېلىپ دەپتۇ:

— مەن يولۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئارىلاشمىسام بولاتتى، لېكىن ساقچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، ماشىناڭلارنى ئالمىقاچان ئوغرى ئېلىپ كەتتى...»

يۇمۇرنىڭ ئاخىرىغا تەقەززا بولۇپ ئولتۇرغان قىزلار يۇمۇرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە يۈزلىرىنى ئېتىۋېلىشىپ:

— ۋىيەي، نېمانچە بىئەپ يۇمۇر بۇ،— دېيىشىپ كەتتى. ئەمما سۇلايمان قىزىقچى بولسا:

— يۇمۇر دېگەنىنىڭمۇ تۈز - تەمىنى تەڭشەپ تۇرمىساق قىزىقى بولمايدۇ،— دەپ قويۇپ كولاسىنى ئىچىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— ئەمدى مەن بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي،— ئۆمەر شۇنداق دەپ كەيپىياتنى تەڭشىمەكچى بولدى ۋە گىتارنى قولىغا ئالدى. ئۆمەرنىڭ گىتار تارلىرىنى يېنىك چېلىشى بىلەن ھەممەيلەن جىممىدە قۇلاق سېلىشتى.

ئاسماندىكى لاچىنلارنىڭ قاناتىدا توپا يوق،
ئالدىماڭلار، چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

ناخشا تۈگىشىگە قىزلار چاۋاك چېلىشىپ كەتتى، ئەمما سۇلايمان قىزىقچى:

— رېستوراندا ناخشىنى سىز ئېيتمىغاندىكىن، تولا قاقىلدىماي شۇ كىشىگە پۇرسەت بېرىڭە،— دېدى. ئۆمەر

كۈلۈپ سۈلايمان قىزنىڭچىغا مۇشتىنى تەڭلىدى:
— ئادەمنى مۇشۇنداق ئۇسال قىلىسىز ئەمەسمۇ...
سۈلايمان قىزنىڭچى دەرھال قورققان ۋە ئامالسىز قالغان قىياپەتكە كىرىۋالدى:
— ئۆمەركا، توختاپ تۇرۇڭ، مەن شىرە ئۈستىگە چىقىۋالاي، بولمىسا تومشۇقىڭىزغا قولۇم يەتمەيدۇ.
ئۇلار سۈلايمان قىزنىڭچىنىڭ ھازىر جاۋابلىقىغا كۈلۈشكەندىن كېيىن:
— بۇمۇ توغرا گەپ. گۈلپەرىنىڭ ناخشىسىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى،— دېدى قىزلاردىن بىرى.
— بولىدۇ،— دېدى كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالغان گۈلپەرى تارتىنىپ ئولتۇرمايلا،— مەن «مۇھەببەت» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي.
— قايسى؟— سورىدى ئۆمەر.
— ھېلىقى «جاننى ئالساڭمۇ مەيلىدى» دېگەن مىسراسى بار ناخشىچۇ.
— ھە، بىلدىم، مەن گىتار بىلەن تەڭكەش قىلىپ بېرەي،— دېدى ئۆمەر.
شۇ چاغقىچە ئارتۇق سۆزلىمەي جىم ئولتۇرغان گۈلنۇر ئېغىز ئاچتى:
— قوش كىشىلىك ناخشا ئۇ. بولمىسا، ئۆمەركا، سىز جور بولۇڭە.
بۇ تەكلىپكە قىزلارمۇ چۇۋۇرلىشىپ قوشۇلدى:
— ئەمدى قاملاشتى.
— بۇ ناخشىنى ئۆز پۇرىقى بىلەن ئاڭلايدىغان بولدۇق.

— ئىككىسىنىڭ ئاۋازىمۇ ماسلىشىپ قالامدۇ نېمە؟

ئۆمەر گىتارنى تەڭشىدى، ئاندىن چېلىشقا باشلىدى. گىتار تارىدىن چىقىۋاتقان ناخشىنىڭ ئېنىق ئاھاڭىغا بىر ئادەمدىن باشقا ھەممەيلەن بېشىنى بىر ئۇيانغا – بىر بۇيانغا قىلىپ تەڭكەش قىلىشقا باشلىدى.

رابىيەنىڭ ئىچىگە بايامنىدىن بېرى تۇتاشقان ئوت بارغانسېرى كۆچىيىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇچىلاشقا، دېمىنى سىقىشقا، يۈرىكىنىڭ تېگىنى يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۆمەر ناخشىنى باشلىدى:

قانچە يىللار بولدى يارىم سېنى كۈتكىلى،
سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتسەم ئارمانىم يوق ئىدى،
يېتەلمىگەچ يار ۋەسلىڭگە ياشلىرىم قۇرۇدى.

ئەمدى رابىيە بۇرۇنقىغا ئوخشاش «مەنمۇ سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە تەشنا» دەپ ئويلىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمدى ئۇنداق ئويلاش سالاھىيىتى قالمايۋاتقاندەك ئولتۇرالماي قالدى.

ناخشا نۆۋىتى گۈلپەرىگە كەلدى:

جاننى ئالساڭمۇ مەيلىدى يېنىمدا تۇرۇپ،
كۆرۈپ باقساڭ گەر يارىم سەن يۈرەكنى يۇلۇپ،
شۇ چاغ بىلەتتىڭ مېنىڭ كۆيگەن قەلبىمنى.

گۈلپەرى ئۆمەرگە يېقىملىق بېقىپ يۇقىرىقى

مىسرالارنى ئېيتىۋىدى، رابىيە چىدىماي يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۆمەر ناخشىنىڭ ئەۋجىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

كېچە ـ كۈندۈز سەن ھەر دائىم مېنىڭ ئويۇمدا،
بىلگىن يارىم مېنىڭ بەختىم سېنىڭ قولۇڭدا،
قاچانغىچە يېتەلمەيمەن سېنىڭ ۋەسلىڭگە؟

ناخشا تۈگىۋىدى، ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

ــ گۈلپەرى، ئاۋازىڭىزنىڭ ھەر كۈنى مۇشۇنداق ساز تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دېدى ئۆمەر. بۇ چاغدا رابىيە «ئۇلار نېمىشقا مۇنداق يېقىنچىلىق قىلىشىدۇ؟» دېگەن ۋەسۋەسىلىك ئوينىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بولۇپ، گۈلپەرىنى بۇ يەرگە ئەكەلگىنىگە تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

ئۇلار خۇشال كەيپىيات ئىلكىدە قىلىشتى.

ــ خۇش بولدىڭىزمۇ، سىڭلىم؟ــ سورىدى يولدا كېتىۋاتقان گۈلپەرى.

ــ بەك خۇش بولدۇم،ــ دېدى گۈلنۇر ھەۋەس بىلەن،ــ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار نېمىدېگەن پەيزى. مۇشۇنداق بولسا كۈنىڭىز خۇشال ئۆتكۈدەك.

ــ ياخشى ئادەملەر بىلەن دوست بولسىڭىز شۇنداق،ــ دېدى گۈلپەرى سىڭلىسىنى ئالىمنىڭ ماشىنىسى بىلەن تازا ئوينىتىۋېتىشنى ئويلاپ. «گۈلنۇر

ناۋادا ئېسىل ماشىنا بىلەن قەدىمىي شەھەرگە ساياھەتكە بارسا، ئالىمنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھەر باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىسا قانچىلىك ھەيران قالار؟» شۇلارنىمۇ ئىختىيارسىز ئويلاپ كەتكەن گۈلپەرى يىسىغىدە كۈلۈپ قويدى.

شۇ ۋاقىتتا گۈلنۇر ئۇ ئويلىمىغانلا بىر گەپنى قىلدى:

— ئاچا، ئۆمەر ئاكاش سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ نېمە؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرى چۆچۈپ كەتتى ۋە: «يوق گەپنى قىلماڭ» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا بىر خىل قىزىقىش بىلەن:

— قانداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەممىدىن سىزگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىكەن. سىزگە بىردەم ـ بىردەم قاراپلا تۇردى. بىللە ناخشا ئېيتقان ۋاقتىڭىزلاردا بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلپەرىدە «لەززەت تورتخانىسى»دا پەيدا بولغان ئىسسىق ئېقىم يەنە تومۇرلىرىدا ئاققاندەك بولدى لېكىن ئۇ دەرھال بېشىنى سىلكىۋەتتى:

— يوق گەپلەرنى قىلماڭ، سىڭلىم. مەن ئۆمەرجان بىلەن ئەمدىلا تونۇشتۇم.

— ئىشقىلىپ، ماڭا شۇنداق تۇيۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن گۈلنۇر ئۆزىنىڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىقى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

لېكىن، گۈلپەرىنىڭ ئىچىگە جىن كىرىۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆمەرنىڭ ئۆزىگە

تېلېفون قىلغىنىنى، يېقىنچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىنى، كۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرىنى، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ قىلغان يېقىشلىق پاراڭلىرىنى، «ئۆز يارىم سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن ناخشا بىلەن ئىسمىنى، تېلېفون نومۇرىنى ئۈستىلىگە باستۇرۇپ قويغانلىقىنى، ھەر ۋاقىت قىلىۋاتقان قىزغىن مۇئامىلىسىنى، بىللە ناخشا ئېيتقاندىكى ھاياجانلىق ھالىتىنى، سۆنۈق دىلىنى يەنە ئازابلىماسلىق ئۈچۈن ئىمتىھان ئىشىنى ئۈستىلىق بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا «ئۆمەرجان مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمۇ؟» دېگەن ئوي پەيدا بولدى. يەنە «مەن نېمىشقا تورتخانىدا ئالىم بىلەن ئۆمەرجاننى سېلىشتۇرغاندىمەن؟ ئادەم نېمىشقا ئۆز خىيالىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى. لېكىن، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رابىيەنىڭ ئاچچىقلانغان ھالىتى كېلىۋىدى، «ياق، ياق! مەن نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن؟» دەپ ئۇ خىيالىنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشتى.

لېكىن، ئۇ شۇ ئاخشىمى ئۆمەر بىلەن بىللە ناخشا ئېيتقىنىنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

※ ※ ※

بۈگۈن تۈنجى ئاخشىمى بولغاچقا گۈلپەرى ئىككى ناخشا ئېيتتى، ئەمما ئۇ شۇ ئىككى ناخشىسى بىلەنلا

ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇنۇمى ئۇلار ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولدى. ھەتتا مۇزىكانت باللارمۇ خۇشاللىقىدا:

— گۈلپەرى، سىزگە مۇزىكا چېلىپ بېرىپ ھاردۇقىمىز چىقتى،— دېيىشىپ كېتىشتى.

ناخشىسىنى ئېيتىپ بولغان گۈلپەرى قايتىشقا ئالدىرىدى. ئۆمەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى:

— گۈلپەرى، ئالدىرىمىسىڭىز، بىر دەم پاراڭلاشساق بولاتتى.

گۈلپەرىدە ئۆمەر توغرۇلۇق خىيال پەيدا بولغاندىن كېيىن گۈلپەرى ئۆمەرگە گەپ - سۆز قىلغاندا ئېھتىيات قىلىشنى ھەم ئۇ بۇ ھەقتە «ئۆمەرجاندا شۇنداق خىيال پەيدا قىلىپ قويماي» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تېلېفوندا دېيىشكىنى بويىچە شۇ تاپتا ئالىم سىرتتا ئۇنى ساقلاۋاتاتتى. بىراق، بۇنى ئۆمەرگە دېگىلى بولمايدۇ - دە. شۇڭا گۈلپەرى:

— خاپا بولماڭ، بىر ئاز ئىشىم بار ئىدى، كېيىن پاراڭلاشساق،— دەپ خوشلىشىپ ماڭدى.

رېستوراننىڭ ئالدىدا ئالىم ئۇنى ماشىنىسى بىلەن ساقلاپ تۇراتتى.

— ناخشىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتىۋەتكەنسىز؟— دېدى ئالىم بۈگۈن ئالاھىدە ياسانغان گۈلپەرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ،— ھەي، مەن ئاڭلىيالماي ئارماندا قالدىم - دە.

— ياخشى ئېيتقان ئوخشايمەن،— دېدى گۈلپەرى بىرىنچى قەدەمنى ئوڭۇشلۇق باسقىنىدىن خۇش بولۇپ،— سىزگە كېيىن ئايرىم ئېيتىپ بېرىمەن.

ئۇلار ۋاژىلداپ قايناپ كەتكەن كەچلىك بازاردا كۆزدىن قىلىنغان تۈگرە بىلەن تاماقلانغاندىن كېيىن، ئالىم:

— مەن بىلەن قانداق جايدا پاراڭلاشقۇڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن مېڭەم ئاغرىپ كەتتى، تىنچراق يەر بولسا بولاتتى.

— بولىدۇ.

ئالىم ئازراق سوغۇق ئىچىملىك ئالغاندىن كېيىن ماشىنىنى غەربىي ئايلانما يولغا بۇرىدى. غەربىي ئايلانما يولى شاماللىق، تىنچ، ماشىنىلارمۇ ئاز بولغاچقا كىشىگە ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلايتتى. ماشىنىنى توختاتقان ئالىم ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىنى ئېچىپ قويغاندىن كېيىن ماشىنىدىن چۈشۈپ كەينى ئورۇندۇققا — گۈلپەرىنىڭ يېنىغا چىقتى.

ئوغۇللار بىلەن مۇنداق مۇھىتتا تۇنجى قېتىم ئولتۇرغان گۈلپەرىدە سەل ھودۇقۇش ۋە خۇدۇكسىرەش پەيدا بولدى.

ناخشا باشلاندى:

سۆيگەنىم گۇناھمۇ، يار يامان دېمە مېنى،
بىر ئۆمۈر ساقلىدىم، ئۇنتۇدۇڭ ھەممىنى.

— سىزگە ئۆتكەندە ئېيتتىم، قولۇم ساقايغاندا دەپ... — دېدى ئالىم ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغان ھالدا، — مەن سىزگە يەنە... يەنە تەلەپ قويماقچىمەن.

گۈلپەرى بۇ گەپتىن تۇنجى قېتىم ھاياجانلاندى، يۈركى دۈپۈلدەپ سوقتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىدىكى نازۇك سېزىملارنىڭ غەيرىيلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئازاب بولدى مۇھەببەت، ھەسرەتلىكتۇر كۈنلەر،
يۈرەكتە قالدىغۇ شېرىن كۈيلەر.

ــ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىم سىزگە ئايان، ئۆزۈمگە تېخىمۇ ئايان،ــ دېدى ئالىم سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ،ــ ئەمدى سىزگە ئۆيلىنىش ۋاقتى بېرەلمەيمەن. ئۆيلىنىشقا پۇرسەت يوق، رۇخسەتمۇ يوق. قېنى جاۋاب بېرىڭ: مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ياكى ياخشى كۆرەلمەمسىز، يوق؟ ماڭا ئوچۇق دەڭ. مېنىڭ قانداق ئەھۋالدا قېلىشىم بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.
ــ بىز... ــ گۈلپەرى ئاستا سۆزلىدى،ــ بىز ياخشى ئۆتۈپ كېتەلەرمىزمۇ، ئالىم؟ مەن... مەن... ھېچبىر ئىشىنەلمەيۋاتىمەن.
ــ ئىشەنمىگۈدەك نېمىسى بار،ــ دېدى ئالىم بىردىنلا قايناپ ۋە گۈلپەرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى،ــ مەن بىلمىۋاتىمەن. مېنى ئازراق بولسىمۇ ياخشى كۆرىسىز، سىز پەقەت ئارتۇقچە نومۇس قىلىپلا ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى قىيناۋاتىسىز. بىلىپ قويۇڭ، سىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگىنىڭىزنى ھېچقانداق ئەيىب بىلگىنىم يوق. راستىنى ئېيتسام خۇشال بولدۇم،

نىمىلا بولسا ياخشى كۆرگەن ئادىمىم كۆز ئالدىمدا تۇرسا، يىراقتا كەتمىسە دېدىم.

گۈلپەرىنى شېرىن بىر تىترەك بېسىپ كەتتى، ئاندىن تاتلىق، ئىنتىلىشلىق بىر سېزىم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامراپ قاتتىق ھاسىرىتىۋەتتى.

مۇھەببەت، كۆزلەرنى ياشلىمىغىن،
مۇھەببەت، ئوتلارغا تاشلىمىغىن،
مۇھەببەت، نادانغا كۆيدۈرمىگىن،
زارلاندى بۇ يۈرەك، قىينىمىغىن.

— مەن سىزگە ئېرىشەلمىسەممۇ، لېكىن سىز ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن بۇ بۇرۇنقى خىيالىم. ھازىر بولسا ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىڭىزدە بارلىقىمنى بىلدىم. شۇنىڭغىمۇ مەن ناھايىتى رازى. بىلەمسىز، سىز ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى. سىزگە شۇنى ئېيتاي، سىزنى شۇنچىلىك بەك ياخشى كۆرىمەن. سىز بۇنى بىلىسىز، ھەتتا بۇنىڭغا ئىشىنىسىز. گۈلپەرى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. گۈلپەرى، گۈلپەرى... مەن دېمىسەممۇ سىزگە ئايان: توي قىلساق قانچىلىك بایاشات، خۇشال ياشايدىغانلىقىمىزنى، ئارزۇلۇق ئەر - خوتۇنلارغا ئايلىنىدىغىنىمىزنى...

— مېنى خىجىل قىلماڭ، ھېلىتىدىنلا ئەر - خوتۇن دەپ...

ئەمما، گۈلپەرىنىڭ گېپىنىڭ داۋامى بوغۇزىدىلا

قالدى. ئالىم گۈلپەرىنى قاتتىق قۇچاقلىدى. تۈنجى قېتىم يىگىتنىڭ باغرىغا كىرگەن گۈلپەرى ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئوت بولۇپ يانغانىدى. ئۇ يۈزىنى ئالىمنىڭ مەيدىسىگە «چىڭگىدە» يېقىۋالدى.

ياشلىق كوچىسىغا بالدۇرلا قەدەم بېسىپ خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئالىم مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقانىدى. ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا گۈلپەرىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى. تۈنجى سۆيۈش بىلەن گۈلپەرى خۇدىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولدى ۋە ئالىمغا چىڭ چاپلاشتى.

بىردەملىك قايناق سۆيۈشۈشتىن كېيىن ئالىم تاماكا چەكتى. گۈلپەرى بولسا نومۇستىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ئالدى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۈزىنى يېقىۋالغانىدى.

ئۇنىئالغۇدىن بولسا داۋاملىق ناخشا كېلىۋاتاتتى:

ۋاپا ئىزدەپ جاپا چەكتىم،
جۇدالىق باستى ئۆزۈمنى.
...

تاماكىسىنى چېكىپ بولغان ئالىم گۈلپەرىنى تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى:

— گۈلپەرى، راستىلا سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ.

ئەمدى خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالغان گۈلپەرى ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئالىم... مەن... سىز نېمىشقا مۇنداق...
— گۈلپەرى، ئەمدى بىز بىللە ياشايمىز. سىز ماڭا تېگىڭ.
گۈلپەرى جاۋاب ئورنىغا ئالىمنى قۇچاقلىدى. بۇنىڭدىن ئالىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى...
گۈلپەرىنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويغان ئالىم «ئىش پۈتتى» دەپ بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ قويۇپ يولىغا ماڭدى. ئۆيگە تولىمۇ تەستە كىرگەن گۈلپەرى ئاپىسىغا قارىيالمىدى.
— كەچ قالدىڭىزغۇ، قىزىم؟
— ئويۇن سەل كەچ باشلىنىپ قالدى.
گۈلپەرىگە خۇددى ئاپىسى ھەممىنى بىلىپ بولغاندەك، بايا ئالىم بىلەن سۆيۈشكىنىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك بىلىنىپ ئىتتىككىلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.
گۈلپەرى ئالدىراپ يېتىۋالغان بىلەن پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ بەدىنى قىزىۋاتقاندەك بىلىنىپ تۇلغىناتتى، شېرىن، تاتلىق تەم كەتمىگەن تىلىنى چىشلىرىغا تىرەپ ھېسسىياتلىناتتى، بايا ئالىم سۆيگەن، شورىغان لەۋلىرىنى قولى بىلەن سىلاپ ھاياجانلىناتتى. «مۇھەببەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى گۈلپەرى ئاخىرى.
ئەتىسى ناھايىتى روھلۇق، يۈرىكى ئويناقشىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرغان گۈلپەرى ئۆزىدىكى بۇ روھىي ھالەتكە ھەيران قالدى.

شۇ ۋاقىتتا تېلېفون جىرىڭلىدى.

— ئاچا، سىزنى ئىزدەيدىكەن. «مەن ساۋاقدىشى» دەيدۇ، ئوغۇل بالىكەن، — دېدى گۇلنۇر.

گۇلپەرى تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ «ۋەي» دېۋىدى، ئالىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گۇلپەرى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!

ئالىم شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. بۇ تېلېفون بىلەن مۇھەببەت خۇشاللىقى گۇلپەرىنىڭ چىرايلىق چېھرىدە نامايان بولدى.

## توققۇزىنچى باب

## بېغىنى تاپالمىغان گۈل

«بىر خۇشاللىقتا بىر قايغۇ ھەمراھ» دېگەندەك، رابىيە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نارازىلىقىغا پەرۋا قىلماي ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئورۇنلىشىپ، «ئاخىر ئارزۇيۇمغا يەتتىم» دەپ شادلىنىپ يۈرۈۋىدى، شۇنىڭغا سوڭدىشىپلا بىر كۆڭۈلسىزلىك يېتىپ كەلدى. گۈلپەرى بىلەن ئۆمەرنىڭ يېقىنچىلىقى ئۇنى چوڭقۇر ئازابقا دۇچار قىلدى.

ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە خىزمەتكە چۈشۈش چاقىرىقىنى ئېلىپلا خۇشال ـ خۇرام، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ يۈرگەن رابىيەنىڭ گۈلدەك چىرايىغا پەرىشانلىق چۈمبەردىسى يېپىلدى. ئۇ كۈنبويى ئىچى تىتىلداپ، دېمى سىقىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان، ھە دېسە «مىڭئۆي رېستورانى»غا بېرىپ باققۇسى، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان مەلۇم ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باققۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا خۇددى رېستورانغا بارسىلا ئۆزى كۆرۈشتىن قورقۇۋاتقان بىرەر ئىشنى كۆرۈپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. بۇنداق چاغدا

رابىيە: «ئۆمەرجان، نېمىشقا مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسىز؟ سىز ئۇچۇن يۈرەك - باغرىمنىڭ ئېزىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيۋاتقانسىزمۇ؟» دەپ زارلىناتتى.

ئۇنىڭ بۇ زارلىنىشى ئاخىر بېرىپ گۈلپەرىگە بولغان نارازىلىقىقا ئالمىشاتتى: «ھەي، گۈلپەرىنى ئۇ يەردە ناخشا ئېيتىشتىن توسۇيدىغان ئىش ئىكەندۇق. نېمىشقىمۇ باشتىلا ئۇنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغاندىمەن؟ ھەي، نېمىشقىمۇ گۈلپەرىنى ئۆمەرجانغا تونۇشتۇرغاندىمەن؟... گۈلپەرى، سەن بىلىپ تۇرۇپ مېنى ئازابلاۋاتىسەن. مېنى كۆرسۇن، ئىچى دەردكە تولسۇن دېگەندەك ئۆمەرجانغا يېقىنچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن. سەن مېنىڭ بەختىمگە قول سوزمىساڭ بولاتتى!» ئارقىدىن ئۇ ئۆمەردىن ئاغرىناتتى: «ئۆمەرجان، مەن سىزنى شۇنچە قەدىرلەۋاتسام، سىزنى شۇنچە ياخشى كۆرۈۋاتسام، مېنى ئۆلسۇن دېگەندەك گۈلپەرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىۋاتىسىز، كۆز ئالدىمدىلا ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتىسىز، ئامراقلىقىڭىزنى ئىپادىلەۋاتىسىز. خۇدايىم، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسىز - ھە؟ سىز شۇنداق تۇتۇرۇقسىز ئادەممۇ؟ كۆزى كور ئادەممۇ؟ ئويلاپ بېقىڭ، مەن كىمدىن كەم؟ چىراي دېسە گۈلدەك چىرايىم بار، ئىقتىدارىممۇ بار، شارائىتىم ھېچكىمنىڭكىدىن قالغۇچىلىكى يوق. شۇنداق تۇرسا، نېمىشقا مېنى چىڭ يېرىڭىزدىن ئويلاشمايسىز؟ ئىككىمىز بىللە بولساق گۈل

گۈلىگە كەلگەن بولمايتتىمۇ، ئۆمەرجان؟ نېمىشقا بۇلارنى ئەقلىڭىز بىلەن ئويلاپ باقمايسىز؟!»

بۇگۈن چۈشتىمۇ ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئارامسىزلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ بۇ ئازابلىق خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرقانچە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاي دېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆمەر بىلەن گۈلپەرىنىڭ بىر - بىرىگە بېقىشىپ ناخشا ئېيتىشقانلىقى، قىزغىن پاراڭلىشىشقانلىقى، ئۆمەرنىڭ گۈلپەرىگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقىنى كېلىۋېلىپ ھەسرەتلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاكىسىغا ئاچچىقلىدى: «بۇ ئاكاممۇ مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ كۈنبويى ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۈرگىنى يۈرگەن. گۈلپەرىگە خىزمەت ئىشلەپ بىر يەرگە ئاپىرىپ قويغاندا ھېرىپ قالمىغاندۇ - ھە؟ ئاكام شۇ ماشىنىسىغا گول بولۇپ يۈرمەي، گۈلپەرىنى ۋاقتىدا ئۇناتقان بولسا ماڭا بۇ كۈنلەرمۇ يوق. ئۆمەرجانمۇ كۆڭلىنى پارچىلاپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئاكام بىر سۆيۈق كۆڭۈل ئادەم، ئەگەر ۋاقتى - ۋاقتىدا جېكىلەپ تۇرمىسام گۈلپەرىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىر دەملىككە ئاكام كەلسە گۈلپەرى بىلەن قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ باقاي. بۇ ئىشنى ۋاقتىدا ئىزىغا سالاي، بولمىسا، ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە.»

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن رابىيە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— ئاكا، گۈلپەرى بىلەن قانداق بولۇپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى رابىيە ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا، «سەن مۇنداق يۈرگىنىڭ بىلەن گۈلپەرى بىلەن خەقنىڭ ئىشى پىشىپ قالاي» دەپ سېلىشتىن قورقىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا ھەممە ئىش مانا مەن دەپ ئوچۇق بولۇپ كېتىدۇ... ئۇنىڭ نېرىسىنى رابىيە ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

رابىيە ئاستا ئاكىسىغا قارىدى. ئالىم بىر ژۇرنالنى پەرۋاسىزلارچە ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى. «ئاھ، ئاكامنىڭ بۇ ھالىدىن قارىغاندا مەن تۇگىشىپتىمەن!» بۇ خىيال بىلەن رابىيەنىڭ بۇغۇزىغا يىغا كەپلىشىپ كەلدى.

— ئۇ ماڭا ماقۇل بولدى.

ئالىمنىڭ ئاددىيلا تەلەپپۇزدا ئېيتقان بۇ گېپىگە رابىيە ئىشىنەلمەي قالدى:

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئاكا؟

— گۈلپەرى ساڭا دېمىدىما؟ بىر ھەپتىدەك بولدىغۇ.

— نېمە؟

رابىيەنىڭ كۆز ئالدى «پاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى. كۆڭلىدىكى تۇمانلار تارىدى، دېمى سىقىلىش تۈگەپ، ئىچى ئازادە بولۇپ قالدى.

— ئۇ راستىلا ماقۇل بولدىما؟

— ئىشەنمىسەڭ ئۆزىدىن سوراپ باق.

رابىيە يۈگۈرگەن پېتى مېھمانخانا ئۆيدىكى تېلېفونغا چاپتى، نومۇرلارنى تېز - تېز باستى:

— ۋەي، گۈلپەرىمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— رابىيەمۇ سىز؟ خىزمەتلەرگە ئوبدان كۆنۈۋالدىڭىزمۇ؟

— گۈلپەرى، ئاكامغا ماقۇل بولدىڭىزما؟

— بۇنداق سوراپ ئادەمنى خىجىل قىلماڭە.

— ياق، ماڭا ئېيتمىسىڭىز بولمايدۇ؟ مەن سىلەرنى دەپ ئاز جاپا تارتتىممۇ؟ شۇنچە قىلغان ئەجرىم بىكارغا كەتسە بولماس،— رابىيە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقىنى بىلەن گۈلپەرىنىڭ «ماقۇل بولدۇم» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاشقا شۇنچە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

— رابىيە، قىلغان ئەجرىڭىز مېۋە بەردى،— گۈلپەرى شۇنداق دەپ تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان رابىيە خۇشاللىقىدىن تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭغا ئۆمەر ئۆزىگە قاراپ قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېلېفون كۇنۇپكىلىرىنى يەنە ئالدىراپ بېسىشقا باشلىدى:

— ۋەي، ئۆمەرجانمۇ؟ سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ قالدى. بۈگۈن كەچتە بىللە تاماق يېسەك قانداق؟

— بولىدۇ. كەچتە چاقىرغۇ قىلىڭ، مېنىڭمۇ سىزنى كۆرگۈم كېلىپ تۇراتتى.

ئۇلار كەچلىك بازاردا تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ياشلار يولىنى ئايلانغاچ پاراڭلاشتى.

— ئۆمەرجان، يېڭىدىن كەلگەن ئۇسسۇلچىلار قانداق ئىكەن؟

— ھەي، بولىدىكەنلا دەي، لېكىن سىزگە يېتەلمەيدىكەن.

— خىزمىتىمىزنى ئىزىغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن دوستلىرىم بىلەن رېستورانىڭىزغا يەنە قايتىپ بېرىشنى ئويلاشقانىدۇق، لېكىن ئۆمەك باشلىقىمىزنىڭ پەيلىگە قاراپ باقساق بۇنىڭغا تازا قوشۇلغۇسى يوق. شۇڭا.... ئالدىڭىزدا بەك سەت بولدى.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، ھېلىمۇ ئىشلىرىمنى تازا يۈرۈشتۈرۈپ بەردىڭىز. سىزگە رەھمەت ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

— ئۆز ئادەم تۇرساق، رەھمەت ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ،— دېدى رابىيە سىناش تەلەپپۇزىدا.

— ئۆز ئادەم دەپ قەدرىنى قىلمىسام، يات ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان رابىيە قانائەت قىلغاندەك بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۇچرىشىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى بۇلا ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى ئۆز مەقسىتىگە بۇرىدى:

— گۈلپەرى رېستورانغا كۆنۈپ قالغاندۇ؟

— قارالڭ، رابىيە، گۈلپەرىنى تەكلىپ قىلىپ بەك ياخشى قىپتىمەن،— دېدى ئۆمەر قىزغىنلىق بىلەن،— گۈلپەرىنىڭ ئاۋازى بارغانچە ئېچىلىپ سۈزۈكلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. كىشىلەرمۇ ھازىر ئۇنىڭغا قايىل. ئەگەر ئۇ ناخشا ئېيتىدىغان بولسا پاراڭلىشىشتىن، تاماق يېيىشتىن توختاپ ناخشىسىنى ئاڭلايدۇ. تېخى ئۇنى

ئۇلاپ ناخشا ئېيتقۇزىدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ناخشىسىغا خۇمار بولۇپ ناخشا ئاڭلاش ئۈچۈنمۇ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر گۈلپەرى ياخشى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىغان بولسا داڭلىق ناخشىچى بولۇپ يېتىشىپ چىققۇدەك. ئۇ بىر يوشۇرۇن كۈچ ئىكەن. ئۇنىڭغا پۇرسەت، مەيدان، قوللاش كەم بولۇۋاتقان ئىكەن. ئەمدى ئۇ تېزلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ، ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

بۇ ماختاشلاردىن رابىيەنىڭ ئىچى تارتىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن: «ھېلى مەن بىر ئېغىز گەپ قىلاي، شۇ چاغدىمۇ ماختاپ بېقىڭە قېنى؟» دەپ ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا،— دېدى رابىيە ئېنىق قىلىپ،— مۇشۇ كۈنلەردە گۈلپەرىگە خۇشاللىق دېگەن قوشلاپ كېلىۋېتىپتۇ ـ دە. ئۇ نېمىدېگەن تەلەيلىك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئۇنىڭغا يەنە قانداق خۇشاللىق كەلدى؟— دەپ سورىدى ئۆمەر چۈشەنمەي.

— بىر تەرەپتىن رېستورانىڭىزدا ئۇ داڭ چىقىرىۋېتىپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىشى ۋۇجۇدقا چىقتى. ئادەمنىڭ تەلىيى كەلسە قوشلاپ كېلىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ.

— مۇھەببەت ئىشى ۋۇجۇدقا چىقتى؟— يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالغان ئۆمەر رابىيەنىڭ سۆزىنى ئىختىيارسىز تەكرارلاپ سالدى،— بۇ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ گۈلپەرى...

رابىيە كۆتۈرەڭگۈ ھالدا جاكارلىدى:

— گۈلپەرى ئاكامنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ.

ئۆمەرنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى:

— قاچان؟

— ئون كۈندەك بوپتۇ.

— ھە...

ئۆمەر بىردىنلا جىمىپ كەتتى. رابىيە بىر ياقتىن «بايا دېدىمغۇ، مانا يېلىڭىز چىقىپ كەتتىمۇ؟ قېنى بايىقى ماختاشلىرىڭىز؟» دەپ مەغرۇر كۈلسە؛ يەنە بىر ياقتىن «ئۆمەرجان گۈلپەرىنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قاپتىمۇ نېمە؟» دەپ يەنە يۈرىكى ئېچىشتى.

— ئۇلارنى يۈرۈۋېتىپتۇ دەڭ؟— دېدى بىر چاغدا ئۆمەر بوش ئاۋازدا.

— ۋاي، ئۇلار مۇشۇ كۈنلەردە ئايرىلماس ئاشىق - مەشۇق بولۇپ كەتتى دەڭە. كۈندىلا بىللە، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە كۆز تەگمىسۇن.

— ئۇلارغا بەخت تىلەيمەن،— دېدى ئۆمەر تولىمۇ تەستە. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ئېغىرلاپ، تىلىغا تاش ئېسىپ قويغاندەك بولۇپ قالغانىدى.

— ماڭا بەخت تىلىمەمسىز؟— دېدى رابىيە ئۆمەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ. شۇندىلا ئۆمەر ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى ۋە يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتتى. ئۇ رابىيەنىڭ ئىچىدىكىنى بىردىنلا چۈشىنىپ يەتتى.

— سىز ئەسلىلا بەختلىك تۇرسىڭىز،— دېدى ئۆمەر بۇرۇنقىدەك يېقىملىق ۋە تەمكىن ھالىتىگە قايتىپ،—

ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە قولۇمدىن قانچىلىك كەلسە شۇنچىلىك بەخت ئاتا قىلىشنى خالايدىغان تۇرسام.

— ئۇنداقتا پات - پات مەن بىلەن كۆرۈشۈڭ، — دېدى رابىيە خۇشاللىقتىن كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، — سىز بىلەن كۆرۈشۈش مېنىڭ بەختىم.

— چاتاق يوق، مېنىڭ سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشۈم مۇشۇنداق ئاسان بولىدىغان بولسا، بولدى، سىزنى كۈندىلا ئىزدەي.

— كۈندىلا ئىزدىسىڭىز مەن بەك خۇش بولىمەن، ئۆمەرجان!

رابىيەنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇرقى ئۆمەرنى شۇ جايدىلا قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىدىغاندەك ئىدى. بۇنى سەزگەن ئۆمەرنىڭ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى، ئەمما يوشۇرۇن بىر كۈچ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ مۇنداق شىرىن سوقۇشىنى جىددىي تورمۇزلاپ توختاتتى.

— خوش، رابىيە، سىزدەك ئوماق قىز بىلەن مېنىڭمۇ كۈندە كۆرۈشكۈم كېلىدۇ. سىزنى كۈندە كۆرەلمىسەممۇ كۈندە تېلېفون قىلىپ تۇرىمەن. رېستورانغا بارىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

ئۆمەر مېڭىپ كەتتى.

رابىيە ئۇنىڭ كەينىدىن تاتلىق مۇھەببەت ھېسلىرىغا چۆمۈلگەنچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۆمەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ھەل بولۇپ قالغاندەكلا تۇيۇلدى. «گۈلپەرى ھەققىدىكى خەۋەرنى تازا پەيتىدە يەتكۈزۈپتىمەن. مانا ئەمدى ھەممە ئىش ھەل بولدى، ئىزىغا چۈشتى. مەن

ئەمدى قاراپ تۇرماي، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆمەرجان بىلەن ئىشىمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋالاي. ئاھ، قاچانمۇ ئۆمەرجان بىلەن ئىككىمىزمۇ...» رابىيەنىڭ تېنىگە شىرىن بىر ئېقىم تارىدى...

※ ※ ※

رېستورانغا يېقىنلاشقانچە ئۆمەرنىڭ كەيپىياتى يەنە ئېغىرلاپ كەتتى. ئۇ بېشىنى سالغىنىچە ئۇدۇل ئىشخانىسىغا ماڭدى. تونجى قېتىم كۆتكۈچى ۋە باشقا خىزمەتچىلەر بىلەن ئىللىق سالاملىشىپ مېڭىشنى ئۇنتۇدى. سالامغا تەييارلانغان قىز - يىگىتلەر ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھەيرانلىقىنى، تەئەججۈپىنى ئىپادىلەپ بىر - بىرىگە ئىشارەتلەر قىلىشتى.

ئۆمەر سەھنە ئارقىسىغا كەلگەندە بىر مۇزىكانت بالىدىن سورىدى:

— گۈلپەرى كەلدىمۇ؟

— ياق، لېكىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— كەلسە دەپ قويىغان بولسىڭىز، ئىشخانامغا بىر كىرگەن بولسا.

— بولىدۇ.

ئۆمەر ئىشخانىسىغا كىرىپ بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇردى. بىر خىل مەھرۇملۇق تۇيغۇسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەك يېرىم قىلىۋەتكەنىدى. ئەمدىلا بىخلانغان، ئەمما خېلىدىن بۇيان يوشۇرۇن تۇتۇپ كەلگەن

تۇيغۇسىنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ئۇنىڭ قەلبىنى چىدىغۇسىز ھەسرەتكە تولدۇردى. يۈرىكىنىڭ ئاغرىشىغا چىدىمىغان ئۆمەر ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ كۆزىنى «چىڭڭىدە» يۇمۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. ئۆمەر ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ھەسرەتلىك تىنىپ:

— كىرىڭ،— دېدى.

ئىشىكتىن يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن گۈلپەرى كىرىپ كەلدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى: مۇشۇ ئىللىق چىراينىڭ، سۇزۇك، يېقىملىق ئاۋازنىڭ، گۈل قامەت بەدەننىڭ، ئادەمگە خاتىرجەملىك، بەختىيارلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ۋۇجۇدنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا قىسقا دەملىك سۆيگۈ ھۇزۇرى ئاتا قىلىپ، ئەمدىلىكتە دەرد ـ پىغاندا قويدى.

گۈلپەرى ئۆمەرنىڭ تىكىلىپ تۇرۇۋېرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سورىدى:

— ئۆمەرجان، مېنى چاقىرىپتىكەنسىز. بىرەر ئىش بارمىدى؟

ئۆمەر خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، مەقسىتىنى ئۇدۇل دېيىشكە پېتىنالمىدى، شۇڭا ئۇ گەپنى ئەگىتتى:

— گۈلپەرى، سىز بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى خېلى بولۇپ قالدى. قانداق، بۇ يەردىن رازى بولدىڭىزمۇ؟

— بەك رازى بولدۇم،— دېدى گۈلپەرى چىن كۆڭلى بىلەن،— ئەگەر سىز مېنى بۇ ئىشقا دالالەت قىلمىغان

بولسىڭىز، ئىلھام ـ مەدەت بەرمىگەن بولسىڭىز، مەن ناخشا ئېيتىشنى پەقەت بىر ھەۋەسىم، قىزىقىشىم دەپلا يۈرەركەنمەن. بۇ ئىشتا مەن سىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن، ئۆمەرجان.

ــ ئۇنداق دېمەڭ، گۈلپەرى، ــ ئۆمەر خۇشال بولۇپ، ــ ئىقتىدار دېگەن ھامان ئىقتىدار. مەن سەۋەب بولمىسام، بەرىبىر يەنە بىر سەۋەب بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز نامايان قىلالايتتىڭىز. لېكىن، بۇ ئىشتا سىز ئۇچۇن مەن سەۋەب بولۇپ قالغىنىمغا ئۆزۈمدىن بەكمۇ سۆيۈنىمەن.

ــ مەن بولمىغان ئىشقا قارىغاندا بولغان ئىشقا نىسبەتەن مىننەتدار بولسام بولىدۇ. سىز مېنى ئويغاتتىڭىز، مېنى ئۇمىدسىزلىك ئىچىدىن تارتىپ چىقتىڭىز. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن قاچانغىچە يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبنى كۈتۈپ تۇرار بولغىيتتىم. شۇنداق بولغاچقا، مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ــ تېخىمۇ تىرىشىڭ، تېخىمۇ يىراقنى ئويلاڭ، بەلكىم كېيىنچە ناخشىچىلىقىمىزدا سىز قىلىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

ــ ئۆمەرجان، ئەگەر سىزلا مۇشۇنداق مەدەت بەرسىڭىز مەن ئاخىرغىچە تىرىشىمەن.

ــ كېيىن كاتتا چولپان بولۇپ كەتسىڭىز قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ.

ــ بەلكىم سىز مېنىڭ ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىمنى

بىلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ماڭا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇۋاتقانسىز. مەن سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئۆمەرجان. بەلكىم سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، سىز بۇ ئىشتا مېنىلا تونۇتمىدىڭىز، بەلكى پۈتۈن ئائىلىمىزنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردىڭىز.

بۇ ماختاشتىن ئۆمەر خىجىل بولۇپ قالدى:

— ئەستا، بىر ئوبدان سۆزلىشۋېتىپ مېنى ماختاشقا چۈشتىڭىزغۇ ئەمدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ سىزدىن پايدىلىنىۋاتقان تۇرسام.

— بۇ راست، ئۆمەرجان...

— گۈلپەرى، سىز ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي نامايان قىلالىسىڭىز مەن شۇنىڭدىن خۇش بولىمەن. ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەڭ.

— رەھمەت، ئۆمەرجان، ئەگەر مەن سىزگە ئۇچراشمىغان بولسام قانداقمۇ قىلارمەنكىنتاڭ؟

— ھەرقانداق ئىشتا قىينالسىڭىز مېنى ئىزدەڭ.

— رەھمەت، ئۆمەرجان، سىزدىن خىجىلچىلىقتا ئەمەس، خۇشاللىق بىلەن ياردەم سورايمەن،— گۈلپەرى سائەتكە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى،— مەن چىقىپ تەييارلىق قىلاي.

گۈلپەرى ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ئۆمەر باياتىندىن بېرى ئىچ - ئىچىدىن دەۋەت قىلىنىۋاتقان سوئالنى ئاخىر سورىدى:

— گۈلپەرى، خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىسىمۇ، بىز دوست بولغاچقا بىر ئىشنى سورىسام

خاپا بولماڭ، سىز ئالىم بىلەن يۇرۇۋاتامسىز؟

بۇ سوئالنى ئاڭلىغان گۈلپەرى ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆمەرنىڭ قانچىلىك جۇرئەت، چىدام بىلەن ئازابنى بېسىپ بولغۇسىز كۈنداشلىق ئوتىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە تاقەت قىلىپ سوراۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۆمەر ياخشى يىگىت، ئېسىل پەزىلەتلىك يىگىت، قىزلار ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان يىگىتلەرنىڭ گۈلى. شۇڭا، گۈلپەرىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئىسسىق بولغان، خىيالى بۆلۈنگەن، ھەتتا ئۇنى چۈشىدىمۇ كۆرگەن. بىراق، ھازىر گۈلپەرى بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرسا بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ لېۋىنى چىشلەپ بىرپەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئوچۇق ئېيتتى:

— شۇنداق، ئۆمەرجان، ئالىم بىلەن كېلىشىپ قالدۇق.

ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرۇشنى ئەپسىز كۆرگەن گۈلپەرى ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى.

قاتتىق ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە قالغان ئۆمەر تېخىچىلا بېشىنى لىڭشىتىۋاتاتتى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ لېۋىنى چىڭ چىشلىدى.

گۈلپەرى بىلەن ئۇچراشمىغان بولسا بەلكىم ئۆمەر بۇ چاغقىچە رابىيەگە تەلەپ قويۇپ بولغان بولاتتى. دەسلەپتە ئۆمەرنىڭ ھەقىقەتەن رابىيەگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. رابىيەنىڭ ئوماقلىقى، خۇشخۇيلۇقى، ئوچۇق -

يورۇقلۇقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۆمەر دەسلەپكى كۈنلەردە «رابىيە نېمىدېگەن ئۇز قىز! تەلىيىمگە خۇدايىم پەرىشتىدەك بىر قىزنى ماڭا ئۇچراشتۇرۇپتۇ. ئەگەر دىل رىشتىمىز چىگىلگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى!» دەپ ئويلىغان بولسا، كېيىن رابىيەنىڭمۇ ئۆزىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ: «مەن ھەقىقەتەنمۇ ئاللانىڭ ئامەتلىك بەندىلىرىدىن بىرى ئىكەنمەن. ئىشىم ئوڭغا تارتقانىنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ئېسىل بىر قىزنى ماڭا نېسىپ قىپتۇ» دەپ بەك خۇشال بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيە ئۇنىڭ دىل خانىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغانىدى. ئىشلار شۇنداق راۋاجلانغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!

ئەمما، قاچانكى گۈلپەرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلدى، دىل خانىسىدا رېئاكسىيە يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى. شۇنداق، ئۇ گۈلپەرىنى بۇنچە تېز ياخشى كۆرۈپ قالغىنىغا پەقەت ئىشىنەلمەي قالدى. ئۇ بۇنداق ئەھۋالدا قانچىكى سوغۇققان، تەمكىن بولاي دېگەنچە، سۆيگۈ دولقۇنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن كېلىپ ئۇنى تارمار قىلىپ، مەغلۇپ قىلىشقا باشلىدى. ئۆمەر شۇ سەۋەبتىنمۇ ئالىم بىلەن گۈلپەرىنىڭ يېقىنلىقىدىن بىرنەرسىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنى «ئۇلار پەقەت ئادەتتىكى دوست» دېگەنگە ئىشەندۇرۇشكە تىرىشتى،

شۇڭا ئۇ ئىختىيارى، ئۆز ئەركى ئەمەس ھالدا گۈلپەرنى دادىللىق بىلەن ئىزدىدى، رېستورانىغا ئەكەلدى، قولىدىن كېلىشىچە شارائىت يارىتىپ بەردى، شۇ ئارقىلىق گۈلپەرى بىلەن بولغان يېقىنچىلىقنى چوڭقۇرلاتماقچى، ئۆز نەزىرىدىكى سۆيگۈ گۈلىنى ئېھتىيات ۋە سەۋرچانلىق بىلەن پەرۋىش قىلماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ئۆمەر بۇ سۆيگۈ گۈلگە بىر تېمىم دىل سۈيى تېمىتماي تۇرۇپ قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەكسىچە بولسا باشقا باغۋەننىڭ قولىدا چىرايلىق پورەكلەپتۇ.

كەينى ـ كەينىدىن ئېغىر ئۇھ تارتقان ئۆمەر تارتمىنى ئېچىپ بىر پارچە گېزىتنى ئالدى ۋە ھازىرغىچە قانچە قېتىملاپ ئوقۇغان «سەن بەربىر گۈل بولىسەن ياتلار بېغىغا» ناملىق نەسرىگە كۆز يۈگۈرتتى:

«قىسمەتنىڭ چەرخى يامغۇر تامچىلىرى ئارىسىدىن مېنىڭ يولۇمنى نامايان قىلدى. ئىككىلىنىش تەشتىكىدە ئېچىلغان ئىنتىلىش گۈللىرى مېنىڭ دەل شۇ چاغدىكى قايناق ۋە زىددىيەتلىك قەلبىم!

باغدىكى گۈللەر ئاللىبۇرۇنلا باشقىلارنىڭ زوقىغا پورەكلىگەن، شاماللار مېنىڭ سۆيگۈ قەسىرىمنىڭ ئىشىكىنى ھەم يېپىۋەتكەن ۋاقىتتا نېچۈن سېنى سېغىندىم؟ مېنىڭ ئاۋات، ئەمما غېرىبانە خانام سېنىڭ يۇمران شولاڭغا موھتاج ئىدى، ئەمما سەنلا قالدىڭ چېچەك ئاچمىغان، سەنلا قالدىڭ يۇمرانلىقىڭ، پاكلىقىڭنى ساقلىغان...

ھالبۇكى، قەلبىم توختاۋسىز نىدا قىلىپ سۆيگۇ قەسرىنى تىترىتىدۇ، سەن بەربىر گۇل بولسەن ياتلارغا بىغىغا!

شۇنداق، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇشقىرتمۋاتقان ئازاب بورىنى قەلبىمنى سەن ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتكەن. سېنىڭ پاكىز دۇنيايىڭغا مېنىڭ مۇھەببەت يىلتىزلىرىمنىڭ بىخلىنىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن. مېنىڭ بىخلىرىم سېنىڭ پەرۋىشىڭگە ئەرزىمدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن، لېكىن بارلىقىم سېنىڭ سايەڭگە ئۇنسىز قول سۇنىدۇ.»

بۇ شائىر ئاداش ئۆمەرنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى ئالدىن بىلىۋالغاندەكلا مۇشۇنداق يېزىپتۇ دېسە. ئۆمەرمۇ ئۆزىنىڭ ھامىنى بىر كۇنى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك بۇ گېزىتنى ساقلاپ قويۇپتۇ.

ئۆمەر ئاچچىق نىدا قىلدى: «ئاھ، بەختلىك بولۇڭ، گۇلپەرى!»

زالدا گۇلپەرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرىدى:

ئېگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

ئەمدى ئۆمەر بۇ ئىشخانىسىدا ئولتۇرغۇسى، بۇ

رېستوراندا تۇرغۇسى كەلمەي قالدى. ئۇ بىر نەچچە چاقىرغۇ قىلدى. بىردەمدىلا تېلېفون كەلدى:

— ۋاي، ئۆمەر لاۋبەن، بارمۇ سىلە؟

— بارات، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ئاداش؟

— نېمە ئىش قىلىمىز، ئاداش، بىكارچىلىقتا زېرىكىپ كورت ئويناۋاتىمىز.

— ئىچىم پۇشۇپ قالدى، ئولتۇرساق دەپ ئويلىۋىدىم.

— بولىدۇ، ئاداش، سەنمۇ شۇنداق دەپ باق. سەن يولغا چىققاچ تۇر. ھېلى ساڭا چاقىرغۇ قىلىمىز.

ئۆمەر ئىشخانىسىدىن چىقىپ رېستوران باشقۇرغۇچىغا ئىككى ئېغىز گەپ تاپىلاپ قويۇپ زالدىن ئىتتىك ئۆتتى. زالدا ناخشا ئاۋازى ياڭرايتتى:

جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.
...

ئۆمەر يۈرىكى تىلىم - تىلىم بولغان ھالدا رېستوراندىن چىقىپ كەتتى. ئۆمەر يېرىم يولغا كەلگەندە بارات چاقىرغۇسىدا قالدۇرغان ئۇچۇرغا ئاساسەن «گۈلدەستە» تېز تاماقخانىسىغا باردى. ئۆمەر ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئولتۇرۇش ئۇچۇن بوش ئورۇن ئىزدىۋىدى، باتۇر ئورنىدىن تۇردى ۋە دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان بۇرۇنقىدەكلا ئادەتتىكىچە كىيىنگەن،

چىرايىدىن مۆلايىملىقى چىقىپ تۇرغان ئاغىنىسىگە قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— يائاللا، ئەسەيدۇللا، گەپ قىلمىسا ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىلمايدىكەنسەن، ئۆمەر ئاغىنىمىز شۇ يەردە ئولتۇرسا يۈزۈڭ چىدامدۇ؟ مەن ئورۇن بوشىتىپ بېرەي دېسەم بىردەملىككە هاراق قۇيىدىغان ئىش.

ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا بارات ئورنىدىن تۇردى:

— شۇ ئەمەسمۇ، تازا بىر ئاداش دېسە بۇ. شۇڭا مەن ئۇنى ئەسەيدۇللا دەپ ئەمەس، بەلكى «ئەسكى سەيدۇللا» دەپ چاقىرىمەن ئەمەسمۇ.

بۇ گەپ بىلەن كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئىچىدە ئەسەيدۇللا ئورنىدىن تۇردى:

— باشقىلارنى بىلمىسەممۇ ئۆزۈم بىلەن ئۆمەرنى ئوبدان بىلىمەن. كېلە، ئاداش.

ئەسەيدۇللامۇ بوش كەلمەي باراتنى قىستاپ يېنىغا بىر ئورۇندۇقنى قىستۇردى. ئۇنىڭ بۇ هەرىكىتىدىن ئولتۇرغانلار هەيران قېلىشتى:

— هوي، بۈگۈن بۇنىڭ خۇيى تۇتۇپ قاپتىغۇ.

— بوپتۇ، بوپتۇ. «ئەسكى سەيدۇللا»مۇ دېگىنىنى قىلىپ باقسۇن.

— توغرا، ئۇ بوزەك بولۇۋەرسىمۇ قىزىقى قالمىغۇدەك.

ئۆمەر ئەسەيدۇللانىڭ يېنىغا جايلاشتى. ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك پەرىشان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسەيدۇللادىن ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇمىدى:

— قانداق، ئاداش؟ ئاپاڭنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىدۇ؟
— نەچچە كۈن بولدى، ئوبدانلا بولۇپ قالدى. ھازىر ئۆيدە.
— بۇنىڭ ئاپىسى ئەسەيدۇللا پۇل تاپسىلا ئاغرىپ قالىدۇ. داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ قالسا ئەسەيدۇللانىڭ ئىشى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، پۇلى ئەمدىلا كۆپەيسە يەنە ئاغرىپ قالىدۇ.
— غەيرەت قىل، ئاداش، — دېدى ئۆمەر، — زىققە دېگەن يامان كېسەل. دىققەت قىلمىسا قوزغالغىلى ئارانلا تۇرغان.
باراتلار كېلىپلا تاماقلارنى بۇيرۇتۇۋەتكەن چېغى، ئۆمەر ئولتۇرۇپ بولۇشىغا سوغۇق سەيلەر چىقىشقا باشلىدى.
— باتۇر، ھارىقىڭنى قۇيە.
— ھوي، ھوي، نېمە بولدۇڭ بۈگۈن؟ — دېدى باتۇر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك، — قورۇمىلار تېخى چىقمىغان تۇرسا.
— مەيلى، قۇيىۋەر.
— بۈرۈن ئۈچ رومكىدىن ئارتۇق ھاراقنى ئىچمەيدىغان ئادەم. تېخى شۇ ئۈچ رومكىنىمۇ زورلىتىپ...
ئۇنىڭ گېپىنى يەنە بارات بۆلدى:
— بۇلارنى دەپ نېمە قىلىسەن؟ ئۆمەر قۇي دېگەندىكىن قۇيمامسەن. نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۆمەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىساق بولىدۇ.
باتۇر بېشىنى لىڭشىتىپ ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ

ئاغزىنى ئېچىپ كىچىك رومكىنى قولىغا ئالدى. ئۆمەر:

— توختا،— دەپ ئالدىدىكى چاي ئىستاكىنىدىكى چاينى ئىچىۋېتىپ ئىستاكاننى «توككىدە» قىلىپ باتۇرنىڭ ئالدىغا قويدى،— بۇنىڭغا قۇي.

باتۇر ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— بىرىنچىسىنى ماڭا قۇي،— دېدى ئۆمەر.

باتۇر بۇنىڭ راست - يالغىنىنى بىلەلمەي باشقىلارغا قارىدى. بارات ئۇنىڭغا «قۇيۇش» ئىشارىتىنى قىلدى. باتۇر هاراقنى بۇلدۇقلىتىپ قۇيۇشقا باشلىدى.

— ئاداش، بۇنداق ئىچمە،— دېدى ئەسەيدۇللا.

— ئۆزۈم بىلىپ خالاپ قىلىۋاتىمەن، ئەسەيدۇللا،— دېدى ئۆمەر.

ئۆمەر لىق بىر ئىستاكان هاراقنى قولىغا ئالدى ۋە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. قالغانلار ئۇنىڭ هاراق ئىچىشىگە قاراپلا قالدى.

— قالغانلارنىڭ ئىختىيارى، كىچىك رومكىدا ئىچسىمۇ بولىدۇ. بۈگۈن مېنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىستاكان ئىچكۈم كېلىپ قالدى،— دېدى ئۆمەر هاراقنىڭ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن چاينى ئۇزمەي ئىچىۋېتىپ.

باشقىلار بىرنېمە دېگۈچە باتۇر ئىستاكاننى ئالدىغا قويدى:

— هەممىمىز مۇشۇنداق ئىچىمىز. ئۆمەر ئىچكەندىكىن بىزمۇ شۇنداق ئىچمىسەك قانداق بولىدۇ.

— توغرا، باتۇر،— دېدى باراتمۇ،— بولمىسا، دوستىمىز ئۆمەرنى باشقىچە ئويلاپ قالغان بولمايمىزمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇنداق ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. ھاراقنىڭ مىقدارى كۆپ بولغاچقا ئولتۇرغانلار بىردەمدىلا قىزىدى. غەيۋەت باشلاندى، گەپ تالىشىپ ئۆگىنىپ قالغانلارنىڭ ئېغىزى قىچىشتى...

— دوستلار، مەن سىلەرگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ھاراقنىڭ كەيپى تۇتقان ئۆمەر ئۆزىدىكى ئازابنى باسالماي.

— ۋوي، ئۆمەر لاۋبەنىنىڭ بۇگۈن پەيزى تۇتۇپ قاپتىغۇ.

— ياشايدىغان ۋاقتىڭ - دە بۇ ئۆمەر.

— گىتار بارمۇ؟ — سورىدى ئۆمەر.

— بۇ يەردە ھەرقاچان گىتار بارغۇ؟ — بىرەيلەن شۇنداق دەپ چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا بىر گىتارنى كۆتۈرۈپ كىردى. بۇ گىتار تولا چېلىنغانلىقتىنمۇ پەدە بېسىلغان يەرلىرىنىڭ سىرى چۇشۇپ كەتكەنىدى.

ئۆمەر سورۇندىكىلەرنىڭ جىم بولۇشىنىمۇ كۈتمەستىن گىتارنى چېلىشقا باشلىدى. مۇڭلۇق ناخشا باشقىلارنى تەبىئىيلا جىملىدى:

چاچلىرىڭدىكى يىپنى تاپارمەن،
ئالەمدە بىر سېنى تاپارمەن.
ئۆزۈمنى يوقاتسام يوقاتتىم،
بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن.

ئۆمەر ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ

سورۇندا ئەمەس، بەلكى گۈلپەرىنىڭ ئالدىدا يۈرەك مۇڭىنى تۆكۈۋاتقاندەك ناخشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ كۆزى نەملەشكەندەك بولدى.

كۆلدۇ بىر كۈنى ئارمانىم،
بېشىڭنى سىلايدۇ بارماقىم.
ۋىسال دەپ تۇندە تاڭ ئاتماغىم.
بىر كۈنى مەن سېنى تاپارمەن.

سورۇندىكىلەر قىزغىن ئالقىشلاپ چاۋاك چېلىشتى.

— بەك مۇڭلۇق ئېيتتىڭ.

— بىر قولىدا گىتار، بىر قولىدا رېستوران. ئاجايىپ تەلەيلىك ئوغۇل - دە بۇ.

ئەمما، بارات بىرنەرسىنى بايقىغاندەك بولدى:

— ھوي ئۆمەر، يەنە كىمنىڭ ئوتى تۇتاشتى ساڭا؟ ئەجەبمۇ «تاپارمەن» دەپ كەتتىڭغا.

— شۇنى دەيمەن، شەھەر باشلىقىنىڭ قونچاقتەك ياسىنىپ يۈرىدىغان ھېلىقى قىزىدىن زېرىكتىڭما؟

ئۆمەر ئۇنىڭغا ئالايدى:

— سەت گەپ قىلما.

— ئەمىسە نېمىشقا مۇنداق زارلايسەن؟ بۇگۈن زادى ساڭا بىر ئىش بوپتۇ.

ئۆمەرگە يەنە بىرئاز تالاشسا ھەممىنى دەۋېتىدىغاندەك بىلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

— بۇلارنى سورىماي ھارىقىمىزنى ئىچەيلى.

بىرىنچى ئىستاكاننى ھاراقنىڭ تەسىرى بولغاچقا سورۇن ئۇزاققا سوزۇلمايلا ئۇلار مەست بولۇپ قېلىشتى.

ئۆمەر باشقىلارنىڭ «بىز ئاپىرىپ قويايلى» دەپ شۇنچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي، «ئەسەيدۇللا بىللە بىللە قايتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا باتۇر بىلەن بارات ئەسەيدۇللاغا ئالىيىپ قارىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

ئۆمەر خېلىلا مەست ئىدى. ئەسەيدۇللا بولسا: «ئاپام ئەمدىلا ياخشى بولدى. مەن مەست بولۇپ ئۆيگە بارسام سەت بولىدۇ» دەپ ئارىلاپ ئىچكەچكە ئەھۋالى ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆمەرنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئۆمەر، يۈر ئاداش، يول بويىغا چىقايلى. مەن تاكسى توسۇي، — دېدى. لېكىن ئۆمەر ئۇنىمىدى:

— ياق، مەن... مەن سەن بىلەن پىيادە ماڭىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىيادىلەر يولىدا مېڭىشتى، لېكىن ئۆمەر ئىككى قەدەم ماڭە ـ ماڭمايلا ئەسەيدۇللاغا گەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى:

— ئاداش، مەن سېنى ھەممىدىن... ھەممىدىن يېقىن دەپ بىلىمەن. سەن ئاق... كۆڭۈل، باشقىلارنىڭ ھا... ھا... ھالىغا يېتىشنى بىلىسەن.

— رەھمەت، ئاداش، ھوي بۇياققا ماڭ، ئۇياقتا ئورەك بار.

— ئەسەيدۇللا، سەن شۇنداق تىرىشچان... غەيرەتلىك.

مەن سېنىڭ شۇ... شۇ يېرىڭگە قا... قايىل. بەك قىيىنلىپ كەتسەڭ ئىچىڭگە ئېلىپ يۇرۇۋەرمە... ھەرقانداق قىيىنچىلىقىڭ بولسا ما... ما... ماڭا دېگىن. مەن قولۇمدىن كېلىشىچە يار... دەم قىلىشقا تەييار.

— ۋاقتى كەلگەندە سىلەرنى ئاۋارە قىلىمەن تېخى.

— بىلەمسەن. مېنىڭ ئادەمنى تەڭ... تەڭ كۆر... كۆرمەيدىغان ئاغىنىلەرگە ئاچچىقىم كېلىدۇ. مەن...

— ئۆمەر، ئۇ يەردە ئولتۇرما. بەك توپا ئىكەن.

ئەسەيدۇللا ئولتۇرۇشقا تەمشەلگەن ئۆمەرنى يۆلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر بايىقى گېپىنى ئۇنتۇپ قالدى.

— بىلەمسەن، ئەسەيدۇللا، ئىچىم دەردكە تو... توشۇپ... تۇشۇپ كەتتى مېنىڭ.

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى. سېنىڭ نېمە دەردىڭ باردۇ؟

— سەن... سەن... بىلمەيسەن، كۆڭلۇم چۇشكەن قىز باشقا بىرەيلەننىڭ يېنىغا كەتتى. شۇڭا بۇ... بۇگۇن پە... پەقەت تاقەت قىلالمىدىم.

— ھە، ھېلىقى شەھەر باشلىقىنىڭ...

— ياق، مەن... مەن... باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇ... ئۇ كېتىپ قالدى. بۇگۇن ئۇ گەپنى ئۇنىڭ ئا... ئا... ئاغزىدىن ئاڭلاپ بۇ دەردنى ئىچىمگە... ئىچىمگە پاتقۇزالمىدىم.

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى... شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى.... ھە رابىيەچۇ؟

— ئۇمۇ بار. لېكىن... لېكىن مەن ئۇ قىزنى تېخىمۇ بەك... تېخىمۇ بەك ياخشى كۆ... كۆرۈپ قالغانىدىم. شۇنىڭغا چىدىيالمايۋاتىمەن، ئە... ئەسەيدۇللا.

— شۇنداق بولغاندىكىن، سەنمۇ خەقنى قىينىما.

— توغرا، را... رابىيە بار. مەن ئۇ قىزنى ئازابلىسام بولمايدۇ. مەن سېنىڭ... گېپىڭنى ئاڭلايمەن. خەق ما... ماڭا ئازار بەرسە، مەنمۇ دەرھال... باشقىلارنى ئازابلىسام... بۇ بولمىغۇدەك... ئۇ ئىش...

ئاخىرى بېرىپ ئۆمەرنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسەيدۇللا ئۇنى مىڭ تەستە كىرا ماشىنىسىغا سېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

# ئونىنچى باب

## قىروۋ باسقان غۇنچە

شەنبە كۈنى. رابىيە ئاپىسىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋاتاتتى.

— ئاپا، قىرىغانچە قىلىقىڭلار جىقلاپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇڭ، — دېدى رابىيە چىقىشقان تەلەپپۇزدا.

— بۇرۇن بىلمەپتىمىز. شۇنداق ياخشى شارائىتىمىز تۇرسا جاپا تارتىپ يۈرۈپتىمىز. ئەمدى ئازراق بولسىمۇ ئورنىنى تولدۇرۇۋالمىساق قانداق بولىدۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ بۇ ياشقا كەلگەندە چاي ئويناپ ساتلارمۇ دەيمىنا.

— ئۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟

— باشقىلار ئاڭلىسىمۇ...

— ۋاي، قىزىم، باشتا مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قورۇنغانىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، بەزىلەر بىزدەك شارائىتى يوق بولغاچقا چىدىماي ھەسەت قىلىپ گەپ تاپىدىكەن، يەنە بەزىلەر شارائىتى بولسىمۇ ئارىمىزغا قوشۇلالماي سۆز - چۆچەك قىلىدىكەن. ھازىر مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن. ئۇلارمۇ قولىدىن كەلسە گۈل

ئۇندۇرۇۋالسۇن. ھە، بۇ ھالقىنى ئالدىنقى قېتىمقى چايدا تاقىغان. ئەمدى ئاتاڭ شىنجىڭدىن ئەكەلگەن ھېلىقى ھالقىنى تاقاپ باقاي. ئۆزۈمنىڭ چىيى بولغاندىكىن چاي ئىگىسىدەك ئولتۇراي.

رابىيە سائادەتنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، ئاپىسىنى يولغا سېلىشقا ئالدىرىدى.

رابىيە مۇشۇ كۈنلەردە ئاپىسىغا ھەيرانلا قالىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئاپىسى بۇرۇن ئۇنداق ھەشەمەتخور ئايال ئەمەس ئىدى. ئاتىسى ياش چېغىدىلا شەھەردىكى بىر ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بولغانىدىمۇ، ياشلىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاپىسى بۇنچىلىك ھەشەمەتكە بېرىلگەن ئەمەس ئىدى. مانا ئەمدى يېشى ئەللىككە يېقىنلىشىپ قېرىلىققا قاراپ يۈزلەنگەندە ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى چىقىشقا باشلىدى. يا بۇرۇنقىلار ئېيتقان «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەن گەپ شۇمىكىن ـ يا؟!

سائادەت سائەتكە قاراپ قويۇپ:

ــ ماڭىدىغانغا يەنە يېرىم سائەتتەك ۋاقىت بار ئىكەن،ــ دېدى ۋە قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ بىرنەرسىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. رابىيە بولسا ياتما ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتقىنىچە باياتىندىن بېرى ئالدىراشچىلىقىدا ۋاقىتلىق ئازاد بولغان ئازابلىق خىياللارغا يەنە ئەسىر بولۇشقا باشلىدى. ئاكىسى بىلەن گۈلپەرىنىڭ ئىشى بىر ياقلىق بولۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆمەر تېخىچىلا ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. باشتا رابىيە:

«ئۆمەرجان گۈلپەرگە ئېغىز ئېچىپ قالمىغىيتتى» دەپ قورققان بولسا، ئەمدىلىكتە «ئۆمەرجان راستلا گۈلپەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا شۇنىڭغا قېيىداپ يۈرەمدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال بىلەن يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

تىنماي بىرنەرسىلەرنى يېزىۋاتقان سائادەت تۇيۇقسىز بىر ئىشنى يادىغا ئېلىپ رابىيەگە قاراپ بىر پەس تۇرۇۋېتىپ كەتكەندىن كېيىن:

— رابىيە، ئاكىڭىز مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ شۇ، — دېدى رابىيە پەرۋاسىزلا.

— بەزى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىۋاتىدۇ، ئالىم بىرەرسى بىلەن ئارىلىشىۋاتامدۇ قانداق؟ — دەپ سورىدى سائادەت يەنە. بۇ گەپ بىلەن رابىيە سەگەكلەشتى. باشتا رابىيە راست ئىشنى دېمەكچى بولدى، لېكىن ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىش، مۇھىمى، ئالدىراپ بىرنەرسە دەپ قويۇپ تەرسا، ساراڭ مىجەز ئاكىسىدىن دەككىسىنى يەپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن:

— ياق، ئۇنداق ئىش يوقتەكقۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. مەن ئارتۇق بىرنەرسە دېمەي. لېكىن ئاكىڭىزغىلا ئەمەس، سىزگىمۇ دېگىنىم بولسۇن، خىزمەتكىمۇ چىقتىڭىز، تۇرمۇش ئىشىڭىزنى ئويلىشىدىغان يەرگىمۇ كەلدى. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىدىغان ئىشنى قىلماڭ. ئائىلىمىزنىڭ ئورنىنى،

يۈز ـ ئابرۇيىمىزنى ئويلىشىڭ. مەن مۇشۇنچىلا دەپ قوياي. بۇ گەپنى ئاكىڭىزغىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭ...

شۇ چاغدا سىرتتىن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن ماڭاي.

سائادەت ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

رابىيە ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئويلاپ ـ ئويلاپ ئويى چوڭقۇرلاشقانچە چۆچۈپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ گېپىنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق بولدى: شەھەر باشلىقىنىڭ ئائىلىسىگە ئاشۇنداق يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ قىزى كېلىن بولۇشى كېرەك! شۇنداقلا رابىيەمۇ ئاشۇنداق يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئائىلىگە كېلىن بولۇشى كېرەك!! بولمىسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزى چۈشىدۇ. رابىيەمۇ يۈز ـ ئابرۇيلۇق بولۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغان: بىرى، كاتتا ئەمەلدار بولۇش؛ يەنە بىرى، پۇلدار بولۇش.

بۇنى يادىغا ئالغان رابىيەنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى: «ئۆمەرجان ئاپام بىلەن ئاتامنىڭ شەرتىگە سۆزسىز توشىدۇ.» بۇ خىيال بىلەن خۇددى ئۆمەر بىلەن ئەتىلا تويى بولىدىغاندەك رابىيەنىڭ كۆڭلى پۇتۇنلىنىپ كەتتى، ئاندىن ئاكىسىنىڭ ئىشىنى ئويلاپ: «ئاكامنىڭ ئىشى چاتاق!» دەۋەتتى. ئەمما، بۇ خىيالنىڭ كەينىدىن قورقۇنچلۇق بىر ئوي رابىيەنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى: «گۈلپەرىلەرنىڭ ئائىلىسى ئادەتتىكى بىر

ئائىلە. گۈلپەرىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى ئاجىز، ئۇنىڭ تۇزۇك خىزمىتىمۇ يوق. قايسى جەھەتتىن بولسۇن، گۈلپەرى ئاپام بىلەن ئاتامنىڭ شەرتىگە توشمايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشقا قەتئىي قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلمىسا...» رابىيەنىڭ ئاكىسى ھەققىدىكى خىيالىنىڭ مانا مۇشۇ يېرىنىڭ داۋامى خەتەرلىك ئىدى. شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رابىيە بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى: « ئەگەر ئاتا ـ ئانام ئاكاملارنىڭ ئىشىغا قوشۇلمىسا گۈلپەرى ئەركىن ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆمەرجان قاراپ تۇرمايدۇ. ئاھ، خۇدا! بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ ياق، ئاكاملارنىڭ ئىشى بۇزۇلسا بولمىغۇدەك. ئۇنداقتا ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، رېستوراندا ناخشا ئېيتىدىغان قىزغا ئاپامنى ئۇناتقىلى بولارمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ؟ ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ توغرا، ئاكامغا دەپ گۈلپەرىنى رېستوراندا ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىش كېرەك.»

رابىيە ئويلاپ تاپقان بۇ ئويىدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ ئىشنى ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى جەزم قىلغان رابىيە بۇ گەپنى ئاكىسىغا قانداق، قاچان دېيىشنى ئويلىشىشقا باشلىدى. شۇنداق ئوي ئىچىدە تۇرغان رابىيەنىڭ ئويىغا يەنە بىر ئىش كېلىپ، ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن بۇ ئىشنى دېيىشىش ئويىنى تېزلەتتى ۋە كۈچەيتتى. بايا رابىيەدە «ئەگەر ئاكام گۈلپەرىنى رېستوراندىن قايتۇرۇپ كېلەلىسە ئۇ چاغدا ئۆمەرجان

بىلەن گۈلپەرىنىڭ كۆندە كۆرۈشۈپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولغۇدەك!» دېگەن ئوي پەيدا بولغانىدى. گەرچە گۈلپەرى ئالدىنقى ئالىمغا ماقۇل جاۋابىنى بېرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما رابىيە گۈلپەرى بىلەن ئۆمەرنىڭ كۈندە كۆرۈشۈپ، ئەھۋاللىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا يۈرىكى پۇچىلىناتتى. بۇرۇن ئۇ بۇ ئىشنى ئاكىسىغا دېيەلمەي ئىچىگە ئېلىپ ئازابلىنىپ يۈرگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئىشمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدىغان بولدى. رابىيە بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدى. ئىشق ئەھلىگە ئايانكى، كۈنداشلىق ئەڭ ئېغىر زەربە. ئۇ ئادەمنىڭ روھىنى يەپ خورىتىدۇ. چاتاق يېرى، بۇ كۈنداشلىق دېگەن ئاپەت ئىشق رەقىبىگىنىڭ كۆڭلۈگىدىكى ئادەم بىللە تۇرۇشى، ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىشى، ھەتتا بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشى تۈپەيلىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاپەتنى توسۇماق تەس. چۈنكى، سەن ئىختىيارىڭ ئەمەس ھالدا ئىشق رەقىبىگىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئىشىق پەيلىگە بۇرۇۋېلىپ ئۆزۈڭدە ئاشۇنداق چىدىماسلىق ھېس - تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىۋالىسەن. بۇ تارىختىن بۇيان ئىشق ئەھلى يېڭەلمىگەن تەبىئىي بىر ھېسسىيات. لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە بۇنداق ھېسسىيات بولمىغان ئىشقمۇ گۇمانلىق. گەپ، كۈنداشلىقنى پىنھان تۇتۇش - تۇتالماسلىقتا، يېڭىش - يېڭەلمەسلىكتە!

قارارى بىر يەرگە مۇقىملىشىپ قالغان رابىيە

ئاكىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە تاقەت قىلالماي دەرھال تېلېفون تۇۋىگە يۈگۈردى.

※ ※ ※

گۈلپەرىنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. ناخشا تېكىستى يادلاۋاتقان گۈلپەرى ئىتتىك بېرىپ ئالىم سوۋغا قىلغان كۆك رەڭلىك، چىرايلىق چاقىرغۇغا قارىدى. چاقىرغۇنى ئالىم قىلغان بولۇپ، ئېكراندا ئۇ قالدۇرغان مۇنداق خەت بار ئىدى: «مەن ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىغا بارىمەن. تېز چىقىڭ.» گۈلپەرى تاتلىق كۈلگىنىچە ئىشىك ئالدىغا چىقتى. دوقمۇشتىكى دەرەخ ئاستىدا ئالىمنىڭ تونۇشلۇق ماشىنىسى تۇراتتى. ئەمدىلا چۈشكە يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا، ھاۋانىڭ ئىسسىقى خېلىلا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان ئىدى. شۇڭا ئەتراپتا كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ گۈلپەرى ئەتراپىقا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن غىپپىدە قىلىپ ماشىنىغا چىقتى. ئالىم ماشىنىسىنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچىنى ئېچىۋەتكەن بولغاچقا ماشىنىنىڭ ئىچى سالقىن ئىدى.

— تاس قالدىم ۋاقتىدا كېلەلمەي سىزنى مۇشۇنداق ئىسسىقتا ساقلىتىپ قويغىلى، — دېدى ئالىم.

— نېمىشقا؟ — دېدى گۈلپەرى ئالىمنىڭ قولىنى مېھرى بىلەن تۇتۇپ.

— بۇ ئەتراپتا قۇرۇلۇش قىلماقچى ئىكەن. شۇنىڭ

تەييارلىقى ئۈچۈن يوللارنى توسىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئايلىنىپ كەلدىم.

— بۇ ئەتراپتا قۇرۇلۇش قىلىدىغىنى راستمىكەن؟

— راست ئىكەن. گۈللۈك يولىنىڭ ئاساسىي قىسمىدىكى بارلىق ئۆيلەرنى چېقىپ ئولتۇراق ئۆي، سودا كوچىسى قۇرىدىكەن. ھەقىقەتەن چوڭ قۇرۇلۇش ئىكەن.

— ئۇنداقتا شەھەردە چوڭ ئۆزگىرىش بولغۇدەكتە.

— بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. شۇڭا بىز ھازىر بۇ چوڭ ئىشنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى.

— نېمە ئىش؟— ھەيران بولۇپ سورىدى گۈلپەرى.

— مەن ھازىر سىزنى سۆيۈۋالماقچى.

— نېمە؟— گۈلپەرى ھودۇقتى.

— سىزنى شۇنداق سۆيۈۋالغۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ،— ئالىم شۇنداق دەپ گۈلپەرىنى قۇچاقلىماقچى بولدى.

— ئالىم، سەت بولىدۇ،— گۈلپەرى شۇنداق دەپ ئەتراپقا قارىدى.

ئەمما، ئالىم گۈلپەرىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى:

— مەن سىزگە بۇرۇنلا دېدىمغۇ، بىز سىرتنى كۆرەلىگەن بىلەن، سىرتتىكى كىشىلەر ماشىنىنىڭ ئىچىنى كۆرەلمەيدۇ دەپ.

بۇ چاغدا گۈلپەرىمۇ ئالىقاچان ئالىمنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ بولغانىدى. ئالىم گۈلپەرىنى قاتتىق سۆيدى.

گۈلپەرى سۆيۈشنىڭ شېرىنلىكىدىن تاتلىق ئىڭراپ كەتتى.

ئېشەكنىڭ قاتتىق ھاڭرىشى بىلەن ئېسىگە كەلگەن گۈلپەرى ئالىمنى ئىتتىرىۋەتتى. بۇنىڭدىن جىلە بولغان ئالىم ئىتتىكلا سىرتقا قارىدى. بىر ھاڭگا ھە دەپ سۈيدۈك پۈراپ، يەر تىرەجەپ ئاسمانغا قاراپ ھاڭراۋاتاتتى. ئىگىسى بولسا ئۇنى ماڭدۇرالماي چىۋىق بىلەن ساۋىداپ ئاۋارە ئىدى. بىر چاغدا ئۇ ھاڭگا ھاڭراشتىن توختاپ، سۈيدۈك ئۇستىگە شارىلداتقىپ سىيىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن گۈلپەرى يانغا قارىۋالدى.

بايىقى ئىتىلدىشىنى دەرھال يوشۇرىۋالغان ئالىم:

— نېمە بولدۇمكىن، بۇگۈن سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. سۆيگۈم كېلىپ تاقەت قىلالمىدىم،— دېدى.

— بۇنچە ئالدىرىمىسىڭىزمۇ كەچتە كۆرۈشسەك بولىدىغۇ،— دېدى گۈلپەرى كۆكسىنى توسۇغىنىچە. ئۇ ئالىمنىڭ بايىقى ئىشىدىن ئەمدى نومۇسلىنىۋاتاتتى.

— بىر دەملىككە يېزىغا پاختا زاۋۇتىنىڭ رېمونت ئەھۋالىنى كۆرگىلى بارماقچى ئىدۇق. كەچ بولۇپ كەتمىسۇن دېدىم. بىزنىڭ بۇ دىرېكتورغا نېمە بولدىكىن؟ يېزىلاردىكى زاۋۇتلارنى تولىمۇ چىڭ تەكشۈرۈپ كەتتىغۇ. شۇڭا بۈگۈنمۇ كەچ قالىدىغىنىمىز ئېنىق. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قېلىپ سىزنى بۈگۈن كۆرەلمەيدىغان بولسام ساراڭ بولۇپ قالغۇدەكمەن. كېلىڭە، يەنە بىر سۆيۈۋېلىپ ماڭاي.

ئالىم يەنە ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. گۇلپەرى تارتىنىش ئىچىدە كۇلۇپ ئۇنىڭغا يېپىشتى. سۆيۈپ قانغان ئالىم گۇلپەرىنىڭ يۈزىنى تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ: «تووۋا، نېمىدېگەن سۈزۈك، يېقىملىق چىراي بۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، چاقىرغۇسى سايرىدى. ئۇ قارىۋىدى، چاقىرغۇ قىلغان كىشى رابىيە بولۇپ، ئۇ مۇنداق سۆز قالدۇرغان ئىدى: «چاققان ئۆيگە كەل، مۇھىم ئىش بار.»

— رابىيە ئىكەن،— دېدى ئالىم،— «چاققان ئۆيگە كەل» دەپتۇ. شۇ تاپتا مېنىڭشقا ئالدىراۋاتسام ئۆيگە بارىدىغانغا نەدە چولا؟

ئۇلار خوشلاشتى. ئۇ ئالىمغا بارغانچە باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. دەسلەپتە ئۇ ئالىمنى قۇچاقلاشتىنمۇ قورقاتتى. ئالىم گاھىدا شېرىن - شېكەر گەپلىرى بىلەن، گاھىدا قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن، يەنە گاھىدا مەجبۇرلاپ يۈرۈپ گۇلپەرىنى بويسۇندۇردى. ئاخىرى بېرىپ گۇلپەرىنى خالىغانچە قۇچاقلىششقا، سۆيۈشۈشكە، كۆكسىنى سىلاشقا، ھەتتا مۇشۇنداق كۇندۇزلىرىمۇ ماشىنا ئىچىدىلا ئاشۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا كۆندۈرۈۋەتتى. ئەمدىلىكتە راستىنى ئېيتقاندا، گۇلپەرىنى شۇنداق ئىشلاردىن ھۇزۇر ئالىدىغان، ھۇزۇر ئىستەيدىغان قىلىۋەتتى. «ئالىم ئەجەب يامان ئىكەن. مېنى شۇنچە تېز قېلىن قىلىۋەتتى دېسە» دەپ ئويلىدى گۇلپەرى. بۇ ئوي بىلەن ئۇنىڭغا شۇ ھۇزۇرلۇق ھەرىكەتلەر يەنە داۋاملىشىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئۇنىڭ نازۇك، ئۇياتلىق

يەرلىرىدە شېرىن بىر ئىستەك ئويغىنىشقا باشلىدى. گۈلپەرى شېرىن خىيالىدىن پەيدا بولغان بۇ ھۇزۇرلۇق ئىستەكتىن ئۆزاقراق راھەتلەنمەكچى بولدى ـ يۇ، بىراق ئۇ خۇددى شۇنداق ئىش قىلىشقا ئۇلگۈرەلمەيدىغاندەك، بۇ ئىشنى بولسا باشقىلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ نومۇستىن ئۆرتىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ ئۆزىنى سەگىتكەندىن كېيىن خېلىدىن بۇيان ئۆزىنى قىيناۋاتقان ئىش ئۈستىدە ئويلاندى: ئالىم شۇ چاغقىچە گۈلپەرىگە بىرەر قېتىم توي توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايۋاتاتتى. بۇ گەرچە گۈلپەرى ئېغىزدىن چىقىرىشقىمۇ خىجىل بولىدىغان، ئويلىدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئالىم بۇنى چوقۇم دېيىشى كېرەك ئىدى. گۈلپەرى بۇ ھەقتە بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق ئويلاۋەرسە يامان ئاقىۋەتنىڭ خىيالىغا كىرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ خىيالنى يەنە ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشتى.

※ ※ ※

ھويلىدا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان رابىيە ئىشىكتىن كىرگەن ئاكىسىنى كۆرۈپ تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى. ئەمما ئالىمنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

— شۇنچە جىددىي چاقىرغۇدەك نېمە ئىشتى ئادەمنىڭ جېنىنى تىنىتىپ؟

— جېنىمنى تىنىتىپ دەۋاتقىنىنى، — دېدى رابىيە

ئاچچىقى بىلەن، — چۈشتە چاقىرغۇ قىلىپ «كەل» دېسەم، ئەمدى كەلگىنىڭ تىنىگىنىڭمۇ؟ يا تېلېفون قىلىپ قويمىدىڭ.

— بۈگۈن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، يېزىغا باردۇق. ئالدىراشلىقتا ساڭا تېلېفون قىلىپ قويۇشنىمۇ يادىمدىن چىقىرىپتىمەن.

— «ئىشىم پۈتتى، سەن بىلەن نېمە كارىم» دېگىنە.

بۇ گەپكە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىگەن ئالىم:

— ئاپاملار كەلمىگەندۇ؟ — دېدى چىرىغى ئۆچۈك تۇرغان ئۆيلەرگە قاراپ.

— ئۇلار چايغا بېرىپ كەچ قىلمىسا بىر يېرى پۈچۈلۈپ قالارمىكىن؟ چايدىن كېيىن يېزىغا بېرىپ قونۇپ كېلىمىز دەۋاتقان. ئۇلارغا ئەگىشىپ ئاتاممۇ كەتتىمۇ نېمە؟

ئالىمغا ئۇلارنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس، بەلكى يوقلۇقى مۇھىمدەك «ھە...» دەپ قويۇپ تاماكا چىقىرىپ چەكتى.

— ھە، باتناپ ئولتۇرغۇچە، نېمە ئىش؟ دېمەمسەن.

رابىيە چىرايىنى ئاچتى:

— گۈلپەرى بىلەن قانداق ئۆتۈۋاتىسىلەر؟

— ياخشى شۇ، — دېدى ئالىم ئەجەبسىنىپ.

— توي توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشمىغانسىلەر.

— نەدە تۇرغان ئىش ئۇ، — دېدى ئالىم دىققەتلىنىپ، — نېمە تۇرۇپلا بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ئەتىگەندە ئاپام بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قالدۇقچۇ.

— ھوي، ئاپامغا گۈلپەرىنىڭ گېپىنى قىلدىڭما؟!

— ياق، توي توغرۇلۇق مۇنداقلا سۆزلىشىپ قالدۇق. مەن ساڭا ئاپامنىڭ گېپىنى دەپ قويياي. كېيىن بىكار دەرد تارتىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. ئاپام سېنى «يۈز - ئابرۇيى بار، ئائىلىمىزگە باپ كېلىدىغان ئادەمنى تاپسۇن» دەيدۇ. قاراپ باقسام بۇ گەپنى ماڭىمۇ ئىشارە قىلىۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم قاپىقىنى تۈرۈپ بىرپەس ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە:

— ھە، بۇنىڭ بىلەن ماڭا نېمە دېمەكچى؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلما، — دېدى رابىيە ئېھتىيات بىلەن سۆزلەشكە تىرىشىپ، — مەن ساڭا ياخشى بولسۇن، دەپ بۇ گەپنى دەۋاتىمەن.

— ھە، سەندە ئەيىب يوق، دەۋەر.

— سەن ئاپامنىڭ گېپىگە باغلاپ ئويلاپ باق. ئەگەر گۈلپەرى رېستوراندا ناخشا ئېيتىۋەرسە ئاپام ئۇنى كېلىن قىلىشقا قوشۇلارمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارنىڭ ئاخىرى...

رابىيە سۆزىنى داۋام قىلالماي توختاپ قالدى، ئەمما گەپنىڭ مەنىسىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان ئالىم يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى.

— سېنىڭچە ئاپاملار راست قوشۇلماسمۇ؟

— مېنىڭچە قوشۇلمايدۇ. ئاپامنىڭ تەلەپپۇزى خېلى قاتتىق.

— ئەمىسە سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

رابىيە چۈشەنمەسلىك بىلەن ئالىمغا قاردى:

— مەن نېمە دېدىم؟ مەن شۇ...

— «گۈلپەرى رېستوراندا ناخشا ئېيتمىسۇن» دېدىڭغۇ؟ ئاپام بەربىر قوشۇلمايدىغان تۇرسا، گۈلپەرىنىڭ رېستوراندا ناخشا ئېيتىش - ئېيتماسلىقىنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

— گېپىمنى يامان يەرگە جورۇيدىغانلىقىڭنى بىلىۋىدىم، — دېدى رابىيە باتناپ، — بولدى، مەن دېمىگەن بولاي.

— مەن راستلا ئۇنداق ئويلىمىدىم، گەپنى باشلاپ قويغاندىكىن، ئەمدى ئاخىرىنى چىقار.

— مەن نېمىلا بولسا تىرىشىپ باقايلى دېمەكچى. ئاپام «بولدى» دېسىلا سەنمۇ «ماقۇل» دەپ تۇرمايدىغانسەن؟ شۇنىڭ بىلەن غىژ - غىژ قىلىشىدىغان ئىش چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئاپام گۈلپەرىنى «رېستوراندا ناخشا ئېيتىدىغان قىز ئىكەن» دەپ تۇرۇۋالسا تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالىدۇ، شۇڭا سەن هازىردىن باشلاپ گۈلپەرىنى رېستوراندا ناخشا ئېيتىدىغان ئىشتىن توختىتىپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ باشقا بىرەر ئىش تېپىپ بەر. شۇنداق بولسا، گۈلپەرىلەرنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىزنىڭ ئائىلىگە ماس كەلمىگىنى بىلەن، گۈلپەرىنىڭ ئۆزىنىڭ ماس كېلىدىغانلىقى ھەققىدە قورقماي گەپ قىلالايسەن.

رابىيەنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغان ئالىم قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— بۇ گېپىڭغۇ راست، مەن بۇرۇن ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىمەن. چوڭلارمۇ قىزىقلا ئويلايدىكەن.

— ئاپاملارنىڭ ئۇنداق دەيدىغانلىقى مېنىڭمۇ خىيالىمغا كىرىپ باقماپتىكەن. ئاپامنىڭ ئاغزىدىن ئۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلا قالدىم.

— سەن نېمە غەم قىلىسەن، ئۆمەر شۇنچە چوڭ لاۋبەن تۇرسا.

يوسۇفقىدە ئېيتىلغان بۇ گەپتىن رابىيە دەسلەپ ھودۇققان بولسىمۇ، سەلدىن كېيىن دىلى سۆيۈنۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ مەقسىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى:

— ئىشقىلىپ، مېنىڭ تەكلىپىم: گۈلپەرىنى دەرھال رېستوراندىن قايتۇرۇپ كەل. بولمىسا، كېيىن كېچىكىپ قېلىپ «ھەي...» دېسەڭ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

ئەمما، ئالىم يەنە ئويلىنىپ قالدى:

— بۇ ئىشقا بەك ئالدىرىمايلى. ئالدى بىلەن بىر ئورۇننى تاپاي. ئاندىن گۈلپەرىگە بۇ گەپنى دەي. بولمىسا، گۈلپەرى بىكار تۇرۇپ قالسا بېسىم بولمىسۇن.

رابىيە ئىچىدە: «ئۆزىچە كۆيۈنۈپ كەتكىنىنى بۇنىڭ، خۇددى مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەمدەك» دەپ ئويلىدى ۋە:

— شۇنداقتىمۇ ئوبدانراق ئويلىنىپ باق، — دەپ قويدى.

ئالىم ئويلىغانچە بۇ ئىشنىڭ ئۇنچىلىك ئاددىي

ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. «قارىغاندا، ئاپام بىلەن ئاتام بۇ ئىشقا ھەرگىز سەل قارىمىغۇدەك. مۇشۇنداق بولسا گۈلپەرى بىلەن بولغان بۇ ئىشىمنىڭ ئاخىرى سوغا چىلىشامدۇ نېمە؟ ئەستا! ئادەملەر نېمىشقا يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى ھەممىلا ئىشقا ئۆلچەم قىلىۋالىدىغاندۇ؟ ناۋادا ئاپام گېپىدە چىڭ تۇرىۋالسا مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ــ تولا ئويلاپ ئالىمنىڭ بېشى قېتىپ كەتتى، ــ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالغۇدەك بولسا چوقۇم بىر ئامال قىلىشىم كېرەك. ئويلاپ باقاي، ياخشىراق ئويلاپ باقاي، مەن ئاپامنىڭ گېپىگە ئەمەس، ئاپام مېنىڭ گېپىمگە كىرىدىغان ئامالدىن بىرنى تاپمىسام بولمىغۇدەك!»

※ ※ ※

«خۇنپەر، سۆيگۈ شارابىدىن مەست بولۇپ مېنى ئۇنتۇدىڭمۇ؟ قۇدرەتلىك سۆيگۈ ئوقىنى مەن تەييارلاپ بەرگەن جۇمۇ!»

ئالىم چاقىرغۇسىدىكى بۇ خەتنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. چاقىرغۇ پەرھاتتىن كەلگەنىدى. ئالىم دەرھال تېلېفون قايتۇردى:

ــ ھوي، ئاچچىقلىڭ بەك يامانغۇ؟

ــ ئالىمئاخۇن، بىزدىمۇ شېكەر بىلەن بىللە قىزىلمۇچىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىدىكەنسەن ـ ھە؟

ــ بولدى، ئاداش، گۇناھىم ئۈچۈن ھەرقانچە جازا بەرسەڭمۇ مەن تەييار.

— ئۆنداقتا ئاگاھ بول! مۆشۈ شەنبە كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم. يالغانچىلىق قىلما، ئۇنتۇپ قالغىنىڭ ئېنىق!

— ئەستا، ماۋۇ گۇينى! بولدى، قولىقىم سەندە.

— ئەمدى پەرمان: بىرىنچى، تۇغۇلغان كۈنىمنى ئۆرۈمچىدە تەبرىكلەيمىز!

— ماقۇل!

— پەرمان: ئىككىنچى، ئۆرۈمچىگە كېلىپ سىلەر ئۆتكۈزۈپ بېرىسىلەر!

— ھېساب!

— پەرمان: ئۈچىنچى، چىقىدىغانلار قويرۇقۇڭلارنى ئېلىپ چىقىسىلەر!

— پەرمانىڭنىڭ تاتلىق يېرى مۆشۇ ئىكەن.

— ئۆنداقتا شەنبە كۈنى ساقلايمەن.

ئالىم تېلېفوننى قويۇپ: «ماۋۇنىڭ گەپدانلىقىنى! بىلىملىك بولغىنى ئۈچۈن گېپىنى يەيمەن - دە ئۇنىڭ» دەپ ئويلىدى، ئاندىن بىر خۇشاللىق يۈزىگە تېپىپ چىقتى. «ئەنە، ئارتىبالىقىنىڭ — داۋانچىڭنىڭ يولىدا سالقىن، كۈچلۈك شامال گۈلپەرى ئىككىسىنىڭ چاچلىرىنى ئۇچۇرماقتا، ياق چاچلىرىنى سۆيۈشتۇرمەكتە!»

ئالىم دەرھال بۇ ئىشنىڭ پىلانىغا كىرىشتى: «بۈگۈن پەيشەنبە، ئۆگۈنلۈككە چۈشتە ماڭىمىز... كىملەرنى ئېلىۋالاي؟ يۇرۇۋاتقىنى بار، بىرەر - ئىككى كۈن ئىشنى تاشلىيالايدىغان ئاغىنىلەرنى ئېلىۋالاي. ھە،

كىم مۇۋاپىقتۇ؟ سىلىم «كۈچۈك»نى ئېلىۋالاي. ئۇرۇمچىدەك يەرلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، ئۇنداق سورۇندا قورقماي خەجلىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرۇۋاتقان قىزىمۇ پەرھات بىلەن بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا. تونۇشۇۋالسا كېيىن گۇلپەرىنى بىللە ئېلىپ چىقسامىمۇ قولايلىق، ئاندىن رېھىمنىمۇ ئېلىۋالاي. ئۇ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىغا رەسمىيلەشكەندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە چىقىپ ئويناپ كەلسەك، دەپ كەتكەن. گۇلنىسا بىلەنمۇ تازا قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئوك كەلگۇدەك. بىر ماشىنىلىقلا ئادەم بولغۇدەكمىز.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىلىمغا چاقىرغۇ قىلدى.

— هوي ئالىم، بۈگۈن چاقىرغۇ قىلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى سىلىم ئۇدۇللا. ئۇ ھېلىقى ۋاقىتتىكى «ھاراق چېچىش» ئىشىدىن كېيىن ئالىمدىن ئانچە ھېيىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— تولا توكى بار گەپ قىلمىغىنە.

ئالىمنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ سىلىم يەنىلا ئېھتىيات قىلدى:

— نېمانچە نازۇكلۇق قىلىسەن. نېمە ئىش، ئاداش؟

— مۇشۇ شەنبە پەرھاتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىكەن.

— مەن بىلىمەن.

— «بىلىمەن» دەپ كەتكىنىنى. پەرھات تۇغۇلغاندا سەن ئاپىسىنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرغانمۇ؟

— قاراپقۇ تۇرمىغان...

— ھە، شۇنى ئۈرۈمچىدە تەبرىكلەيدىكەنمىز. بارالمسەن، شۇنى دېگىنە.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېلىم خۇش بولۇپ كەتتى:

— بارىمەن، بارىمەن!

— داستىخاننى بىز سالىدىكەنمىز.

— چاتاق يوق، بۇنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي. ئۈرۈمچىدە ئىككى نوچى ئاغىنەم بار. سىلەر بىلەن تونۇشۇشنى شۇنچە دەپ كەتكەن. ئۇلار بىزنى رازى بولغۇدەك ئوينىتالايدۇ.

— بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. ئەمىسە بۇ ئىش ساڭا قالدى. ھە. راست، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھېلىقى نېمەڭگە دەپ قوي. پەرھات يۈرگەن قىزنىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار دەيدىغۇ.

— شۇنداق قىلىمىزدە، ئالىم. ئاران بىر ئۈرۈمچىگە چىققاندا خۇمارىمىزنى بېسىپ كەلمىسەك قانداق بولىدۇ؟ قاتناش بىلەن چىقىمىزمۇ ياكى ماشىنا كىرا قىلىمىزمۇ؟

— بۇ تەرىپىگە مەن بار.

— خاپا بولساڭمۇ دەي، ئاداش، ئىدارەڭلەرنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلەتسەك باشلىقىڭ خاپا بولۇپ قالماس.

— ئۇ ھازىر لەنجۇدا. بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. رېھىم بىلەن گۈلنىسانى ئېلىۋالساق، گۈلپەرى تەييارلا.

— ھوششەرە، ئۇنداقتا ئىشىمىز پۈتۈپتۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن رېھىمغا دەپ قوياي.

ئەمدىكى گەپ گۈلپەرىگە خەۋەر قىلىشتا قالغانىدى. ئالىمنىڭ ئويىچە گۈلپەرى بۇنىڭغا سۆزسىز قوشۇلاتتى.

ئالىم ئاخىر گۈلپەرى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان پۇرسەتنىڭ كەلگىنىدىن خۇش بولدى. ئۇ مۇشۇنداق بىر ئەپلىك پۇرسەتنى خېلىدىن بېرى كۈتۈۋاتاتتى. يېقىندىن بېرى ئۇلارنىڭ باشلىقى كۈندە بىر ياققا مېڭىپ ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيۋاتىدۇ. يەنە بىر ياقتىن ئەمدىلا ئىشقا چۈشكەن گۈلپەرىنى مەجبۇرىي بىر ياققا سۆرەپ ماڭاي دېسە، گۈلپەرىنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. مانا ئەمدى ئۆزىگىمۇ ياخشى پۇرسەت، گۈلپەرىمۇ رېستورانغا كونىراپ قالدى ھەمدە ئۇنى قايىل قىلىدىغانغا پەرھاتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن ئىبارەت يېتەرلىك باھانىمۇ بار.

شۇنىڭ بىلەن ئالىم گۈلپەرىگە چاقىرغۇ قىلدى.

ــ گۈلپەرى،ــ دېدى ئالىم قىزغىنلىق بىلەن،ــ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان پەرھاتنىڭ مۇشۇ شەنبە كۈنى تۇغۇلغان كۈنى ئىمىدى. ئۈرۈمچىدە تەبرىكلەش ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىكەن. بىز بىرنەچچە ئاغىنىلەرنى «ئۈرۈمچىگە كېلىڭلار» دەپ ئۈندەۋاتىدۇ.

ــ ياخشى ئىش ئىكەن. ئاغىنىلىرىڭىز سىزنى شۇنداق چوڭ كۆرىدىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن، سىزمۇ ئامال بار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ تۇرۇڭ. ئازراق ۋاقىت ئاجراتسىڭىزلا سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدىغان ئىشلارغۇ ئۇ.

— بىراق، ئۇنىڭ يەنە بىر تەلىپىمۇ بار. ئۇ سىزگە ئوخشاش قەدىردان كىشىلىرىمىزنى بىللە ئېلىپ كېلىشىمىزنى تاپىلىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرى بىرپەس جىمىپ قالدى. ئاندىن:

— ئالىم، ھازىر رېستوراندىكى ئىشلار خېلىلا ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. قوشۇمچە ناخشا ئېيتىدىغان بىر بالىمۇ بار، شۇڭا رېستورانىدىنىغۇ بىرەر كۈنلۈك رۇخسەت سورىسام بولىدۇ، لېكىن ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىدىغان ئەمدى بىر ھەپتىدەك بولدى. ئوتتۇرىدا ئۈزۈكچىلىك بولۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ جۇمۇ.

— بىرەر- ئىككى كۈنلۈك دەرسنى كېيىن بېسىپ ئۆگىنىپ تولدۇرۇۋالامسىز؟

— نېمە؟ ئۇرۇمچىدە قونىدىغان ئىشمۇ تېخى؟

— بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ. تۇغۇلغان كۈننى ئاخشىمى تەبرىكلىمىسە تازا مەززىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىم، رېھىملارنىڭمۇ يۈرۈۋاتقان قىزلىرى بار تۇرسا، نېمىدىن ئەنسىرەيسىز.

— ئۇغۇ شۇ. لېكىن، مەن...

— گۈلپەرى، مەن سىزگە شۇنچە ئىشەنچ قىلغاچقا پەرھاتقا ۋەدە بېرىپ بېتىپتىمەن. ئويلاپ بېقىڭ، ئەمدى مۇشۇنداق مۇھىم ئىشقا كەلگەندە مەن باشتا داۋراڭ سېلىپ قويۇپ، پەيتى كەلگەندە رېھىم بىلەن سېلىم

يۇرگەن قىزلىرىنى بىللە ئاپارسۇن، مەن بولسام يالغاندىن بىرنى توقۇپ يۇرەي، شۇنداقمۇ؟ ئۇبدانراق ئويلاپ بېقىڭ.

ئورۇنلۇق باھانىلەرنى ئاڭلىغان، ئالىمنىڭ ئۆزىنى شۇنداق بىللە ئاپارغۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن گۈلپەرىنىڭمۇ تۇرۇپ رايى قوزغىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ خېلىدىن بۇيان ئالىم بىلەن باشقىلاردىن قورۇنمايدىغان بىرەر يەرگە بېرىپ، ئارامخۇدا مۇڭدىشىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— بولىدۇ، ئالىم، مەن بارىدىغانغا تىرىشىپ باقاي،— دېدى.

— يۈزۈمنى قىلغىنىڭىزغا رەھمەت،— دېدى ئالىم خۇشال بولۇپ.

گۈلپەرى تۇرۇپكىنى قويدى ۋە: «ئەلۋەتتە يۈزىڭىزنى قىلىمەن - دە. چۈنكى سىزنىڭ يۈزىڭىز مېنىڭ يۈزۈم تۇرسا» دەپ ئويلىدى.

※ ※ ※

بۈرۈن شۇنداق قىزغىن، تېتىك، خۇشخۇي يۈرىدىغان ئۆمەرنىڭ يېقىندىن بۇيان بەكلا خىيالچان بولۇپ قېلىشى، كۈنبويى دىگۇدەك پەرىشان يۈرۈشى، تېخىمۇ يامىنى ھە دېسە ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قېلىشى گۈلپەرىنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى ھەمدە بىئارام قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ كېيىنچە شۇنى روشەن ھېس قىلدىكى، ئۆمەر

ئۆزىنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ. گۈلپەرى بۇنى ئېنىق بىلگەندىن باشلاپ ئۆمەرنىڭ مۇشۇنداق هالغا چۈشۈپ قېلىشىدا ئۆزىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى باردەك هېس قىلىپ، ئۆمەرگە قوشۇپ ئۆزىنىمۇ ئەيىبلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ بۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ، ئىدىيەسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆمەر بىلەن ئامال بار كۆرۈشمەيدىغانىنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇنداق بولسا ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ياردىمى بولار، دەپ ئويلايتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆمەرنىڭ يېنىغا كىرمەي ئامالى يوق ئىدى.

ئەتىسى گۈلپەرى ئىككىلىنىش ئىچىدە ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن ئۆمەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىرىڭ، ئىشىك ئوچۇق.

ئۆمەر گۈلپەرىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسىدىكى پەرىشانلىق ۋە مەجبۇرلۇق ئېنىق بىلىنىپ قالدى.

— كېلىڭ، گۈلپەرى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ياخشى. مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ياق، چارچاپ قالغان ئوخشايمەن.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلپەرى: «ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، هاراقنى ئۇنداق كۆپ ئىچمەڭ» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن ئۆمەرنىڭ بۇ گەپكە قارىتا «مۇھەببەت دەردىگە ئامال يوق ئىكەن» دېگەندەك گەپ بىلەن جاۋاب

قايتۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئۇ گەپنى دېمىدى ۋە مەقسىتىنىلا ئېيتتى:
— ئۆمەرجان، مەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ كېلەيمىكىن، دېگەن.
— ياخشى بوپتۇ. مۇھىت ئالماشتۇرۇش ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. قاچان بارىسىز؟
— ئەته بېرىپ ئۆگۈنلۈككە قايتىپ كېلىمەن.
ئۆمەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە بىرنەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ سورىدى:
— يالغۇزمۇ ياكى بىرەر دوستىڭىز بىلەنمۇ؟
گۈلپەرى يەرگە قاراپ جاۋاب بەردى:
— ئالىمنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان پەرھات دېگەن دوستىنىڭ توغۇلغان كۈنى ئىكەن. شۇنىڭغا بىرنەچچە قىز - ئوغۇل بارماقچى ئىدۇق.
شۇ ھامان ئۆمەرنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچتى. ئۇ گۈلپەرىگە بىرھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن تولىمۇ مەيۈس ئاۋاز بىلەن:
— بوپتۇ، بېرىڭ، ياخشى ئويناپ كېلىڭ، — دېدى.
گۈلپەرى ئۆمەرنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ يۈرىكى تارتىشىپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ چىرايىدىكى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان مەيۈسلۈك، پەرىشانلىق، كۈلكىسىنىڭ مىسكىنلىكى گۈلپەرىنىڭ دىلىنى ئەزدى. راستىنى ئېيتقاندا، گۈلپەرىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىرىدە ئۆمەرگە نىسبەتەن ئىسسىق بىر مېھرى بار

ئىدى. بۇ خىل تۇيغۇ ئۇلار تورتخانىدا كۆرۈشۈپ پاراڭلاشقاندا گۈلپەرىدە ئويغانغاندىن باشلاپ گۈلپەرىنى ئويغا سالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆمەرنى ئويلاپ كېتەتتى. لېكىن گۈلپەرى ئۇ تۇيغۇسىنى پىنھان تۇتۇشقا تىرىشىپ كەلدى. كېيىن گۈلپەرى ئۇ تۇيغۇسىنى ئۇنتۇشقا، ئېتىراپ قىلماسلىققا ئۇرۇندى، بىراق مۇمكىن بولمىدى. ئۇنداقتا ئۇ زادى قانداق تۇيغۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ھەققىدە ئىزدىنىشكە گۈلپەرى قورقتى، ھەتتا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇ شۇنداق تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۆمەرنى چىڭگىدە قۇچاقلىغۇسى كەلدى. ئەمما دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى، ۋۇجۇدىغا ئوت يېقىۋاتقان ھېلىقى تۇيغۇنى كونترول قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرۇشنى خالىمىدى.

— رەھمەت، ئۆمەرجان!

گۈلپەرى چىقىپ كەتتى. ئۆمەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى: «ھەي، گۈلپەرىگە بولغان ياخشى كۆرۈشۈمنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە دەپنە قىلىۋەتسەم بولغۇدەك.»

※ ※ ※

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغان جەنۇبىي قوۋۇقتا جايلاشقان داڭلىق ئۇيغۇر

رېستورانى بولغان «شاھزادە رېستورانى»نىڭ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئايرىمخانىسى قىزغىن كەيپىياتقا تولغانىدى.

سورۇندا ئالىم، رېھىم، سېلىم ۋە يۇرگەن قىزلىرى، پەرھات ۋە پەرھات باشلاپ كەلگەن چىرايلىق ئۈچ قىز، سېلىمنىڭ غۇلام، سەمى ئىسىملىك ئىككى ئاغىنىسى بار ئىدى. بۇگۈنكى سورۇننى مۇشۇ ئىككى يىگىت راسلىغانىدى.

پەرھات ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇمچىگە كەلگەنلىكىگە بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئالىمغا دەممۇدەم «رەھمەت، ئاداش» دەيتتى.

سېلىم مېھمانلارنى تونۇشتۇردى.

— دوستلار، — دېدى ئۇ مەغرۇر تەلەپپۇزدا، — ئاغىنەم غۇلام بىلەن سەمى ئورۇمچىدە تاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا مەخسۇس تاش دۇكىنى بار.

— تاش سودىسى؟ — سورىدى پەرھاتنىڭ بىر قىز ساۋاقدىشى، — قاشتاشمۇ؟

سېلىم بىرنېمە دېگۈچە سەمى ئېغىز ئاچتى:

— قاشتاش ئەمەس، غەلىتە تاش. بەلكىم سىز تازا بىلىپ كەتمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەبىئىي ھالدا غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالغان تاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىمىز. مەسىلەن، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالغان تاشلار، تاشقا ئايلىنىپ قالغان ھايۋاناتلارنىڭ باش،

موڭگۇزلىرى؛ قومۇل، گۇچۇڭ تاغلىرى بىلەن پىچاننىڭ چۆلتاغ رايونىدىن چىقىدىغان تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن دەرەخلەر دېگەندەك.

ئۇ قىز بۇ گەپكە قىزىقىپلا قالدى:

— ئۇلارنىمۇ سېتىۋالىدىغان ئادەم بارمۇ؟

— بولمامدىغان، — دېدى سەمى قىزلارنىڭ بۇ گەپ بىلەن ئۆزىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قىزىپ سۆزلەپ، — ئەمما بۇ ئادەتتىكى ۋاژ - ۋاژ سودىغا ئوخشاشمايدۇ. ئېغىر سودا. بەلكىم بىر يىلدا بىر - ئىككى قېتىم سودا قىلالىشىمىز مۇمكىن.

— هوي، بۇنىڭدا قانداق پايدا ئالالايسىز؟

— بۇ سودىنىڭ سومىمىسى بەك يۇقىرى. بۇنداق تاشلارنى ئاساسەن مۇشۇ ساھەدىكى كىشىلەر سېتىۋالىدۇ. خېرىدارى چىقىپ قالسا بەك چوڭ سودا بولۇپ كېتىدۇ لېكىن بۇنىڭغا قىزىقمايدىغان، بۇ سودىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە ئۇ تاشلارنى ئون كويغا ئال دېسىمۇ ئالماسلىقى مۇمكىن، بىراق بىلىدىغان كىشى شۇ تاشنى نەچچە تۈمەنگە ئېلىشىمۇ مۇمكىن.

— يائاللا، شۇنداق يۇقىرىمۇ؟ — ئۇ قىز قىزىپلا قالغانىدى.

— بۇ سودىنىڭ خېرىدارى چىقمىقى مۇشكۇل، شۇڭا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ئىش ياكى ئۆزىمىز ئالاقىلىشىدىغان ئىش.

— سىلەر ئۇنداق تاشنى نەدىن تاپىسىلەر؟

— ئاشۇنداق تاشلارنى ئىزدەپ تاپىدىغان كىشىلەر

بار. بەزىدە ئۆزىمىزگە ئۇچراپمۇ قالىدۇ. ئۆتكەن يىلى بىر نەچچە ئاغىنىلەر نەنسەنگە — جەنۇبىي تاغقا ئويناپ چىقتۇق. بىز ئېگىز شارقىراتمىغا بارىدىغان يول بويىدىكى تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆرۈپ باقماقچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن تاغنىڭ كەينىگە چىقساق يەنە كىچىك ـ كىچىك تاغلار كۆرۈندى. بىز قىزىقىپ مېڭىۋەردۇق. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر تاغدىن ئۆتسەك بىر پارچە يايلاق كۆرۈندى. يايلاقنىڭ بىر چېتىدە بىر كىگىز ئۆي بار ئىكەن. بارساق كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا بىر قازاق چال قامچىسىنىڭ سېپىنى ئوڭشاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىز بىراقتىكى تاغنىڭ ئەھۋالىنى سورىدۇق. ئۇ چال خۇشياقمىغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇ چال ئولتۇرغان تاشقا دىققەت قىلىپ قالدىم. يېقىن بىرىپ چاندۇرماي قارىسام ئۆزگىچىلا بىر تاش ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم جىغىدە قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز قايتىدىغان چاغدا ئۇ تاشنى ماڭا بېرىشنى ئېيتتىم. چال بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي: «نېمە قىلىسەن بۇ تاشنى؟ تاش دېسەڭ ئۇلانبايدا جىق تۇرمامدۇ» دېدى. مەنمۇ چاندۇرماي: «تاشقۇ جىق، لېكىن بۇ تاش كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قالدى» دېدىم. «بولمايدۇ، بۇ تاشنى ئاۋۇ تاقىر قالغان تاغدىن تېپىپ، بۇ يەرگە قويۇپ ئولتۇرۇۋاتقىلى قىرىق يىلدەك بولدى. ھەمراھىمغا ئوخشاش. شۇڭا بۇنى ساڭا بېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ» دېدى ئۇچال. مەن: «ئۇنداق بولسا سېتىپ بەر» دېدىم. چال: «بۇ تاشقا راستلا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قاپتۇ ـ ھە.

نەچچىگە ئالىسەن؟» دەپ سورىدى. ھەمراھلىرىم بولسا ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. مەن: «ئەللىك كوي بېرەي» دېسەم، چال: «ھازىر ئەللىك كويمۇ پۇلمۇ؟ ماڭا شۇنچە يىل ھەمراھ بولغان تاشنى ئەللىك كويغا ساتسام تويمىغۇر بولۇپ قالمايمەنمۇ؟ بولدى سەنمۇ كۆتۈرۈپ جاپا تارتمىغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيان دېيىشىپ، بۇيان دېيىشىپ ئۇ تاشنى تۆت يۈز يۈەنگە ئالدىم. تاشنى چوڭ بىر تاغارغا سېلىپ تۆتىمىز تۆت تەرەپتىن تۇتۇپ تولىمۇ مۈشكۈلدە ماشىنا بار يەرگە ئېلىپ كەلدۇق. تاشچىلىقنى چۈشەنمەيدىغان ئاغىنىلەر: «بىكار تۆرغان تاشنىمۇ شۇنچە پۇلغا ئالغان بارمۇ؟» دېيىشىپ كەتتى. مەن: «ئاپىرىپ كۆرۈپ باقاي» دەپ قويۇپ ئارتۇق چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن دۇكانغا ئاپىرىپ سىلىقلاپ كۆرسەم ئۇ تاشتا بىز كۆرۈپمۇ باقمىغان نۇرغۇن ھاشاراتلارنىڭ ئىزلىرى تۇرۇپتۇ. تاش بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تاشنى دۇكانغا قويۇپ قويدۇم. تېخى يېقىندا ئون نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر خېرىدار كېلىپ ئۇ تاشنى يەتمىش ئىككى مىڭ كويغا ئېلىپ كەتتى. تاشچىلىقتا مۇشۇنداق ئىش: تۇرۇپ قالسا بىر پۇڭغا ئالماي تۇرۇۋېرىدۇ. خېرىدارى كېلىپ قالسا چوڭ سودا بولۇپ كېتىدۇ.

سەمىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھېلىقى قىزلا ئەمەس، ھەممىسى ھەيران قالدى.

— مۇنداقمۇ سودا بولىدىكىنا، — دېدى ئۇ قىز.

ئاندىن بىر ئىشنى يادىغا ئېلىپ سەمى تەرەپكە ئورۇندۇقىنى سۇردى،— مەن كۆچا سوخۇدىن. مەھەللىمىزدە تۇرسۇن دېگەن بىر بوۋاي غازىنىڭ شەكلى چۇشۇپ قالغان بىر تاشنى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋىدى، شۇمۇ پۇلغا يارارمۇ؟

— ئەگەر تەبىئىي بولسىلا ئەكېلىۋېرىڭ.

— مەن كۆرگەن. قانداق بولۇپ شۇنداق بولۇپ قالدىكىن، شۇنداق تەبىئىي ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا ۋاقتىدا ئەكېلىڭ، مەن پۇل قىلىپ بېرەي. تەلىيىڭىز بولسا يۈز نەچچە مىڭ كوينىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىسىز.

— مېنىڭچىمۇ خېلى كۆپ پۇلغا يارىغۇدەك،— دېدى غۇلامىمۇ.

— راستىما؟ ۋاھ، بەك ياخشى بولدى. سەمى، تېلېفون نومۇرىڭىز قانچە؟ مەن ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قوياي، ئەۋەتىپ بەرسۇن. ئەتە چۇشتىن كېيىن سىزگە تېلېفون قىلسام بۇ ئىشنى ئوبدان بىر مەسلىھەت قىلىشايلى.

— بولىدۇ.

ئۇ قىزنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى.

— ئۇ ئىشنى مەخپىي رەك تۇتۇڭلار،— دېدى سېلىم،— ئەمدى سورۇنىمىزغا كېلەمدۇق. پەرھاتنىڭ كۆڭلىدە تولا تاشنىڭ گېپىنى قىلىۋېرىپ پەرھاتنىڭ يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتمىسۇن يەنە.

ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى.

— يۈرىكىم تاشتەك بولۇپ كەتكەن بولسا بەك ئوبدان بولاتتى،— دېدى پەرھات ئاۋازى تىترەپ،— شۇنداق بولغان بولسا ئازاب، دەرد دېگەنلەرنى بىلمەيلا قالاتتىم.

بۇ گەپكە ئۇلار ھەيران قالدى. پەرھاتنىڭ يېنىدىكى قىز بېشىنى تۆۋەن سېلىۋىدى، ئاندىن ئەھۋال بىر ئاز ئېنىق بولغاندەك بولدى. ئالىم مىيىقىدا كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— شاملارغا ئوت يېقىلسۇن!— دېدى سېلىم. ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى مېھمان قىلىۋاتقان بولغاچقا، سېلىم تەبئىيلا سورۇن بېشى بولۇپ قالغانىدى.

تورتقا سانجىلغان شاملارغا ئوت يېقىلدى. پەرھات ئىچىدە تىلەك تىلەپ تولىمۇ ئۇزاق تۇردى.

— ئۇنچە تىلىمىسەڭمۇ يېنىڭدا بار بولغاندىكىن، ئىككى ئېغىز گەپ قىلساڭلا بولمىدىمۇ؟— دېدى ئالىم.

— ئۇنلۇك گەپ قىلىپ ئاڭلىتالمىغاندىكىن، ئىچىدە بولسىمۇ دەۋالسۇن،— دېدى رېھىم.

بۇ گەپ بىلەن ئۇ قىز قىزىرىپ كەتتى. تورت يېيىشتىن كېيىن تاماق يېيىش ۋە ھاراق ئىچىش باشلاندى. ئاندىن لىرىك تانسا مۇزىكىسى قويۇلدى.

— خۇش بولدىڭىزمۇ؟— سورىدى ئالىم تانسا ئويناۋېتىپ. گۈلپەرى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى:

— بەك خۇش بولدۇم، ئالىم. بۈگۈن كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى.

— ئەگەر خۇش بولىدىغانلا بولسىڭىز، سىزنى باشقا يەرلەرگىمۇ ئاپىرىپ ئوينىتىمەن.

بۇ چاغدا تاشقا قىزىقىپ قالغان ھېلىقى قىز سەمى بىلەن تانسا ئويىنىغاچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ شۇنچە يېقىن ــ چاپلىشىپ دېگۇدەك تانسا ئويىنىشى گۈلپەرىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى.

ــ سەمى دېگەن باللار بەك پوچىمۇ نېمە؟ــ سورىدى گۈلپەرى.

ــ كىم بىلىدۇ؟

ــ قاراڭ، ئاۋۇ قىزنىڭ بىردەمدىلا ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇپ كەتكىنىنى.

ــ خەقنىڭ ئىچىدىكىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ بەلكىم مىجەزى كېلىشىپ قالغاندۇ؟

ــ مېنىڭچە، ئۇ تاش سودىسىدىن كىرىدىغان پۇلغا قىزىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. قىز بالا دېگەن ئۇنداق بولۇپ كەتسە ياخشى بولمايدۇ.

ــ مۇشۇ يېرىڭىز ماڭا بەك ياقىدۇ، گۈلپەرى، بايا دىققەت قىلدىڭىزمىكىن؟ پەرھات ئاۋۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق، لېكىن قارىغاندا ئۇ قىز ئۇنىمىغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ ناۋادا شۇنداق بولسا پەرھات ئۇ قىزنى بۇ سورۇنغا تازا تەستە ئەكەپتۇ ـ دە.

بۇ چاغدا پەرھات بىلەن رېھىم ھاراق ئىچىۋاتاتتى. ئالىممۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى.

ــ كېلە، پەرھات، سەن بىلەن بىر رومكا ئىچەي،ــ

دېدى ئالىم. ئۇلار رومكىنى چېقىشتۇرۇپ ئىچىشتى.

— پەرھات،— دېدى ئالىم،— بىزگە «قىزىڭلارنى ئېلىپ چىقىڭلار» دەپ قويۇپ ئۆزۈڭ ئەكەلمەپسەنغۇ؟

پەرھات بايىقى قىزنى كۆرسەتتى:

— شۇنىڭ دەردى، ئاداش. مەن بىلەن شۇنداق يېقىن ئۆتىدۇ. لېكىن... نېمىشقىكىن، تەلپىمگە ماقۇل بولمايۋاتىدۇ.

— چىرايلىق، ئەدەپلىك قىز ئىكەن. ھەرگىز بوشىشىپ قالما.

ھەممىسى نۆۋەت بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئىچىپ پەرھات بىردەمدىلا خېلىلا كەيپ بولۇپ قالدى.

— دوستلار، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار،— دېدى پەرھات،— ئالىم ئاغىنىمىزنىڭ غۇنچىسى گۈلپەرى يۇرتتا داڭقى بار ناخشىچى. ئۇ بىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسە قانداق؟

سورۇندىكىلەر چاۋاك چېلىشتى.

— تەڭكەش قىلىدىغان مۇزىكا بولمىسا،— دېدى گۈلپەرى.

پەرھات يېنىدىكى قىزنى قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— مېنىڭ گۈلۈم... مېنىڭ ساۋاقدىشىم ئايگۈل گىتارغا خېلى ئۇستا، ئايگۈل تەڭكەش قىلىپ بەرسۇن.

— قورقماي «گۈلۈم» دەۋەر. ھە، قېنى، پەرھاتنىڭ

گۈلى ئايگۈل، تەڭكەش قىلىپ بەرگەيسىز، — دېدى ئالىم مەقسەتلىك ھالدا. ئايگۈل قىزارغىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

گىتار كەلتۈرۈلدى.

— نېمە ناخشا ئېيتىسىز؟ — سورىدى ئايگۈل.

— زاھىر بۇرھانىنىڭ «ھىجران ناخشىسى» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتاي، — دېدى گۈلپەرىمۇ ئالىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ.

ئايگۈل گىتارنى چېلىشقا باشلىدى. پەرھات ئۇنىڭغا مەستانىلەرچە قاراپ ئولتۇردى. گۈلپەرى ناخشىنى باشلىدى:

بۇلۇتلار ئاراسىدىن،
ئاي چىقىپلا كۆلگەندە.
كۆڭلۈم مېنىڭ يىغلايدۇ،
يار يادىمغا كەلگەندە.

ئەجەب چاغلار ئىدى شۇ،
مەن يار بىلەن ئوينىغان.
خۇشال يايراپ باغلاردا،
دەريا بويى بويلىغان.

مۇھەببەتنىڭ تارىنى،
ئۈزدۈك يارىم مېنىڭدىن.
ئۈزۈلگەن شۇ تار ھەم
ئەجەبلەندى سېنىڭدىن.

مۇڭلىنىپ كەتكەن پەرهات:

— رەهمەت، ئايگۈل، — دېدى.

— رەهمەتنى گۈلپەرىگە ئېيت، — دېدى ئالىم. ئەمما، پەرهات بۇ گەپكە ئىنكاس قايتۇرماي ئورنىدىن تۇردى:

— مەن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر شېئىر ئوقۇماقچى.

— يارايسەن، پەرهات، — دېدى ئالىم دەرهاللا، — بۇ هەرقاچان ئايگۈلگە بېغىشلاپ يازغان شېئىرىڭدۇ؟

— بۇ شائىر ئۆمەرجان سىدىقنىڭ «بۇ شۇنداق مۇهەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب» دېگەن شېئىرى. كۆڭلۈمدىكى گەپلەر دېيىلگەن شېئىر ئاڭلاڭلار.

پەرهات كۆزىنى يۇمغىنىچە ئوقۇشقا باشلىدى:

ئۇمىدسىز كۈتەتتىم سېغىنىپ سېنى،
سەن چوقۇم كېلەتتىڭ كۈلۈپ بىر ئوماق.
قەلبىڭدىن ئەزىزلەپ سۆيەتتىڭ مېنى،
تىلىڭدا بىئىزهار ئۇ سىرىڭ بىراق.

يۈرىكىم تىترەيتتى چېكىپ ئىزتىراپ،
كۆزۈڭدە ئۈچقۇنلاپ قالغاندا كۈنلەش.
كەينىڭدىن قالاتتىم تەلمۈرۈپ قاراپ،
كېتەتتىڭ قالدۇرۇپ بىرتالاي ئۈندەش.

لېۋىڭدە ئوينايتتى ئەسەبىي كۈلكە،
ياڭرايتتى هەر جايدا سېهرىي ئاۋازىڭ.

قورقاتتىم ئىچىڭدە يۈرگەندەك تۈلكە،
شۈنچىلىك ياسالما بىلىنگەچ نازىڭ.

نەپرەتتە تەلمۈرۈپ قارايتتىم ئۇزاق،
شامالدەك ئۆتەتتىڭ يېنىمدىن مەغرۇر.
بەزىدە ياش تۆكۈپ قالاتتىڭ ئوماق،
سېزەتتىم قەلبىمدە ئالەمچە ھۇزۇر.

كۆزۈڭدە لىغىرلاپ تۇرسىمۇ قەترە،
لېۋىڭدە ئوينايتتى ئاچچىق تەبەسسۇم.
ئەۋرىشىم قامىتىڭ گوياكى ئەترە،
ۋۇجۇدۇڭ بوۋاقتەك بىغۇبار، مەسۇم.

گۈل سۈپەت بويۇڭدىن ئىزدەيتتىم ئىۋەن،
گاھىدا ئۆچلۈكۈم كىلەتتى ساڭا.
ئازابقا سالاتتىڭ، قىلمايتتىڭ ئىرەن،
پەرۋاسىز كۆز تاشلاپ قوياتتىڭ ماڭا.

بىلەتتىم دىلىڭدىن سۆيەتتىڭ مېنى،
ۋە لېكىن ئىشقىڭنى قىلمايتتىڭ ئىزھار.
مەغرۇرلۇق شۇنچە ئۇز قىلغانتى سېنى،
سەمىمىي تۇرقۇڭنى كۆرمىدىم زىنھار.

چاڭقىغان يۈرىكىم تامچىلىتار قان،
ئاھ، مېنىڭ باغرى تاش ئوماق پەرىشتەم.

قەلبىمنى ئورايدۇ ئازابلىق تۇمان،
خارلانغاچ ئالدىڭدا مىسكىن ئەقىدەم.

شېئىر تۈگىدى، لېكىن پەرھاتنىڭ ئازابلىق تۇرقىغا قاراپ ھېچكىم چاۋاك چالمىدى. ئارىنى ئېغىر جىملىق قاپلىدى. ئايگۈل بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتكەندى. بۇ جىملىقنى سېلىم بۇزدى:

— قويۇڭ، ئايگۈل، تانسا ئويىنىغاچ پەرھاتقا تەسەللى بېرىپ قويۇڭ، قاراڭ، ئۇنىڭ ئازابلىنىپ كەتكىنىنى!

سېلىمنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلىقچە ياراتمايدىغان ئالىم بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن خېلىلا خۇش بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇ باش بارمىقىنى چىقىرىپ ئۇنى ماختاپ قويدى.

پەرھات بىلەن ئايگۈل تانسا ئويناشقا باشلىدى.

— كېلىڭە، سەمى، بىزمۇ ئوينايلى،— دېدى تاشقا قىزىقىپ قالغان قىز ئورنىدىن تۇرۇپ. بۇنى كۆرگەن ئالىم: «ئىم، ئىش تۈگىدى» دەپ ئويلىدى.

تانسىدىن كېيىن سېلىم بىلەن سەمى ئىشارەت قىلىشىپ غۇلام ئۇچىسى سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىر چاغدا سېلىم ئالىمنى چاقىردى، ئالىم چىقتى. سېلىم ئۇنى ياندىكى بىر بوش ئايرىمخانىغا ئېلىپ كىردى.

— ئاداش ئالىم،— دېدى سەمى سىرلىق قاراپ،— بۇ يەردە ھاراق، قىزلاردىنمۇ ئارتۇق ھۇزۇر بېرىدىغان بىر نەرسە بار. مەن سېلىمدىن سېنىڭ نامىڭنى كۆپ ئاڭلىدىم. سەن ئاغىنىلەرنىڭ بېشى ئىكەنسەن. بىز ساڭا

ئوخشاش جىگىرى بار يىگىتلەر بىلەن دوست بولۇشقا ئامراق. ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىدىڭ، كېيىنچە كۆرەرسەن، بىزنىڭمۇ ئوقتىمىز چوڭ ئوقەت، ھېچكىمدىن قېلىشقۇچىلىقىمىز يوق.

ئالىم ئۇلارنىڭ ماختىشىدىن سەل كېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، شۇڭا ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— شۇڭا، ئاداش، سېنى ماۋۇ ئوقەتنى قىلامدۇ، دەپ چاقىرغان ئىدۇق.

سەمى شۇنداق دەپ ئىشارەت قىلىۋىدى، غۇلام يېنىدىن كىچىك مېتال قوشۇق بىلەن بىر بولاقچىنى ئالدى. ئالىم بىرلا قاراپ ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى، چۈنكى ئۇ بۇ ھەقتە ئاڭلىغان، كىنولاردا كۆرگەنىدى. شۇڭا ئالىمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— سېنى زورلىمايمىز،— دېدى غۇلام بولاقچىدىكى ئاق نەرسىنى قوشۇققا ئاۋايلاپ تۆكۈۋېتىپ،— لېكىن بۇنىڭ ھوزۇرى ئاجايىپ - تە. چەكمىگەن ئادەم بۇنى مەڭگۈ ھېس قىلالمايدۇ.

سەمى بىلەن غۇلام شۇنداق دېيىشىپ قوشۇقنىڭ ئاستىغا چاقماق چاقتى ۋە يۈزلىرىنى يېقىن قىلىۋېلىشىپ قوشۇقتىن كۆتۈرۈلگەن سۇس ئىسنى نۆۋەت بىلەن تەشنالىق ئىلكىدە سۈمۈرۈشكە باشلىدى ۋە راھەتلەنگىنىدىن «ۋاھ - ۋاھ!» دېيىشىپ كەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئالىمغا سۇنئىيدەك بىلىنىپ، سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— قانداق، تېتىپ باقامسەن؟ — سورىدى سەمى.

— بولدى، سىلەر چېكىڭلار، — دېدى ئالىم خاپا بولغىنىنى بىلىندۈرمەي.

— بىر قېتىم سىناپ باق. بىرەر قېتىمغا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى غۇلام.

— بولدى، سىنىماي، — دېدى ئالىم بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە باھانە ئىزدەپ.

— بىر سىناپ باق. ئەگەر بىز دېگەندەك ھۇزۇر بېرەلمىسە، بولدى، سېنى ئىككىنچى زورلىمايمىز، — دېدى غۇلام يەنە.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى سەمى يەنە قوشۇقنىڭ تېگىگە چاقماق چېقىشقا تەييارلىنىپ، — بىز سېنى ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى دەپ بىلىپ چاقىردۇق. مۇنداق مىسمىسلىقىڭنى بىلمەپتىمىز. نېمانچە قورقىسەن؟ مۇشۇنداق قورقۇپ يۈرۈپ قانداقمۇ ئاغىنىلەرنىڭ بېشى بولۇپ قالغانسەن؟ كېلە، بىرنى سۈمۈرۈپ باق. ھۇزۇرىدىن «يەنە بارمۇ؟» دەپ قالىسەن بىكار.

ئالىم ئاچچىقى كېلىپ بىرنەرسە دەي دەپ تۇرۇۋىدى، سېلىم ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— قورقما، ئالىم، بىر قېتىم چېكىپ باق، ئۇلار ساڭا يالغان گەپ قىلمىدى.

ئالىم سېلىمغا قايىقىنى تۇرۇپ قارىدى:

— ئەجەب سەن چەكمەيسەنغۇ؟

— مېنى چەكمىدى دەمسەن؟ — دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى سېلىم، — مەن چەككەن، سېنىڭدەك مىسلىداپ ئولتۇرمىغان.

— شۇ،— دېدى سەمى،— سېنى ئۇنداق نوچى، مۇنداق نوچى دەپ ماختىغان سېلىم «ئالە» دېيىدۇقلا، ئېلىپ چەككەن.

— ئەمىسە ھازىر چەكمەيسەنغۇ؟

— ماڭا ياراشمىدى. زورلاپ نەچچە قېتىم چېكىۋېدىم، بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ ئاخىرى قۇسۇۋەتتىم.

ئالىم سەمىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— راست،— دېدى سەمى،— بۇ ئوقەت بەزى كىشىلەرگە ياراشمايدىكەنغۇتاڭ. ياراشمىسا باش قېيىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىدۇ، قۇسىدۇ. كۆزى تورلىشىپ كېتىدىغانلارمۇ بولىدىكەن تېخى. نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم.

— شۇڭا چېكىپ باق، بولماي قالسا ساڭا زورلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

— ئالە، ئالە،— سەمى ئالىمنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇقنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

غۇلام دەرھال چاقماق چاقتى، بىراق ئالىم قوشۇقنى تۇتقانچە تۇرۇپ قالدى. ئىچىنىڭ بىر يېرىدىن: «يېقىن كەلمە، سەن خاتا قىلىۋاتىسەن!» دېگەن سادا كەلسە، يەنە بىر يېرىدىن: «نېمانچە قورقۇنچاق نېمە سەن؟ نېمەڭگە ھۆركىرەپ يۈرىسەن؟ مۇنۇ سېلىم ‹كۆچۈك› چېغىدا چېكىپتۇ. ئەمدى شۇ كۆچۈكنىڭ ئالدىدا شۇمشىيىپ تۇرامسەن؟!» دېگەن مەسخىرىلىك سادا كېلەتتى.

— چاقىان بول، زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ،— دېدى غۇلام ئۇنى ئالدىرىتىپ.

ئۇلارنىڭ دەۋىتىدىن ئالدىراپ قالغان ئالىم قوشۇقنى بۇرنىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ئىسنى سۇمۇردى.

— كۆچەپ سۇمۇر!

ئالىم كۆچەپ سۇمۇردى. ئالىم دەسلەپ بىئارام بولغاندەك بولدى.

— كۆزۈڭنى يۇم!— دېدى سەمى. ئالىم كۆزىنى يۇمدى. بىر چاغدا ئۇنىڭدىكى بىئاراملىق ئاستا - ئاستا تۈگەپ ۋۇجۇدىغا بىر شېرىن سېزىم تارىغاندەك بولدى. ئۇ بۇ سېزىمدىن راھەتلىنىپ كەتتى.

— قانداقكەن؟— سورىدى سەمى.

— بولىدىكەن،— دەۋەتتى ئالىم. سېلىم بۇنىڭدىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— يەنە بىرنى چېكەمسەن؟— سورىدى غۇلام.

— ئەمدى بولدى،— دېدى ئالىم پۇشايمان قىلىپ قالغاندەك تەلەپپۇزدا،— سورۇنغا چىقايلى.

— ئىختىيارىڭچە بولسۇن، قانداق، ئالىم ئاداش؟— دېدى سەمى قوشۇقنى يانچۇقىغا سېلىپ،— ئەمدى ئوبدان ئارىلىشىپ قالدۇق، دوست - بۇرادەر بولۇپ ئۆتەيلى.

ئۇلار سورۇنغا كىردى.

— نېمە بولدى سىزگە؟— سورىدى گۈلپەرى. ئالىم گۈلپەرىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ:

— بىردەم كۆڭۈل چۇشەندۇرۇشتۇق،— دەپ قويدى.

ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇپ كەچ سائەت ئون ئىككى بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا سورۇن تارىدى.

— هاراق ئىچىپ قويدىڭىز، تاكسى بىلەن ماڭامدۇق -

يە؟ — دېدى ماشىنىغا چىققان گۈلپەرى ئىككىلىنىپ قېلىپ.

— چاتاق يوق، بىز ياتىدىغان ياتاق يېقىنلا يەردە، — دېدى ئالىم ماشىنىنى قوزغاپ.

— باشقىلارچۇ؟ — دېدى گۈلپەرى ھەيران بولۇپ.

— ئۇلارنىڭ ئىشى باردۇ؟ ئاران كۆرۈشكەندە ئۇلارغا دەخلى قىلىپ نېمە قىلىمىز.

— ئۇنداقتا... ئىككىمىز بىر ياتاقتا ياتىمىزمۇ؟

— ھەئە.

— باشقىلار كۆرسە...

— بۇ يەردە بىزنى كىم كۆرىدۇ؟ كىم تونۇيدۇ؟

— شۇنداقتىمۇ...

— مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، گۈلپەرى. بىر ياتاقتا ياتقان بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتمايمىز.

— سەت گەپ قىلغىنىنى، — دېدى گۈلپەرى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى چىن دىلىدىن خالاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئالىمنىڭ گېپىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار بىر مېھمانخانىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدىكى ياتاققا ئورۇنلاشتى. ياتاققا كىرىپ بولغۇچە خۇددى تونۇش بىرەرى ئۇچراپ قالىدىغاندەك گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى.

ياتاققا كىرگەندىن كېيىن گۈلپەرىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن، كارىۋاتتا ئولتۇرغانچە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. گۈلپەرىنىڭ قورۇنۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئالىم

چوڭ چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارۋات بېشىدىكى چىراغنى سۇس ياندۇرۇپ قويدى، ئاندىن تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن گۈلپەرى ئاستا ـ ئاستا بۇ مۇھىتقا كۆندى.

— بۇگۈن چارچاپ قالدىڭىز ،— دېدى ئالىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋېتىپ،— ئازادە ئولتۇرۇڭ، ھاردۇقىڭىز چىقىدۇ.

گۈلپەرى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئايغىنىنى سالدى ۋە كارۋاتقا چىقىپ ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئۇيقۇڭىز كەلدىمۇ؟— سورىدى ئالىم.

— ئۇيقۇم قېچىپ كەتتىمۇ نېمە،— دېدى گۈلپەرى ئالىمنىڭ كۆيۈنۈشىدىن خۇش بولۇپ.

— مېنىڭمۇ ئۇيقۇم قېچىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولسا، بىز پاراڭلاشقاچ كەچكىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ، ئەتە مۇھىم ئىشىمىز بولمىغاندىكىن ۋاقچە ياتايلى.

ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ چاي دەملىدى ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىك سېلىنغان خالتىنى گۈلپەرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ بەردى. گۈلپەرى گازىر چاقىقاچ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى.

— شۇنداق قىلىپ ئايگۈل دېگەن قىز پەرھاتقا ئۇناپ قالدىمۇ نېمە؟— سورىدى گۈلپەرى.

— مېنىڭچە، ھازىرچە ئۇنايدىغاندەك ئەمەس.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەل بولمايدىغان نېمە ئىش باردۇ؟

— ماڭمۇ ئوتتۇرىدا توسالغۇ بولۇۋاتقان بىر ئىش باردەك بىلىنىۋاتىدۇ. ئەتە پەرھاتتىن ئېنىق سوراپ باقمىسام بولمايدۇ. ئەگەر توسالغۇ بولىدىغان ئىش بولمىسا، ئىككىسىلا بۇنداق ئازابلىنىپ يۈرگەندىن ياخشى ئۆتسىلا بولمامدۇ؟!

— شۇنداق قىلىڭە، بولمىسا ئىككىسى شۇنداق ياخشى ئۆتىدىكەن.

تېلېۋىزوردا رومانتىك بىر كىنو باشلىنىۋىدى، ئالىم زېرىكىپ ئۇيقۇسى كەلگەندەك ھېس قىلدى.

— گۈلپەرى،— دېدى ئالىم چىراغنى تېخىمۇ غۇۋا قىلىپ،— باشقىچە ئويلانماڭ. مەن سىرتقى كىيىملىرىمنى سېلىۋەتمىسەم ئارامخۇدا ئۇخلىيالمايمەن.

— مەيلىڭىزچە يېتىڭ.

— بەرىبىر سىز مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدىغان بولغاندىكىن، مۇنداق خىجىل بولۇپ يۈرمىسەممۇ بولاتتى.

«خوتۇنۇم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ گۈلپەرىنىڭ بەدىنىگە شېرىن سىيرىم تارىدى. ئالىم سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا پەقەت كالتە ئىشتىنىلا قالغانىدى. گۈلپەرى ئالىمنىڭ بەدىنىگە ئوغرىلىقچە قاراپ قويىدى. شۇ چاغدا كىنودىكى بىر جۈپ قىز - يىگىت چىڭ قۇچاقلىشىپ سۆيۈشكىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن ئالىم:

— ماۋۇلارنىڭ ئىش باشلىغىنىنى. بىزنىڭمۇ ئۇلاردىن

قالغۇچىلىكىمىز يوق، — دەپ گۈلپەرىنىڭ يېنىغا باردى. گۈلپەرى ئالىم بىلەن سۆيۈشۈپ كۆنۈپ كەتكىنى بىلەن، ئالىمنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى قۇچاقلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ سەل ھودۇقتى. بىراق، ئالىم ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇدۇل كەلگىنىچە گۈلپەرىنى قۇچاقلىدى. ئالىمنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە گۈلپەرىنىڭ قولى تېگىشى بىلەن گۈلپەرىنىڭ بەدىنى ئوت بولۇپياندى.

— جېنىم گۈلپەرى، ماڭا تېگىمىڭ، ماڭا خوتۇن بولۇڭ. مەن سىزنى ئالمىسام ياشىيالمايمەن. جېنىم گۈلپەرى، مەن راستلا چىدىيالمىدىم، بەك قىيىنىلىپ كەتتىم...

گۈلپەرى ئالىمنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈۋىدى، ئالىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ گۈلپەرىنى بېسىۋالدى...

ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئالىم كارىۋاتتا جىمىدە ياتقان گۈلپەرىگە قارىغىنىچە: «توۋا! بەدىنى نېمانچە ھۆزۈرلۇق قىزدۇ بۇ؟» دەپ ئويلاپ كەتتى.

گۈلپەرى يوتقانغا ئۆزىنى چىڭگىدە ئورىغىنىچە ھەقىقەتەن جىمىدە يېتىپ قالغان ئىدى. تاماكىسىنى چېكىپ بولغان ئالىم بىرھازا ھۆزۈرلۇق خىياللار ئىلكىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە گۈلپەرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ بېرىپ گۈلپەرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ «گۈلپەرى» دەپ چاقىرىۋىدى، گۈلپەرى ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

ئەتىسى گۈلپەرى ئورنىدىن خۇشال تۇردى.

— يىپ - يىڭنە بارمۇ؟

— نېمە قىلىسىز؟ — دېدى ئالىم ھەيران بولۇپ.
گۈلپەرى لېۋىنى ئالىمنىڭ قۇلىقىغا ئاپىرىپ ئاستا دېدى:

— ئاخشام يوپكامنىڭ تۈگمىسىنى ئۈزۈۋېتىپسىز.

ئالىم بېرىپ مۇلازىمەت ئورنىدىن يىپ - يىڭنە ئەكېلىپ، جايىدا تۇرۇپلا گۈلپەرىگە تاشلاپ بەردى.

ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئۈچ‌چاقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىنى يىگىتلەرنىڭ سۆيگۈدىكى غالىبلىق خۇشاللىقى قاپلىغانىدى.

— ئالىم، گۈلپەرى سىزنى بەك خۇش قىلىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ قارىسام شۇ تاپتا خۇشاللىقتىن قانات چىقىرىپ ئۇچقۇڭىز كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ ماشىنىنى ئاستا ھەيدەڭ، — دېدى گۈلنىسا.

— ئۇچساقمۇ سىزلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭىزلەر ئۇچۇرىدۇ.

— ئۇچۇپ يىراققا كېتىپ قالماڭ يەنە.

— ئۇچساقمۇ سىزلەر بىللە بىللە ئۇچىمىز.

رېھىم گەپكە ئارىلاشتى:

— ئالىم ئۇچساڭ ئۇچ، لېكىن ماۋۇ گۈلنىسانى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇپ ئۇچ جۇمۇ.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

بىراق، گۈلپەرى بۇ گەپلەرگە پەرۋا قىلماي ئۆز خىيالى بىلەن مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى: «مەن ئۇ ئىشنى خاتا قىلدىممۇ نېمە؟ نېمىشقا ھېسسىياتىمنى كونترول قىلالمىغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنى

يوقىتىپ قويغانىدىمەن؟ يا بۇ ئالىمغا بەك ئىشەنگەنلىكىمدىنمۇ؟ بەربىر توي قىلىمىز، دەپ ئويلىغانلىقىمدىنمۇ؟ لېكىن نېمىلا بولسا بولمايدىغان ئىش قىلىپ قويدۇم. ئادەم نېمىشقا شۇنداق ۋاقىتتا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ھېسسىياتقىلا بېرىلىدىغاندۇ؟ ھەي، بولىدىغان ئىش بەربىر بولدى. ئەمدى تويغىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. ئالىم نېمىلا دېسىمۇ ئۇنىمايمەن. بولمىسا نىكاھتىن بۇرۇن قىلغان ئىشنىڭ ھۇزۇرىدىن ئۆكۈنۈشى، پۇشايمىنى ئېغىر ئىكەن.»

گۈلپەرى ئالىمغا قارىدى. ئالىم شۇنداق قىزغىن، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭ قىلىۋاتاتتى. «ئۇ نەقەدەر خاتىرجەم ـ ھە؟ مۇشۇنداق ئادەمگە ئىشەنمەسلىككە نېمە ئامالىم؟» دەپ ئويلىدى گۈلپەرى.

گۈلپەرى شۇ تاپتا ئاخشامقى ئىش سەۋەبلىك زىددىيەتلىك خىياللارغا پاتتى. «بوپتۇ، ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرەي. ئاستا ـ ئاستا ئۇ ئىشنى ئېسىدىن ئۆچۈرۈپ، ئۇنتۇپ كېتەر. ئاخىرى ئۆزى تەلەپ قىلىدۇ. بۇرۇنقى قىزلارمۇ شۇنداقلا بولغانغۇ! لېكىن مەن گۈلپەرى بىلەن توي قىلىمەن، شۇڭا ئۇ قورقمىسىمۇ بولاتتى!» ئالىم گۈلپەرىگە پەرۋا قىلمىغاندەك ھالەتتە ئولتۇرۇپ باشقىلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقىنى بىلەن، ئاشۇنداق خىياللارنى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرۈۋاتاتتى.

— رەھمەت، دوستلار، بۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە بەك

ياخشى ئوينىدۇق، يۇرتقا بارغاندا مۇشۇ خۇشاللىقىمىز بىلەن خوشلىشايلى،ــ دېدى ئالىم.

بۇ چاغدا سېلىم مىيىقىدا كۈلۈپ: «توغرا، ئالىم، سەن بەك ياخشى ئويىنىدىڭ. ئوينايدىغان ئويۇنۇڭ ئالدىڭدا تېخى!» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

※ ※ ※

بۇ ئاخشىمى قوشئۆستەڭ جىلغىسى سەيلىگاھىدا ھايات ئۆز رەڭدارلىقى بىلەن داۋام قىلىۋاتاتتى. ئىسسىقتىن قاچقان كىشىلەر، ساپ ھاۋادىن ھۇزۇرلىنىشنى ئىستىگەنلەر، خىلۋەت، ئارامخۇدا ئولتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار كېچە ـ كۈندۈز بۇ يەرگە كېلىشەتتى. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئارزۇلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ، «پۇل تېپىشنىڭ يولى» دەپ بىلگەنلەر بۇ يەردىكى سۈيى ئەلۋەك غول ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەر خىل ئارامگاھلارنى ئېچىشقان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنىدى.

شۇ تاپتا سەيلىگاھنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چېدىر ئۆيدە ئۆمەر بىلەن رابىيە تاماق يەپ ئولتۇراتتى. بۇنداق پۇرسەتنى رابىيە ئۇزۇندىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن بولسا، ئۆمەر ئاخىرى مۇھەببەت تەقدىرىگە تەن بېرىپ، ئۆزىنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك بۇ پۇرسەتنى كۈتۈۋالغانىدى.

— ئۆمەرجان، بايا «مەنمۇ خېلى پۇل ئېلىۋالدىم» دېدىڭىز. ھەر نېمە بولسا ئۈچ ئايلىق مائاشىم ئىككىمىزگە يېتەر. ھېلىمۇ ئىدارىنىڭ يىغىپ ئۈچ ئايلىق بولغاندا بىراقلا بەرگىنى. بولمىسا، تېخىمۇ خاتىرجەم بولالماسكەنسىز، شۇڭا بۇگۇن سىزنىڭ رايىشلىق بىلەن مېھمان بولۇشىڭىزغىلا رۇخسەت.

— بولىدۇ، مەن قوشۇلدۇم، — دېدى ئۆمەر كۈلۈپ.

— ئازراق پىۋا ئىچەمسىز؟ — سورىدى رابىيە. ئۆمەر ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

— ياق، بۇگۈن سودا، رېستوران دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ سىزنىلا ئويلاپ ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق ئىچىپ باقاي، — دېدى. بۇ گەپتىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتكەن رابىيە:

— بولىدۇ، بۈگۈن سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب، — دېدى ۋە ئاق ھاراق كەلتۈردى.

ئۆمەر لىق بىر ئىستاكان ھاراق قۇيدى. رابىيە بۇنىڭغا ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمەي ئۆزىگە بىر ئىستاكان مىۋە سۈيى قۇيدى. رابىيە ئىستاكاننى قولىغا ئالدى:

— رابىيەنىڭ تۇنجى قېتىم مائاش ئالغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت رەسمىي باشلاندى!

ئۆمەر بىر ئىستاكان ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇلار ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى پاراڭلاشقاچ ئۆمەر ئاز - ئازدىن ئىچىشكە باشلىدى. رابىيە ئۆمەر بىلەن ئىككىسىنىڭ تۇنجى قېتىم

مۇشۇنداق ئولتۇرغىنىغا خۇش بولۇپ سەنئەت ئۆمەكتىكى ئىشلارنى توختىماي سۆزلىگىلى تۇردى. كېيىن بولۇشقا باشلىغان ئۆمەر رابىيەگە قارىغانچە قارىغۇسى كېلىپ كەتتى: «رابىيەمۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىدى. سۇزۇك يۈزى، ئوماقلىقى، تاتلىق ئەركىلىشى، ئۇسسۇلچىلارغا خاس زىلۋا بەدىنى... مۇشۇنداق بىر ئۇز قىز ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتسا...»

ئۆمەر رابىيەگە قارىغانچە ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بۇ قىزلار ئالدىدا ئادەتتىكىچىلا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ دەسلەپتە رابىيەگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندا بۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورققان ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھېسسىياتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

— رابىيە،— دېدى ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ،— كېلىڭە، تانسا ئوينايلى.

رابىيە گېپىنى ئۆزۈپلا خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى:

— يېنىك مۇزىكىغا ئوينايلى، ئۆمەرجان.

ئۇلار لېنتىنى تاللاپ قويدى. ئىككى كىشىلىك بۇ دۇنيادا يېنىك، تەسىرلىك مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى. ئۆمەر رابىيەنىڭ قولىنى تۇتتى. رابىيە قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئۆمەرنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلدى.

ئۆمەر گۈلپەرنى ئېسىدىن چىقىرىشقا تىرىشىپ رابىيەگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تىكىلىشىنى يېقىنچىلىققا جورۇپ چۈشەنگەن رابىيە ئۆمەرنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋالدى

ۋە: «ئاجرالماي مۇشۇنداقلا تۇرغىلى بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلاپ كەتتى.

— رابىيە، سىز نېمىدېگەن چىرايلىق،— دېدى ئۆمەر بىر چاغدا.

— چىرايلىق بولغاننىڭ نېمە پايدىسى؟— دېدى رابىيە بېشىنى كۆتۈرمەستىن شىۋىرلاپ.

— چىرايلىق بولسىڭىز كىشىلەرگە گۈزەللىك ھۇزۇرى بېرىسىز،— دېدى ئۆمەر رابىيەنىڭ چېچىنى پۇراپ. بۇنىڭدىن رابىيەنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى ۋە ئەلەملىك تەلەپپۇزدا:

— مەن باشقا كىشىلەرگە ئەمەس، سىزگىلا گۈزەللىك ھۇزۇرى بېرەلىسەملا بولدى، لېكىن سىز بۇنى خالىمايۋاتسىڭىز،— دېدى.

ئۆمەر قەدىمىنى توختاتتى ۋە رابىيەنىڭ كۆز يېشى ئەمدىلا ئىزنا سالغان يۈزىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئۆزىگە قاراتتى:

— رابىيە، مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

رابىيە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— ياخشى كۆرىمەن، ياخشى كۆرىمەن،— دېگىنىچە ئۆمەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇنىڭ لېۋىگە سۆيۈشكە باشلىدى. بۇنى كۈتمىگەن ئۆمەر نېرى - بېرىسىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي رابىيەنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭ لېۋىگە لەۋ ياقتى.

— ئۆمەرجان، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

رابىيەنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

رابىيەنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھېس قىلغان ئۆمەر رابىيەنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە سۆيدى ۋە: «مېنىڭ ئىزدىگىنىم، ماڭا تەئەللۇق سۆيگۈ، مۇھەببەتلىك تەقدىرىم مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

— رەھمەت، ئۆمەرجان، — دېدى بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن رابىيە، — مەن ئاخىرى مۇرادىمغا يەتتىم. بىلەمسىز، مەن سىزنى كۆرگەندىن باشلاپلا سىزنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. شۇڭا كېيىنچە سىزنىڭ يېنىڭىزغا كۈندە بېرىش ئۈچۈنلا ئۇسسۇل ئوينىغانىدىم. مانا مەن ھازىر شۇ قىلغانلىرىمنىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشتىم. شۇ تاپتا مەن شۇنداق خۇشال. سىزچۇ؟

— مېنىڭمۇ كۆڭلۈم پۈتۈن بولۇپ قالدى، — ئۆمەر ئۆزىنى چىن ھېسسىياتقا ئۇندەپ، — ئەمەلىيەتتە سىز بىلەن نەچچە كۆرۈشۈپلا سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغانىدى. پەقەت مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى سىزگە ئېغىز ئاچالماي كەلدىم. گەرچە ئارىدا گەپ ئوچۇق بولماي ھەم مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن...

— بولدى، ھېچنېمە دېمەڭ، — دېدى رابىيە «ئۆمەرنى قېچىپ كەتمىسۇن» دېگەندەك چىڭ قۇچاقلاپ، — ھازىر ماڭا نىسبەتەن ئىككىمىزنىڭ بىللە بولغىنىمىزلا راست. قالغان نەرسىلەرنى ئويلىغۇمۇ، باش قاتۇرغۇمۇ، ھەتتا باشقا ئىش، ئادەملەرنىڭ جاھاندا بارلىقىنى ئويلىغۇمۇ يوق. ماڭا ئىككىمىزنىڭ بىللە بولغىنىمىزلا كۇپايە.

— رابىيە، سىز ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان قىز، — دېدى ئۆمەر رابىيەنىڭ يۈرەك سۆزىدىن

تەسىرلىنىپ،ـــ مەن سىزنى بىر ئۆمۈر قەدىرلەشكە تىرىشىمەن. ياق، ۋەدە بېرىمەن.

ـــ سىز مېنىڭدىن ئايرىلمىسىڭىزلا مەن ھەممىگە رازى.

ئۆمەر رابىيەنى سۆيدى ۋە:

ـــ بىراق، رابىيە، سىز بىر ئىشنى ئويلاپ، باقتىڭىزمۇ؟ ئاتا ـ ئانىڭىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا قوشۇلارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

رابىيە شۇ ھامان ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئويلاپ ئۆمەرنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇدۇللا ئېيتتى:

ـــ سىز ئىككىمىزنىڭ ئائىلە شارائىتىمىزنى دېمەكچىمۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رابىيەنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى ۋە بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ سىز خاتىرجەم بولۇڭ. مەن بۇ تەرىپىنى بۇرۇنلا ئويلىشىپ قويغان. ئىككىمىز ئايرىلمايدىكەنمىز، ھەرقانداق ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

ئۆمەر رازىمەنلىك بىلەن رابىيەنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويدى.

ـــ لېكىن، سىز ھەر ۋاقىت ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، سىز بۇ شەھەردە ھېچكىمدىن قېلىشمايسىز، شۇنداقلا ھېچكىمنىڭ سىزنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇش سالاھىيىتىمۇ يوق.

بۇ گەپ ئۆمەرنىڭ روھىنى كۆتۈردى.
— رابىيە، مەن سىزدىن ھەقىقەتەن رازى بولدۇم،— دېدى ئۆمەر كۆڭلى ئېسسىق بولۇپ،— شۇنداقتىمۇ، مەن بىر ئىشنى دەي: يەنىلا مەن سىزنى ئويلاپ مۇنداق بىر تەكلىپ بەرمەكچى، بىز مۇناسىۋىتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرغاچ يەنە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزەيلى. شۇ ۋاقىتقىچە سىز يەنىمۇ ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ. بايا سىز دېگەندەك ئائىلە شارائىتىمىزدىكى پەرق ئىدىيەڭىزدىن ھەقىقەتەن ئۆتتىمۇ يوق، ئوبدان دەڭسەپ بېقىڭ. ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا ئىشتىن كېيىن ئەستايىدىل ئويلىنىشقا ئادەتلەنگەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئۆمەرجان؟ «مۇناسىۋىتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ھازىر بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز نەدە؟ ئەمدى بىرلەشتۇقمۇ، ھەرگىز ئايرىلىدىغان ئىش يوق.
— ئەمىسە سىز دېگەندەك بولسۇن، لېكىن سىز يەنە بىر ۋاقىت ياخشىراق ئويلىنىۋالغۇچە بۇ ئىشنى باشقىلاردىن سىر تۇتۇپ تۇرايلى.
بۇ گەپ بىلەن رابىيە پەرىشان بولۇپ قالدى ۋە بىرنەرسىنى ئويلاپ ئۆمەرگە دادىل تىكىلدى:
— ئەمىسە مەن ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن دوستلارنى يىغىپ ئىككىمىزنىڭ يۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئېلان قىلىمىز.
ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتتى.

※ ※ ※

شەھەرنىڭ خىلۋەت يېرىدىكى مېھمانخانىنىڭ ياتىقىدا ئالىم ئىچ كىيىمى بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بەدىنىنى مۇنچىنىڭ چوڭ لۆڭگىسى بىلەن چىڭگىدە ئورىۋالغان گۈلپەرى ھە دەپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتاتتى.

— بۇ يىلقى قىشقا نېمە بولغاندۇ، ئالىم؟ — دېدى گۈلپەرى سىرتقا قاراپ تۇرۇپ، — قىش كىرە - كىرمەيلا ھە دەپ قار ياغقىلى تۇردىغۇ.

— قارنىڭ كۆپ ياغقىنى خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، — دېدى ئالىم.

— خۇدايىم، شۇنداق بولسۇن.

— گۈلپەرى، شۇ خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن سىزگە بىر گەپنى دېمەكچى ئىدىم.

— نېمە گەپ؟ — دېدى گۈلپەرى بۇ گەپتىن سەل ئەجەبلىنىپ.

— مەن گەپنى ياساپ دېيىشنى ياكى بەك ئەگىتىپ دېيىشنى تازا قاملاشتۇرالمايمەن، — دېدى ئالىم كېلىپ گۈلپەرىنى قۇچاقلاپ، — شۇڭا ئۇدۇللا دەۋېرەي، سىز رېستوراندا ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ قالسىڭىز قانداق؟

گۈلپەرى بۇ گەپكە ھەيرانلا قالدى:

— نېمىشقا؟

— بۇنداق دېسەم خاپا بولماڭ ھەم خاتامۇ چۈشەنمەڭ.

مەن ئاتام بىلەن ئاپامنىڭ ئۆيىنى دەڭسەپ باقسام، ئۇلار ئۇ ئىشنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. مەن سىزگە باشقا بىر ئوبدانراق خىزمەت تېپىپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ياخشى خىزمەت قىلىشىڭىزغا ئاپامۇ قاراپ تۇرمايدۇ، شۇڭا بىر ھېسابتا سىزنىڭ رېستوراندىن توختاپ قېلىشىڭىز ياخشى ئىش بولغۇدەك.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرى تۇرۇپلا قالدى ھەمدە شۇ ھامان ئۆزى بىلەن ئالىمنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى يادىغا ئالدى: «تووۋا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان نېمىشقىمۇ بۇ تەرەپنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ بۇ ھامىنى تىلغا ئېلىنىدىغان ئىش ئىدىغۇ؟ ئەمدى ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە... ئەستا، قانداق قىلىشىم كېرەك؟ نېمە دېيىشىم كېرەك؟...» گۈلپەرىنىڭ كاللىسى گاراڭ بولۇپ قالدى، ئۇ ھەقىقەتەن گاڭگىرىدى.

— بايا دېدىمغۇ، بۇ ئىشتىن خاپا بولماڭ، بەلكى ياخشى تەرىپىنى ئويلاڭ، — دېدى ئالىم جىددىي قىلىپ. يېقىندىن بۇيان ئالىم مۇشۇنداق جىددىي گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

گۈلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى. «راست، بۇمۇغۇ ياخشى پۇرسەت ئىكەن، — دەپ ئويلىدى گۈلپەرى، — دېمىسىمۇ رېستوراندا بىر ئۆمۈر ناخشا ئېيتىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ - دە. ئەگەر ئالىم دېگەندەك بىرەر ئىدارىگە خىزمەتكە چۈشۈۋالسام، مەنمۇ ئالىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىدا ئۆزۈمنى تۆۋەن كۆرۈپ يۈرمىگۈدەكمەن...»

ئالىم خۇددى ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا:

— ئەگەر بىرەر ئىدارىگە ئورۇنلىشىۋالسىڭىز، كېيىن ئالىي مەكتەپتە بىللە ئاشۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن گۈلپەرىدىكى ئىككىلىنىشلەر تۇگەشكە باشلىدى. ئۇ ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى، لېكىن شۇ هامان بىر ئىش ئۇنىڭ يادىدىن كەچتى: ئالىم ئۇنى ئاستا - ئاستا بويسۇندۇرۇپ كەپتۇ. شۇنداق شەرم - هايالىق، يۇزى تۆۋەن قىزنى سۆيگۇ تورىغا ئىلىندۇرۇش جەريانىدا ئۆز سىزىقىغا چۈشۈرۈپ كەپتۇ. كەسىپ، قىزىقىش، ئاشىق - مەشۇقلار ئارىسىدىكى هېسسىيات بىلدۈرۈشىدىغان كىچىك ئىشلارغىچە مەيلى دەيلى. مانا ئەمدى پەردىشەپنى يىرتىپ، هازىر گۈلپەرىنى ئۇنىڭغىمۇ كۆندۈرۈپ بولاي دېدى. گۈلپەرى ئورۇمچىدىن كېلىۋېتىپ ئەمدى تويدىن بۇرۇن ئۇنداق ئىشنى قىلماسلىقنى ئۆزىگە ۋەدە بەرگەنىدى. نەدىكىنى؟ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئالىم ئۇنى دەپ - بۇنى دەپ گۈلپەرى بىلەن يەنە بىر - ئىككى قېتىم شۇ ئىشنى قىلدى. كېيىنچە گۈلپەرىمۇ بەزىدە ئۆزى خالاپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. هازىرچۇ؟ ئالىم يەنە ئورۇنلۇق سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت ئىشىنى ئۆز رايى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇلگۇردى.

تۇرۇپلا گۈلپەرىنىڭ يۇرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى: «يا ئالىم خۇپسەنلىك قىلىۋاتامدۇ؟ خۇپسەنلىك قىلسىمۇ

نېمە ئامال، ئۇ مېنى شۇنداق قەدىرلەۋاتسا؟ نېمىلا بولسا مۇشۇ ئىشىمىز چىرايلىق ئاخىرىغا چىقسىلا بولدى. ئۇ بەرىبىر باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن...»

— بولىدۇ، ئالىم، مەن ئۆمەر بىلەن سۆزلىشەي،— دېدى گۈلپەرى ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ،— لېكىن سىزمۇ خىزمەت ئىشىمغا ۋاقتىدا تۇتۇش قىلىڭ.

ئالىم كۈلدى:

— بولىدۇ، مەن ئەتىلا بۇ ئىشقا ماڭىمەن.

روھىي ھالىتى يەنە ئەسلىگە كەلگەن گۈلپەرى سىرتقا قارىدى:

— قاراڭ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قار بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن.

— يۈرۈڭ، قاردا بىردەم ئوينايلى بولمىسا.

— بولدى، ۋاقىت قىستاپ قالدى. مەن يۈيۈنۈۋېلىپ رېستورانغا بېرىپ ئاخىرقى ناخشامنى ئېيتىۋېتەي.

گۈلپەرى شۇنداق دەپ مۇنچىغا ماڭغۇدى، چاقىرغۇسى سايرىدى.

— رابىيە ئىكەن،— دېدى گۈلپەرى ۋە چاقىرغۇدا قالدۇرۇلغان خەتلەرنى ئوقۇدى: «بىر سائەتتىن كېيىن ‹خانىش تېز تاماقخانىسى›غا كەل. ناخشا ئېيتىشقا بارمىساڭمۇ بولىدۇ. يا تېلېفون قايتۇر.»

— نېمە ئىشى باردۇ ئۇنىڭ؟— دېدى ئالىم

— نېمىلا بولسا بېرىپ باقاي،— دېدى گۈلپەرى. ئۇ رابىيەنىڭ ئۆمەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسسىياتىنى بىلىپ

قالغان بولسا ئۆزىگە خاپا بولۇپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. شۇنداق بولۇپ قالسا ئېنىقكى گۇلپەرىنىڭ ئالىم بىلەن بولغان ئىشىنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرايتتى، شۇڭا ئۇ بىرىش قارارىغا كەلگەنىدى.

— بوپتۇ، بېرىپ بېقىڭ،— دېدى ئالىم،— سېلىمنىڭ ھېلىقى سەمى دېگەن دوستلىرى كەپتىكەن. مەنمۇ شۇ يەرگە باراي بولمىسا. سەت بولمىسۇن.

— ئالدىنقى ئايدىلا كەلگەنغۇ ئۇلار؟

— بىرەر ئىشى باردۇ؟— دېدى ئالىم بىرنەرسىنى يوشۇرغاندەك زورىغا سۆزلەپ،— ئۇلاردىن ئۇدۇللا «يەنە نېمىشقا كەلگەن؟» دەپ سورىغىلى بولمىغاندىكىن؟

ئۇلار خوشلاشتى.

بىر ئۆيدە سېلىم كۆرەڭلىگەن ھالدا چاقمىقىنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

— كېلىدىغان بولدىمۇ؟— سورىدى سەمى.

— سىلەرنىڭ ئىسمىڭلار چىقسا ئۇ ھازىر سۆزسىز كېلىدىغان بولۇپ كەتتى،— دېدى سېلىم.

— «ئەقىل - ھوشى خېلى جايىدا ئاداشكەن» دەپ ئويلىسام، باشچىلاپلا كىرىشىپ كەتتىغۇ بۇ ئاداش،— دېدى غۇلام.

— تېخىمۇ كىرىشسۇن، ئاندىن پۇخادىن چىقىمەن،— دېدى سېلىم.

— سەن نېمە كوي بىلەن ئۇ ئاداشنى بۇ يولغا باشلاپ قويدۇڭ، بۇنى بىلمىدىم، بىلگۈممۇ يوق، لېكىن ئۇنىڭ پۇلى بىزگە كېرەك،— دېدى سەمى خۇپسەنلىك بىلەن.

※ ※ ※

گۈلپەرى «خانىش تېز تاماقخانىسى»نىڭ ئۆزگىچە بېزەلگەن ئايرىمخانىسىغا كىرىپ رابىيەنىڭ گۈلدەك ياسانغان دوستلىرىنى، ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ دوستى باراتنى كۆردى. گۈلپەرىنى كۆرۈپ رابىيە باشقىچىلا قىزغىنلىق كۆرسەتتى:

— كېلىڭ، گۈلپەرى، مېنى تاشلاپلىۋەتتىڭىز. مەن ئىزدىمىسەملا «ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ ئەھۋال سوراپمۇ قويمايدىغان ئوخشايسىز؟ قارىغاندا، بەختلىك ئادەملەرنىڭ بەخت ئىزدەۋاتقان ئادەملەرگە دىققەت قىلىشى تەس ئوخشايدۇ.

رابىيەنىڭ بۇنچىلىك قىزغىنلىق بىلدۈرۈشى گۈلپەرىگە سەل غەلىتە بىلىندى. چۈنكى، گۈلپەرى بىلىپ تۇراتتىكى، گەرچە گۈلپەرىنىڭ ئالىم بىلەن يۈرۈۋاتقىنى ئوچۇق ئىش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن رابىيە يەنىلا گۈلپەرىگە گۇمان بىلەن قارايتتى.

— ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ — دېدى گۈلپەرى ئەدەپ بىلەن ئەھۋال سوراپ ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى.

— بايا بىلگەنسىز، — دېدى ئۆمەر، — بۈگۈن بىر مۇھىم يىغىلىش بولغاچقا، سىزنى بۈگۈن رېستورانغا بارمىسىمۇ بولىدۇ، دېيىشكەنىدۇق.

— ھەئە، ئۇقتۇم، — دېدى گۈلپەرى بېشىنى تۆۋەن

سىلىپ. گۈلپەرى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ئۆمەرنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— نېمانچە سىرلىق يىغىلىش بۇ؟— دېدى رىسالەت ئىچى پۇشۇپ.

— شۇنى دەيمەن،— دېدى مۇيەسسەرمۇ،— يا بىرەرىڭلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولمىسا.

يەنە بىر قىز چاقچاق قىلدى:

— بىزگە يىگىت تاپامسىلەر نېمە؟

— توغرا، بۈگۈن يىگىت تاپىمىز،— دېدى رابىيە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئىستاكانغا مېۋە ئىچىملىكى، يەنە بىر ئىستاكانغا ئازراق ئاق ھاراق قۇيۇپ،— كېلىڭە، ئۆمەرجان، بۇلارنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي، گەپنى ئوچۇق دەۋېتەيلى.

ئۆمەر ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر مەجبۇرلىنىۋاتقاندەك تازا ئېچىلالماي تۇراتتى.

— بۈگۈن بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان دوستلار ئارقىلىق باشقا كىشىلەرگىمۇ شۇنى جاكارلىماقچى،— دېدى رابىيە شادلىققا چۆمۈلگەن ھالدا،— بۈگۈندىن باشلاپ ئۆمەرجان بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت گۈلى پورەكلەپ ئېچىلدى!

ئولتۇرغانلار دەسلەپ رابىيەنىڭ شۇنداق دەۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ئولتۇرۇپ قېلىشتى، ئاندىن رابىيەنىڭ ئۈچ دوستى «ھوي» دېيىشىپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

— مەن شۇ ۋاقىتتىلا بىلگەن،— دېدى مۇيەسسەر،— ئېسىڭلەردە بارمۇ؟ بىزنى ئۆمەرجان تۇنجى قېتىم ئويناتقىلى ئېلىپ بارغاندا ئىككىسى تانسا ئويـنىغان بولۇپ، مۇزىكا توگىسىمۇ مەيداندا قۇچاقلىشىپ تـۇرۇپ كەتمىدىمۇ؟

رىسالەتنىڭمۇ جىم تۇرغۇسى كەلمىدى:

— رابىيەنى بىزنى نېمىشقا ئۇسسۇل ئويناشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالىدىكىن دېسەم، ئەسلىدە رېستوران ئۆزىنىڭ بولغاندىكىن سودىسىنى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىپتىكەن ـ دە.

بۇنىڭغا قاراپ بېقىپ بايا چاقچاق قىلغان قىزنىڭمۇ ئاغزى قىچىشتى:

— ئۆمەرجانمۇ چاققان ئىكەن. ئۇ يەردىن ئۇسسۇلغا سېلىپ قويۇپ، بۇياقتىن كەلتۇرۇپ بوپتۇ ئەمەسمۇ.

— ئۆمەرنى چاققان دېگىلى بولامدۇ؟— دېدى بارات،— مەن بولىدىغان بولسام، رابىيەدەك بۇنداق چىرايلىق قىز بىلەن بۇ چاغقىچە تويمۇ قىلىپ بولاتتىم.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى. رابىيە خۇددى راستتىنلا ئۆمەر بىلەن ئىككىسىنىڭ تويى بولۇۋاتقاندەك كۆڭلى خۇشلۇققا تولدى. شۇ سەۋەبلىك نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزىگە يەر تېگىدىن قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ بولۇپ كەتكەن باراتقا تۇنجى قېتىم مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— گەپ قىلىڭ، ئۆمەرجان،— دېدى مۇيەسسەر.

ئۆمەر تەستە ئېغىز مىدىرلاتتى:

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن رابىيەنى قەدىرلەپ ئۆتمەن.
— بۇرۇن قەدىرلىمەيدىغانما؟ — چېقىشتى بارات.
— ئۇ ۋاقىتتىكى قەدىرلەش بىلەن ھازىرقى قەدىرلەش ئوخشاشمايدۇ، — دېدى مۇيەسسەر.
— ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن! — رابىيە ئىستاكاندىكى ئىچىملىكنى ئىچىۋەتتى.
بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا گۈلپەرى نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ بولۇۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ غەلىتە تۇيغۇغا ھەيران قالدى.
— بارات، بىرەر رومكا بىلەن مېنى تەبرىكلىمەمسەن؟ — دېدى ئۆمەر.
— قانداق قۇيۇپ؟ — سورىدى بارات.
— ئىختىيارىڭ.
بارات ئىككى ئىستاكانغا لىققىدە ھاراق قۇيدى. بۇنى كۆرگەن رابىيە ئۇلارنى توستى:
— بۇنداق ئىچسەڭلەر بولمايدۇ.
— خۇشاللىق ئۈچۈن بولغاندىكىن، — دېدى ئۆمەر.
رابىيە بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمىدى.
ھاراق بىلەن تەڭ ئويۇنمۇ باشلاندى. ئۇلارنىڭ كەيپى تۇتقاندا مۇيەسسەر بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:
— بۈگۈنكىدەك خۇشاللىق كۈندە ئۆمەرجان بىرەر ناخشا ئېيتىپ بەرمىسە بولماس.
— بولىدۇ، — دېدى ئۆمەر تارتىنمايلا. ئۇ گىتارنى قولىغا ئېلىپ خۇددى بۇنىڭغا ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىۋالغاندەك بىر ناخشىنىڭ مۇزىكىسىغا چېلىشقا باشلىدى.

مۇڭلۇق، ھىجرانلىق ناخشا ياڭراشقا باشلىدى:

ئاسمانىمدا ئاي تۇرۇپ،
يۇلتۇز سۇرلۇك چاقنىسا،
باغ سەيلىگە چىلىلسا،
جېنىم سىزنى ئەسلىدىم.

غۇنچە ئېچىپ يۈزىنى،
بۇلبۇل ناۋا ئەتكەندە،
جانغا ئارام يەتكەندە،
يەنە سىزنى ئەسلىدىم.

ئايدىن يورۇق يۈزىڭىز،
تۇندىن قارا كۆزىڭىز،
ئەقلىم ئالغان بۇ كېچىدە،
يەنە سىزنى ئەسلىدىم.

مەيىن كەلدى شاماللار،
تاغدەك باستى خىياللار،
مەيلىم يارىم ئۇنتۇدۇڭ،
يەنە سىزنى ئەسلىدىم.

ناخشا تۈگىشى بىلەن قالغانلار چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. بىراق، رابىيەنىڭ يۈرىكى ئاغدى، گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

**图书在版编目（CIP）数据**

万事开头难：维吾尔文/吾马尔·阿布都拉著.
-乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.7
ISBN 978-7-5371-9857-8

Ⅰ.①万… Ⅱ.①吾… Ⅲ.①长篇小说-中国-当代
-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 130191 号

责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：木拉丁·阿比提

# 万事开头难（维吾尔文）

（长篇小说集）

（上册）

吾买尔·阿布都拉　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
880×1230毫米　32开本　12.875印张
2012年6月第1版　2012年6月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN 978-7-5371-9857-8　　总定价：60.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى




شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5371-9857-8

ئومومىي باھاسى: 60.00 يۈەن